غەلىبە مۇھەممەت

# ھاياتتا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان

غەلىبە مۇھەممەت، ئاسىيە تۇردى،
ئامانگۈل مامۇت

# ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان

(ھېكايىلەر)

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتجان ئابلىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان

غەلبە مۇھەممەت

[illegible] ئاپتورى: ئامىنە قۇردى

ئامانگۈل مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتجان ئابلىز

مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابدۇلھەمىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 12.25

1988 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

1989 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 3700 — 1

ISBN7 — 5373 — 0108 — 5/I·30

باھاسى: 1.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


غەلىبە مۇھەممەت

ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان ........ 3
ئۇ مېنىڭ پەرىشتەم ........ 55
چۈشىنىش ........ 81
ئازابلانغان يۈرەك ........ 91
كۆز ۋە تەبەسسۇم ........ 116
گۈلئايىم ........ 140

ئامىنە تۇردى

ئىزدىتقۇ ........ 199
شەكىلسىز سېپىل ........ 222
خوجايىننىڭ غوجىسى ........ 241
نادامەت يالدامىسى ........ 255

ئامانگۈل مامۇت

كېچىككەن سۆيگۈ ........ 273
قەبرە ئالدىدا ........ 324
كىتاب سېتىۋېلىش ........ 331
پۇشايمان ۋە ئازاب ........ 336
توي سوۋغىسى ........ 355
بىز قاچان بەختلىك بولىمىز ........ 358

# ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان

**1**

شىمر ئەلى، يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلتۇرسام — قوپسام خېتىڭىزنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي-دىغان، سىزدەك مۇناسىپ جۈپتىنىڭ بولغىنىنى بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىدىغان پەردەزنىڭ تۇساتتىن سىزدىن يۈز ئۆرۈشى تەسەۋۋۇرۇمغا زادىلا سىغماي قالدى. مەن بەكمۇ ئەپسۇسلانغان ھەم ئېچىنغان ھالدا ئۆت-كەن كۈنلەرنى ئەسلەشكە مەجبۇر بولدۇم. سىز بىل-مەيسىز، كۆپ قىزلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يىگىتلەردىن بەكمۇ يوشۇرىدۇ، قەلبى سۆيگۈ - مۇ-ھەببەتتىن زىلزىلىگە كېلىپ ۋۇجۇدىغا ئىنتىزار-لىق ئوتى تۇتاشقان تەقدىردىمۇ ئۇلار ھامان لېۋىنى چىشلەپ، كۆزىنى يەرگە ئاغدۇرۇپ، قورۇنۇپقىنا ئۆ-زىنى چەتكە تارتىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. جۈملى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىن پەردىمۇ ئالدىڭىزدا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى-
نى ئىپادىلىشكە، سىزنىڭمۇ بارلىق قىزغىنلىقلىرىڭىزمۇ-
نى ئىلغىماي قوبۇل قىلىۋېرىشكە ئاجىز ئىدى. بىر
قېتىم شۇ تۇپەيلى سىز پەردىدىن «مېنى ياخشى
كۆرمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟» دەپ رەنجىپسىز. بىچارە
بەكمۇ ئوڭايسىزلانغان ئىكەن. ياتىقىمغا كېلىپ بىر
ھازا يىغلىغان ئىدى. مەن شۇ چاغدا سىزنىڭ سور-
سوئالىڭىزنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىغان ئىدىم:

— شۇنداقراق بىر يېرى بارمۇ - يە!

— تووۋا دېگىنە، ئۇ مەن ئىزلىگەن، مەن ئار-
مان قىلغان خاراكتېر ئىگىسى، ئۇنى ياخشى كۆر-
مەسلىك گۈزەل ھاياتنى سۆيمەسلىك. گۈزەل دۇنيا-
غا ئىنتىلمەسلىك بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ — دېگەن
ئىدى ئۇ تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى قىزىل ياغلىقى
بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە
كۈلۈمسىرەپ.

ئەنە شۇنداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە پەردىنىڭ
ئاينىپ كېتىشىنى مەن كۆڭلۈمگە سىغدۇرۇپ كېتە-
لەيتتىممۇ؟

سىز خېتىڭىزدە: «پەردە مەن تەسەۋۋۇر قىل-
غاندەك قىز ئەمەسكەن. ھازىر ئۇنىڭ نامىنى تىلغا
ئېلىشتىنمۇ يىرگىنىمەن، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا، ماڭا
يازغان خەتلىرىدە ئۆزىنى ۋاپادار، ساداقەتمەن قى-
لىپ كۆرسەتكەن، مەنمۇ ھەم شۇنداقلىقىغا ئىشەنگەن
ئىكەنمەن، خاتالىشىپتىمەن، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن

قارا يۈز چىقىپ قالدى. مۇھەببىتىمنى ئاياغ ئاستى قىلىپ يۈرىكىمگە ئۆچمەس ئازاب ئوتى سالدى. ئۇ مۇھەببەتنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان تەلۋە ئىكەن. ئۇ ۋەدىسىنى، مېنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئىپلاسلارچە بولغاپتۇ. بىلەمسىز زۆھرە، مەن سۆيگەن، مېنى پاكلىقى ۋە روھى گۈزەللىكى بىلەن لال قىلغان پەرىدە ئاللىقاچان ئۆلۈپتۇ.» دەپ يېزىپسىز، بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ:

«بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە كايىپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ھەيرانلىقتىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي خەتنى غىجىملىغىنىمچە ئەسلىدىكى ئورنۇمغا بېرىپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. سىز بىلەن مەن ۋە ئەل ئىشەنگەن پەرىدىنىڭ بۇنداق ئىپلاسلىقلارنى قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە؟ مەن ئازابلاندىم، غەزەپلەندىم. ئەگەر ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا نېمىلەرنى دېۋەتكەن بولاتتىمكىن - تاڭ. مەن ئۇنىڭغا دەرھال خەت يازدىم. بىرەر مىنۇت كېچىكتۈرۈشكىمۇ تاقىتىم يوق ئىدى. ئەمما يازغان خېتىم خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك سادىسىز قالدى. يەنە يازدىم، جاۋاب كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ غەزىپىمنى قەلەم ئۇچىغا يىغىپ قايتا - قايتا يېزىۋەردىم، ئاخىر ئۇنىڭدىن خەت كەلدى. خەتتىكى مەزمۇنلارغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەدى. ئىچ ئاغرىقى باغرىمنى كۆيدۈردى. مەن پەرىدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گە، سىزگە ئوخشاش ئازابلاندىم. شۇ كېچىسى كۆزۈم-
گە زادىلا ئۇيقا كەلمىدى. ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغ-
لىدىم. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەتتى. دوستلار ئارا
سىزنىڭ كېپىڭىز بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ،
يۈزىنى شەپەق قىزىللىقى قاپلاپ تېنىگە سىغماي
قالاتتى. سىز توغرىلىق سۆزلەپ بېرىش بولسا ئۇنىڭ
ئۈچۈن لەززەت ئىدى. ئەجەب - ھە؟ ئۇنىڭغا تەق-
دىرنىڭ كۆزى تەگكەن چېغى. شىر ئەلى، مەن پەر-
دەنىڭ سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىغا، سىزنىڭ غۇرۇ-
رىڭىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ئۆزىنى بۇلغىشىغا ئۆ-
زۈمنى ئىشەندۈرەلمەي ئازابلانغان ئىدىم. ئىشىنىڭ
ھەقىقەتمۇ پەردەنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلدۈ-
رۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلمىدى، پە-
ردەنىڭ ۋۇجۇدى ئۇنداق ھۆجەيرىنىڭ ئېغىرلىقىنى
كۆتۈرەلمەيدۇ، ئۇ ھېلىمۇ سىزنى سۆيىدۇ. پەردەنى
ئەينەن چۈشىنىش ئۈچۈن، بار ئەھۋالنى تەپسىلىي
بىلىشىڭىز زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭا
يازغان خېتىنى بۇ خېتىمگە قوشۇپ سىزگە ئەۋەتتىم.
مېنىڭچە ئورتاق غايە ۋە ئارزۇ - ئارمان مۇ-
ھەببەتنى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان
پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق، ھەقىقىي مۇھەببەت مە-
نىۋى ئورتاقلىق ۋە بىرلىكلىكتە. ئۇنىڭ مەزمۇنى
بەكمۇ مول. سىزنىڭ بۇ نۇقتىلارنى ھەددىنىمۇ ياخشى
چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ۋە يولۇققان مەسىلىلەرنى پاك
روھنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىدىغانلىق-

قەغەزغا ئىشىنىمەن.

شىر ئەلى، بەخت ھامان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە يار بولىدۇ. قۇياش پارلاپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇپۇققا قارايلى، زەر قۇياشقا قارايلى، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا گويا كائىنات دۇنياسىدىن كۆڭلى قېلىپ ھەممىدىن بىزار بولغاندەك ئۆزىنى تاغ كەينىگە — دالدىغا ئالغان ئىدى. بۈگۈن كائىناتقا تۈنۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەلرەك تۈس بېرىپ، تېخىمۇ نۇرلانغان ھالدا كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئەنە، تاڭ قۇياشى...

زۆھرەدىن

2

زۆھرە، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئالدىمدا بۇندىن بۇرۇن ئەۋەتكەن نەچچە پارچە خېتىڭمۇ تۇرۇپتۇ. بۇلار ھەسرەتلىك ئويۇمغا، ئازابلىق ئەسلىمىلىرىمگە. قەھرلىك يىغامغا سەۋەب بولدى. خەتلىرىڭنى باشتىن - ئاخىر جاۋابسىز قالدۇرۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، بىراق ئەمدى ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى سېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن خەت يېزىۋاتقىنىڭنى چۈشىنىمەن. سەن ئېچىنىدىڭ — خار بولغان مۇھەببەت ئۈچۈن ئېچىنىدىڭ. سەن نەپرەتلەنىدىڭ — يەردە قالغان ۋەدەم ئۈچۈن نەپرەتلەنىدىڭ. سەن چىدىمىدىڭ — شىر ئەلى بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى بەرپا قىلغان گۈزەل باغنى كۆزۈڭچىلا جۇت

ناپلاپ كېتىشكە چىدىمىدىڭ. سەن ھەيران قالدىڭ، —
مەندىن سەن تەسەۋۋۇر قىلمىغان، ماڭا، مېنىڭ
خاراكتېرىمگە پۈتۈنلەي يات، باشقىچە بىر پەردىنى
كۆرۈپ ھەيران قالدىڭ. ئامال قانچە زۆرۈر. جاھان-
دىكى ئىشلار، تەقدىر قاچانمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىرادى-
سىگە باققان؟

خەتلىرىڭنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا دەسلەپ ماڭا
نەپرەت بىلەن ئالايغان، ئاندىن ئاستا - ئاستا سو-
راقلاۋاتقان، ئىلتىجا قىلىۋاتقان، يېلىنىۋاتقان كۆز-
لىرىڭنى كۆرىمەن. دوستلۇق ھۆرمىتىمدىن، قەدىناسلىق
مەجبۇرىيىتىمدىن تىزرۈپ مەن ۋە مېنىڭ مۇھەببىتىم
ئۈچۈن سەكپارە بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن. سەن
مەندىن ھېچنېمە توغرىلىق سورىماسلىقىڭ، يېزىشىمنى،
يازغاندىمۇ بىرەر بىر ئىزاھلاپ ئۆتۈشۈمنى تەلەپ
قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. مېنى نېمانچە قىينايسەن-
كىن - تاڭ. «شىر ئەلنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇرۇن ھېس
قىلالمىغان بىرەر يېتەرسىز تەرەپىنى سەزگەن ئوخشى-
مامسەن؟ دەرۋەقە مۇھەببەت بەزىدە ئادەمنىڭ كۆ-
زىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپمۇ قويىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ
نۇقسانلىرى دەسلەپتە ھەتتا شۇنداق بولۇشقا تېگىش-
لىكتەكمۇ كۆرۈنىدۇ. بىراق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئا-
دەم تىرناقتىن كىر ئىزلەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.
بەلكىم سەندىمۇ شۇنداقراق ھېسسىيات پەيدا بول-
غان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
قانداق چۈشىنىشكە بولاتتى. بىراق شىر ئەلنى مەن

چۈشەنمەيمەن. سەن ئۇنىڭغا ئادىل باھا بەرمەيۋاتقانسەنمۇ؟ بولمىسا ئۇ سېنى رەنجىتكىدەك ھېچ ئىش قىلمىغان. سېنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغۇ؟» دەپ يازغىنىڭ نېمىسى؟ نېمە دېسەم بولار، بۇ جۈملىلەرنىڭ مېنى گويا تىكەندە ئولتۇرۇۋاتقاندەك ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. راست، مەن شىر ئەلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تۇيۇقسىزلا، چورتلا ئۈزۈپ قويدۇم. بۇنىڭ سىرىنى كىمدەي، كىمگە تولۇقى بىلەن ئېيتاي؟ كېسەل بولۇپ باقمىغان ئادەم ئۇستا تېۋىپ بولالمايدۇ. يىراق - يېقىننى مېڭىپ كۆرگەن، ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىپ كۆرگەن بىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى زېدىنى، ئۇ پەيدا قىلغان زەردابنى كۆرەلەرسەنمۇ زۆھرە؟ سەن بېشىڭدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن، تۇرمۇشقا، رېئاللىققا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە. شۇ تاپتا دېمەي دېسەم دىلىمنىڭ، دەي دېسەم تىلىمنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنسەڭ ئىدىڭ كاشكى؟! ئالدىمدا يېيىلىپ ياتقان خەتلىرىڭنى يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدىكى مېنى چوقۇم يېڭىشقا ئۈندەۋاتقان سوراق بەلگىلىرىنى قارىمايمىدىڭخان. زۆھرە، سەن مېنى راستىنلا بىر «ئۇچمە كۆڭۈل، ۋاپاسىز» دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال بولۇپ كەتمەمسىز؟

شۇڭا يازاي، دەردىمنى ساڭا تۆكەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىر ئەلىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قى-
لىپ يازغان خېتى قولۇمغا تۇنجى تەگكەن كۈنى مەن
ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر سېزىم تۈپەيلى
ئىزتىراپ چەككەن ئىدىم. يۈرىكىم خۇددى تىرناققا
ئالغان سىمابتەك لىغىلدىماقتا ئىدى. لەۋدە بەخت
تەبەسسۇمى، قارىچۇقتا ۋىسال پەيتىدە چاقنايدىغان
نۇر، چاناقتا جۇدالىق پەيتىدىكى ياش، بىر قىزنىڭ
ئىنتىلىش، بىر نازلىق تارتىنىش، شادلىق، ھودۇقۇش،
بۇ ھېسسىياتلار نەقەدەر ئۆزگىچە شېرىنلىكتە ئىكەن-ھە؟
مەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇپ كېتەلەر-
مەنمۇ؟ مەن بۈگۈن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم قەلبىم
سۆيگەن يىگىت بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن چىقىشقا
تەييارلىق قىلدىم. قولياغلىقىمنى ئاۋايلاپ دەزماللى-
دىم، ئەڭ يارىشىملىق كۆڭلىكىمنى تاللاپ كىيدىم،
ئۆزۈمگە ئەڭ خۇش پۇراق ئەتىردىن سەپتىم. چېچىمنى
كۆكۈل قويۇپ تارىدىم، ۋەدىلەشكەن ۋاقىت توشقان
ئىدى. مەن ماڭماقچى بولۇپ تەمشەلدىم-يۇ ئەينەك
ئالدىغا كېلىپ قىزىرىپ ھارارەت چىقىرىۋاتقان مەڭ-
زىمنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم - دە بىردىنلا
تەمتىرەپ قالدىم. ياتاقتىن چىقىشقا، ئۇنىڭغا كۆرۈ-
نۈشكە، كۆزۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە سەپسې-
لىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇچرىتىشقا قۇربىم يەتمەيدىغان-
دەك بىلىندى. مەن سائىتىمگە قارىدىم، ئولتۇردۇم،
تۇردۇم، ئىشىككە باردىم، يەنە كەينىمگە ياندىم...
كەچ كىردى، ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتتى. مەن شۇ

چاغدىلا ھېچنەرسىگە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. شۇ كۈنى قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

بىر چاغدا شىر ئەلىنىڭ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتۇلدۇرۇش ئۈستىدە ياتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ مېنىڭ قولۇمدىن مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلىغان نەچچە پىيالە چاي پەتنۇس بىلە- چۈشۈپ كەتتى. مەن ئىشىككە قاراپ ئېتىلدىم. بويى توختىماي يۈگۈردۈم، پۈتۈن بەدىنىمدىن تەر تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن شۇنچە كۈچە يۈگۈرسەممۇ يولۇم ھېچ ئاۋۇمايۋاتقاندەك، بىر قەدە ئالدىمغا چامدىسام ئىككى قەدەم كەينىمگە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەمما توختىماي بار كۈچۈم بىلە ئالغا ئىنتىلىپ كېتىۋاتاتتىم. دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە تىن ئالغۇدەك ھالىم قالمىغان ئىدى. مەن ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپلا كارىۋاتتا ئۇزۇلۇپ ياتقان ئۈستى ئاق خەسە بىلەن يېپىپ قويۇلغان جەسەتنى كۆردۈم.

«شىر ئەلى» دېدى بىرسى ماڭا ئۇنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ.

— ئاھ شىر ئەلى، شىر ئەلى! — مەن بار ئاۋازىم بىلەن ساراڭلارچە چىرقىرىغان پېتى بېرىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندىم، — ئەمدى سېنىسىز قانداق ياشايمەن؟

شۇ چاغ بىرسى مۈرەمدىن ئاستا تارتتى. چۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈش ئويغانسام سەن بېشىمدا تۇرۇپسەن. ئېسىڭدىدۇ، مەن گەپ قىلالماستىن ساڭا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم. مەن شۇ چاغدا شىر ئەلىدىن راستىنلا ئايرىلىپ قالغاندەك ۋۇجۇدۇمنى قاماللىۋالغان ئەلەمگە، يۈرىكىمنى قاقشىتىۋاتقان ئازابقا چىدىيالماي قالغان ئىدىم. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلىدىم. مېنىڭ بۇ ھەسرەتلىك يىغام شۇ چاغدا سېنىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىدى. بۇنىڭ پەقەت بىر چۈش ئىكەنلىكىنى ئەسكە كەلتۈرۈش كۆڭۈلنى نەقەدەر يېنىكلىتىدۇ - ھە؟ راستىنى ئېيتسام بۇ مەن ئۈچۈن بىر بەختلىك ئويغىنىش ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېگەن ئىدىڭ سەن مېنى يىغىدىن توختىتىشقا تىرىشىپ مۈرەمدىن يېنىك قۇچاقلاپ، — ئۆزۈڭنى بىھۇدە قىينىماسلىق بولاتتى.

راست ئېيتقان ئىدىڭ. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىينىغان ئىدىم. ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، مەندە ئۇنىڭسىز ياشاش قۇدرىتى تۈگىگەن ئىكەن. چۈنكى مېنىڭ شىر ئەلىگە بولغان مۇھەببىتىم ئاللىقاچان يۈرىكىم قاتلاملىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرگەن ئىدى. ئۇنى قانداقمۇ كۆللەپ ياشناشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكتىن توسقىلى بولسۇن.

شۇندىن كېيىن بۇ چۈشنى ئويلىسام يۈرىكىمگە قورقۇنچ كىرىدىپ، ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ، قولۇم ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى بىرەر

كۈن كۆرمىسەم كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي ھەمراھ بولغۇم، ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغۇم كېلەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى تەڭداشسىز بەخت ئىگىسى ھېسابلىدىم. ھايات مەن ئۈچۈن ئاجايىپ گۈزەل، كىشىلىك تۇرمۇش شۇنداق كۆڭۈللۈك بىلىنەتتىكى كۈن بويى ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالمىغاندەك قىن - قىنىمغا سىغماي كۈلۈپ يۈرەتتىم. بۇ خۇشاللىقىمنىڭ مەنبەسى مۇھەببەت ئىدى. مەندىكى بۇ مۇھەببەتنى شىر ئەلىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى تۇغقان ئىدى. مەن ئۇنى سېغىنغان چاغلىرىمدا يېگىنىم ئاش بولماي، مۇڭزارلىق ناخشىدىن كەيىپ بولغانىدەك كۆزلىرىمنى يىراقلارغا تىكىپ قالاتتىم. چۈنكى مېنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم، يۈز ئېچىپ سۆيگىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟

خېتىڭنى ئوقۇپ بولۇپ ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيدىن چىقتىم. بۇ چاغدا ماگىزىن لاپاسلىرى ئاستىدا دۈگدىيىپ تۇرغان بىرنەچچە يەلەننى ھېسابقا ئالمىغاندا كوچىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما كىشىلەرنى ئۆي - ئۆيلىرىگە قاچۇرغان يامغۇر ۋە شاماللىنى قوردىغۇدەك سوغۇق گويا نېرۋىلىرىم ئۆلگەندەك ماڭا تەسىر قىلالمايۋاتاتتى. مەن كوچىدا ئۆستەڭ ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان سۇنى شالاقشىتىپ كېچىپ، ئالدىرىماي مېڭىپ، ئۇدۇل جەنۇبىي باغچىسىغا باردىم. يامغۇر دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىيالار

يۈزىنى يۇيۇپ ياشارتىۋېتىپتۇ. مەن قەدىمىمنى بارغانچە ئاستىلىتىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. ئەمما ئادەمدىن پۈتۈنلەي خالىي قالغان بۇ باغچا ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە ئانچە يىراقنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن بۇ پۇرسەتتە باھار كۈنلىرىنىڭ نامازشاملىرىدا شىر ئەلى بىلەن دەرەخلەر ئارىسىدىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ ماراۋاتقان ھىلال ئايىنى تاماشا قىلغاچ، كۆڭۈلنى مەست قىلغۇچى خۇش بۇي ھىدىتىن ھۇزۇرلىنىپ ئايلانغان يوللارنى ئارىلىدىم. تولۇن ئايلىق كېچىدە ئۈنىڭ بىلەن مۇڭدەپ ئولتۇرۇپ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىشقان ئورۇندا ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا تۈنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا مېنى دالدىلىغان ئاشۇ بىر تۈپ تېرەكنى تېپىپ، شۇ چاغدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قوۋزىقىنى تاتىلاپ ئويۇۋەتكەن ئورۇننى سىلىدىم. ئىسسىق يېشىم يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ ئاقتى. ئاھ! بۇ مېنىڭ تۈنجى سۆيگۈم، يۈرىكىمدىكى ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىمنىڭ جەۋھىرى ئەمەسمىدى؟

ئۈنىڭ شۇ چاغدىكى شىۋىرلاشلىرى، خۇشال كۈلكىلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتىدىن جاراڭلىغاندەك بولدى. مەن شۇئان ئەتراپىمغا قاراپ نېمىنىدۇر ئىزلىدىم. بىراق يەنە شۇ گۈل - گىيا، دەل - دەرەخ، ئاسفالت يول ھەم ياپراقلارغا تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر، ئىنس - جىنسىز قالغان باغ.

ئاھ زۆھرە، تەقدىر مېنى راستىنلا ئالدىدى. چۈنكى

ئۇ مېنى مەن ئارمان قىلغان ئىنسانىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا مەندىكى بارلىق سۆيگۈ سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. مېنى ھەتتا ياشاشقىمۇ پېتىنالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. تەقدىرنىڭ سىرى شۇ بولسا ـ ھە؟ زۆھرە، ياشلىقىنى مەڭگۈ قوغلاپ يەتكىلى بولمىغاندەك مېنىڭ قىزلىق غۇرۇر ئىپتىخارىممۇ مەڭگۈ قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىلگە قاراپ ئۇزاپ كەتتى.

زۆھرە، زىلەيگە قولداش بولغانلىقىم، شۇ كۈنى شىر ئەلىنىڭ كېلەلمىگەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟ جان ـ جىگە دوستۇمنىڭ ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم بولىدىغا قىزلىق تويىدا ماڭا ئىشەنچ بىلەن يۈكلىگەن قوداشلىق ۋەزىپىسىنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىمنىڭ بېرىچە ياخشىراق ئادا قىلىشىم كېرەك ئىدى شۇڭا دوستۇمغا ھەمراھ بولۇپ ئاخىرغىچە ئولتۇردۇ، بۆلى پەقەت زىلەينىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا قىلدىم دېسەم بولىدۇ. مېھمانلار تارىغاندىن كېيىن ئىككى قىز زىلەينى ھۇجرىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ئەڭ ئارقىدا قالدۇق.

— يۈر، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قال، — دېدى بىللە قايتقان دوستۇم بىلىكىمدىن تارتىپ.

قونۇپ قالغانمۇ بولاتتىم، بىراق بۈنداق كەچ قېلىشىمنى بىلمىگەچكە ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ قويمىغانكەنمەن. ئەگەر قايتىپ بارمىسام ئاپام كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. شۇڭا قورقۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ تۇرسىمۇ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن بايىقى دوستۇمدىن ئايرىلىپ نەچچە قەدەم ماڭ-
ماڭمايلا يېنىمدا بىرسى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا
بولۇپ قالدى. بىز كىم دېمەمسەن؟ ئۇ ھېلىقى شاللاق
مىجەز مىجىت ئىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا پۈتۈن بە-
دىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى.

— سىزنى چوقۇم مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ دەپ ئوي-
لىغان ئىدىم، — دېدى ئۇ ماڭا يانداپ كېلىپ، — ئاپې-
رىپ قويايمۇ؟

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ. مەن چەتنەپ ئۆ-
تۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— نېمانچە تۈزۈت قىلىسىز، — دېدى ئۇ ماڭا
قەستەن سوقۇلۇپ، — مەن ھەمراھ بولدۇم نېمە
بولدى، باشقىلار ھەمراھ بولدى نېمە بولدى، بەرىبىر
ئوخشاش گەپقۇ؟

مەن گەپ قىلماستىن قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

— چەرەندەك مېڭىشىڭىز بارىكەن جۇمۇ، — ئۇ ماڭا
يېتىپ كەلدى، — كېچىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ مې-
ڭىشنى بىلمەيدىكەنسىز دە.

— ...

ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ بىلىكىمدىن تۇتماقچى بولۇ-
ۋېدى، مەن جەھلىم بىلەن سىلكىۋەتتىم. ئۇ ئىز بې-
سىپ كېلىۋاتاتتى. بىزنىڭ مەھەللىگە يېتىپ بېرىش
ئۈچۈن ئارىلىقتا 200 مېترچە ئۇزۇنلۇقتىكى
بىر ئۆزۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يەر ئۆي-
ئىمارەتسىز بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپى كەگرى
كەتكەن شېغىللىق ئىدى. ئۇ جايدىن يالغۇز ئۆتۈشتىن

قورقاتتىم. بۇنى ئاز دەپ مىجىتتىنىڭ يېنىمدا بولۇشى ماڭا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىلىندى. كۆڭلى تۇيۇش ئالاھىدىلىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولسا كېرەك.

— بولدى، ئاۋارە بولماي قېچىقىلىڭ. — دېدىم ئۇنىڭغا قارىماي ئىلدام كېتىۋېتىپ.

— سىز بىلەن ئوبدانىراق مۇڭداشماي تۇرۇپ قېچىقالسام قانداق بولىدۇ، — ئۇ گەپلىرىمنى ھېچ پىسەنتىگە ئالماي ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— كۆزىڭىز مال تونۇمايدىكەن پەرىدە، 30 ئوغۇلنىڭ بېشى بولغان بىز تۇرۇپ ... زايا كېتىۋاتىسىز جۇمۇ!

— تىلىڭىزنى تارتىڭ. مەن شىر ئەلىنى 30 ئوغۇلنىڭ سەركەردىسى دەپ تاللىۋالغان.

— سىلەرنى بىكارغا ئەخمەق دېمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، ئۇنىڭ مېنى قەستەن گەپكە سېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم — دە، ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدىم. دەل شۇ چاغدا ئۇمۇ قولىدىكى ئىتتىك ئىتتىك شوراپ كېلىۋاتقان تاماكىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئالدىمغا ئۆتتى:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن پەرىدە.

— ئۆتۈپ بېرىڭا.

— گېپىم راست پەرىدە، ئىشىنىڭ. قەلبىمنى چۈشىنىڭ، مېنى بۇنچە قىينىماڭ.

www.uyghurkitap.com

— سىزنى ياخشى كۆرۈش مېنىڭ ئۇخلاپ چۈ-
شۈمگە كىرىدىغان ئىش ئەمەس.

— مەن سىزنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەتتا
ئارقامدىن يالۋۇرۇپ يۈگۈرۈيدىغان قىلىشۇېتىمەن.

— بىھۇدە زورقماڭ، بۇ ھەرگىزمۇ قولىڭىزدىن
كەلمەيدۇ، — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن. چۈنكى مې-
نىڭ نەزىرىمدە پەقەت مۇھەببەتلا تەبىئىي بويسۇندۇ-
رۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ بىر غەيرىي نورمال ھالەت
بىلەن دەلدەگىشىپ ماڭا يېقىنلاشتى، — مەن ھېچقاچان
بىر ئەرزىمەس قىز ئالدىدا بويۇن قىسىپ
باققان ئەمەس، ئادەتتە چاپىنىمنىڭ پېشىنى قاقساملا
توققۇز قىز چۈشەتتى، نېمە دەيدىكىن دېسەم سەكرى-
شىنى كۆرمەمدىغان، مېنى ئاپام ئوغۇل بالا دەپ تۇغ-
قان، يىغا بىلەن يالۋۇرۇپ ئارقامدىن يۈگۈرۈيدىغان
قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس. قىز بالا دېگەننىڭ ھالى
قانچىلىكتى؟

— مەن ئىزىمدا بىرنەچچە دەقىقە داڭ قېتىپ تۇ-
رۇپ قالدىم. ئاندىن دەرھال سەگەكلەشتىم - دە، ئىتتە-
تىك كەينىمگە داجىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ ماڭا
نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە يالغۇز ئوتلاپ
يۈرگەن قوزىنى كۆرگەن ئاچ بۆرىنىڭ كۆزىدە پەيدا
بولىدىغان چاغدىكىدەك ئوت چاچراپ تۇراتتى. مەن
ئىشنىڭ يامىنىغا تارتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ،
دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم.

بىراق مەن ئىككى - ئۈچ قەدەم ماڭمايلا ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ غۇلىچىنى كېرىپ ھىجايدى. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاچتىم، ئۇ گويا كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەزرائىل، مەن ھاياتقا قاراپ قېچىۋاتقان ئارزۇ - ئارمان ئىگىسى ئىدىم. مەن گويا جان كويىدا قېچىۋاتقان توشقان، ئۇ گويا يەم كويىدا قوغلاۋاتقان تۈلكە ئىدى. 10 — 20 قەدەم يۈگۈرمەستىنلا يۈگۈرۈككە ئۆگەنمىگەن پەيلىرىم بوشاپ، پۇتۇم باشقۇرالماي قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئېتىپ كېلىپ باراتتىم. نەپسىم يېتىشمەي، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، كانىيىم لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. پەقەت تۇتۇق بەرمەسىلا شۇ يۈگۈرگەنچە جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى. خورلۇقنىڭ چاققا ئوتتەك چېقىپ قىينىشى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئۇنداق ھاياتنىڭ ئەپسۇسلانغۇدەك نېمىسى قالاتتى؟! بىراق ئانچە ئۇزۇنغا بارماي بىر نەچچە قېتىم سەنتۈرۈلدۈم - دە، موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. مەن قوپۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئۇ مېنىڭ بېشىمدا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— قانداق، ئاپئاق قىز، ئۇنداق قىلماڭ دېسەم ئۇنىمايسىز، بىكاردىن - بىكار ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قىيناپ.

— يېقىنلاشماڭ، — مەن جەينىكىم بىلەن ئارقامغا داجىپ سۈرۈلۈپ تۇرۇپ دېدىم، — ۋارقىرايمەن.

— ۋارقىرامسىز، جارقىرامسىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

www.uyghurkitap.com

بىكار ئاۋارە بولمىسىز. قېنى قاراپ بېقىڭا، ئەتراپتا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەمدۇ، بىزگە ئارىلىشىدىغان خەق ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ ئۇزۇك يولىدىن قورقۇپ كېچىسى ئادەم ئۆتمەيدۇ. ۋارقىرىسىڭىز شىغىللىق ئاڭلايدۇ شۇ.

ئۇ سۆزلىگەچ مېنى قاماللىۋالدى.

— لۈكچەك، قويۇۋەت، قويۇۋەت دەيمەن، — مەن بار كۈچۈم بىلەن ئۆرە بولۇشقا تىرىشىپ ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىدىم، چاچلىرىنى يۇلدۇم.

لېكىن ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى ئۆزىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئاجرىتىۋالدى.

— لۈكچەك دەمسەن؟ نېمە ئىكەنلىكىمنى ئەمدى كۆرىسەن، — ئۇ كۈچكە كەلدى، باياتىن بېرى سەل بوش تۇرغان قوللىرى چىڭىدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئەسەبىيلەرچە ئىنجىقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى ئولجىغا چاڭگال ئۇزىتىۋاتقان ۋەھشىي ھايۋانغىلا ئوخشايتتى.

— قويۇۋەت مېنى ھايۋان، — مەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردۇم-دە، ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان قولىنى چىشلىدىم. ئەمما ئۇ ھېچنەرسىنى سەزمەيۋاتقاندەك بىپەرۋالىق بىلەن ئۆز ئىپلاسلىقىغا يول ئاچماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ مەن ئۈچۈن بىر ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش ئىدى. ئەگەر يېڭىلسەم مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۆلۈش بولامدۇ؟ بولدى. ياش ۋە بەدىنىمدىن تەپچىپ چىققان تەر تو-

مېنى لايغا ئايلاندۇرۇپ چاچلىرىمنى بۇلغىدى. تىرناقلىرىم قايرىلىپ قانىدى. مەن ئېلىشتىم. تۇيۇقسىز چۈشۈپ قالغان قاپقاندىن يۇلقۇنغان شىر كەبى جان-جەھلىم بىلەن ئېلىشتىم. بىراق بۇ قاپقان بارغانچە چىڭىپ بېرىۋاتاتتى. مەنمۇ ئېلىشىۋەردىم. ھاۋا قاتلىمىدا بىر قەۋەت ئاق نۇر پەيدا بولدى. دېمەك تاڭ ئەلچىسى جاھاننى كەزمەكتە ئىدى. ھېسابلىسام تۆت سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشىپتىمەن. بۇ جەرياندا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچۈمنى قىرقىپ تاشلىدى. جىسمىمدا بارىنىڭ ھەممىسىنى غەزەپ ۋە نەپرەت ئوقى قىلىپ ئېتىپ تۈگەتتىم. ئاخىر مەندە پەقەت يېرىم ئۆلۈك ھېسابىدىكى كۈچ - مادارسىز تەن قالدى. بىراق ئۇ نىيىتىدىن يانار ئەمەس ئىدى. ئېلىشىش، قېچىش جەريانىدا قۇم تاسقالغان بىر ئازگالغا چۈشۈپ قالغان ئىدىم. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئات ئوينىتىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك مەيدان ئىدى. مەن تىن ئالغۇدەك ھالىم، مىدىرلىغۇدەك مادارىم قالمىغاندا خۇدا نالىسى بىلەن ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

— ئانىڭىزنىڭ، قىز قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلىڭ. ئاجىز مەزلۇملار ئۈچۈن قان تۆككەن يىگىتلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. مەندەك بىر ئەرزىمەس ئىنسان بىلەن ئۆزىڭىزنى بۇلغىماڭ.

— نېمانچە قىلىسىز؟ — ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن ھالدا پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى. مېنى قىس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماققا ئالغان قاپقان ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭىدى.

— مېنى ئىنساپىڭىز بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىڭ. ماڭا ھايات ھارام بولدۇ. مەن سىز مېنى ھالاكەت گىرىدابىغا ئىتتىردۇەتكۈدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىم سىزگە؟

— بولدىلا، ئەمدى نازلانماڭ، — دېدى ئۇ ھايا سىزلارچە ھېجىيىپ.

جالالاتنىڭ پارقىراپ تۇرغان قانلىق قىلىچىنىڭ ئۆز بويىنىنى چەنلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۇناھسىز تۇتقۇن مەھبۇسنىڭ ئىگر دىشى نازدىنمىدۇ؟ ئارنۇمۇسلۇق بىر قىز ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىپپەت - نومۇسىنى يوقىتىش بىلەن ئۆلۈشنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ شۇ تاپتا تېخى ئۆلۈش قەدىرلىنىكرەك ئەمەسمۇ؟ ئىنسان ئۇچۇن ئۆلۈمنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن.

مېنى بارلىقىمدىن جۇدا قىلماقچى بولغان بىر مەخلۇق مۇئەللەقتىن ماڭا قاراپ غارقىراپ ئېتىلىپ چۇشۇۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا مەن ئالەمنى تىترەتكۈدەك ھەسرەت بىلەن، يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان ئانىلاردىن مەدەت تىلەپ ۋارقىرىغان پېتى پەلەككە قاراپ ئېتىلدىمۇ ئەمما تۇيۇقسىز ئوق تەگكەن جانداردەك ئىزىمدىلا تېپىرلاپ قالدىم. شۇ چاغدا گويا دەھشەتلىك قايناملىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاداققى پەريادى قۇلىقىمغا كىردى: «مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!» بۇ ئۆزۈمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— توي قىلىمىز.

بۇ ئاۋاز ئاق خالات كىيىپ پانۇسكوپ ئاسقان مۇشۇكنىڭ قۇچقاچ باللىرىنىڭ ئۇۋىسىنى ئالداپ ئاچقۇزغان ئاۋازىغا بەكمۇ ئوخشاپ كەتتى.

مېڭەم بىردىنلا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى.

ئەمما كۆرۈۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتىمەن، سېزىۋاتىمەن.

كۆرگىنىم: نامەلۇم تەرەپكە ئوقتەك ئېقىپ چۇشۇپ كەتكەن يۇلتۇز. بەرگىدىن ۋاقىتسىز ئۈزۈلگەن غۇنچە. ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ چەيلىنىۋاتقان ياپراق. ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان كىچىك بالىدەك بويىنىنى قىسىپ، مەيۈس هالدا ئاي كەينىدىن مۈڭلىنىپ قاراپ تۇرغان شىرئەلى.

ئاڭلىغىنىم: ئىپتىخار بېغىشلىغان جۇلالىق پەيلىرى يۇلۇپ تاشلىنىپ، ئەتلىمە گۆش قىلىپ قويۇپ بېرىلگەن توزنىڭ ھەسرەتلىك نالە قىلىشلىرى، تىلى كېسىۋېتىلگەن بۇلبۇلنىڭ ئۆزىنى چىمەنگە ئۇرۇشلىرى، شىرئەلىنىڭ زېمىنگە تىترەك سېلىپ، بۇلۇتلاردىن ھالقىپ ياڭراۋاتقان «پەرىدە، مەڭگۈ بىللە ياشايلى» دېگەن خىتابى.

سەزگىنىم: يۈرىكىم قەسىرىدىن ئۈمىد بىلەن ئورۇن ئالغان ئارزۇ - ئارمان كارۋىنىنىڭ ئۆزىگە باشقا پاناھ ئىزلەپ قوزغىلىشى، گۈمبۈرلەۋاتقان تاغ، دەھشەتلىك بوران.

ئاھ خۇدا، ئاسمان بېغىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتامدىغاندۇ ياكى يەر يۈزىدىكى دەريا - دېڭىزلار تېشىپ جاھاننى توپان

www.uyghurkitap.com

بالاسى قاپساپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ ئاڭلىنىۋاتقىنى ياۋۇز قوللار پۇتاپ تاشلىغان گۈل - غۇنچىلارنىڭ ئىڭرىشىمىدۇ ياكى كۆڭۈل ئازارىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن يېتىمەندىك ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قىلغان نالە - پەريادىمىدۇ.

مەن ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەتراپ جىمجىت، كۆرگىنىم قاراڭغۇلۇق. ئاڭلىغىنىم چېكەتكىلەرنىڭ ئەلەملىك چىرىلداشلىرى. چەرخىنىڭ ئېغىر ۋە قوپال چاقى يانجىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئېغىر گەۋدەمنى ئاران كۆتۈرۈپ، گويا چالا بوغۇزلاپ قويۇۋېتىلگەن ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ قەدەم ئالدىم. خۇدا بەزى كۈنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، بەزى كۈنلىرىڭدىن چۆرگىلەي!

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ پات - پات قىزلارغا ئۈن تىنسىز قاراپ قالىدىغان، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاھاڭىدىكى ھەربىر ئۇرغۇ قىزلىق غۇرۇرىنى كۈيلەپ تۇرىدۇ. مەنمۇ تېخى تۇنۇگۈنلا ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىپتىخار بىلەن باش كۆتۈرگەن ئىدىم - ھە؟ ئەمدى ئۇ مەنزىل قاياندا قالدى؟ ئاھ خۇدا! بۇ سېنىڭ قانداق تەقدىرىڭ؟

مەن بەزى كېچىلىرى بېشىمنى ئىككى قولۇمدا چاڭگاللاپ، ياستۇققا ئاغزىمنى يېقىپ ساراڭلارچە ۋارقىراپ كېتىمەن.

تاجى قولىدىن كەتكەن پادىشاھقا تەختىدىن چۈشمەي نېمە ئىلاج؟ مېنىڭمۇ تۇنۇگۈنكى يۈكسەك ئورنۇم ئۆزگەردى، ئەمدى ئۆزۈمنى نەسەۋۋۇر قىلغۇ-

بىز چوڭقۇر ھاڭ ئىچىدە يۇقىرىغا قاراپ تەلمۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆرىمەن. مەن ئۈچۈن ھەممە ئاياغلاشقان، ھەتتا ئۆلۈمنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇرۇنۇمدىن تۇرغان چاغدا ئىككىلەنمەستىن ئۆلۈم يولىغا ماڭماي نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم؟

ئىككى يىل بۇرۇن ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن سىڭلىمنىڭ ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ تۇيۇقسىز قازا قىلىشى ئاپامنىڭ يۈرىكىنى كاۋاپتەك كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بىرەر تالمۇ ئاق ئارىلاشمىغان قاپقارا چېچى بىراقلا ئاقاردى. تەمبەل بەستى ئىگىلىپ سىزىپ كەتتى. باشقىلار باغچىلارغا، رەستىلەرگە ماڭسا ئۇ زاراتگاھلىققا ماڭاتتى. سىڭلىمنىڭ توپرىقى بېشىغا قادالغان غۇنچىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەلمۈرەتتى ـ دە، ئاندىن قەبرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ قالاتتى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنىڭ ئۈستىگە قىل قونسىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەڭ مۇھىمى، ئەگەر مەن ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالسام ئۇ چاغدا مېنىڭ قەبرەم بېشىغىمۇ غۇنچە قادالسا بىچارە ئاپامنىڭ ماڭا بولغان سۈتتەك پاك، بۈيۈك ئىشەنچىسى ئالدىدا روھىم قانچىلىك تۇيىنلار؟ شۇڭا مەن ياشاپ قالدىم.

مەن تېخى تونۇگۇنلا سەلتەنەت بىلەن دەۋران سۈرگەن باي ئىدىم. كىچە خەزىنەمگە كىرگەن ئوغرى ھەممە بايلىقىمنى قويماي سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۈگۈن مانا تام تۈۋىدە بويۇن قىسىپ ئولتۇرغان قەلەندەرگە ئايلاندىم. ئەمدى مەن ئۈچۈن ياشاش بەدىلى تۆلەشكە ــ ئاخشام ئوغرى ئالغان خەزىنەم تۇپەيلىدىن.

www.uyghurkitap.com

غۇرۇرۇم ۋە ئىنسانىي ئىززەت ــ نەپسىمنى بەدەل بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق سەدىقىلىرىنىڭ موھـتاجلىقىدا ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئاقىۋەت ــ ھە؟ ئەمما مېنىڭ ئەڭ ئازابـلىنىدىغىنىم قەلبىم ئالدىدا بېشىم چۈشۈپ، ۋىجدانىم ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلگەنلىكىدىن. مېنىڭ ئىرادەمچە بولغاندا قەلبىم ئۆمرۈمدە پەقەت بىرلا كىشىنى سۆيەلىگەن بولاتتى. مېنىڭ يېشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يارغا نىسېرى ئۇلغىيدۇ.

ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت كېچىلەردە ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنسىز نالە قىلىمەن. «ئاھ خۇدا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مېنى بۇنچە يەرگە قاراتـقۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان؟ ماڭا بېرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا جازايىڭ يوقمىدى؟ ئۆلۈممۇ ماڭا بۇنچىلىك تەس توختمايتتى. ئامانىتىڭنى كۈلۈپ تۇرۇپ تاپشۇراتتىم»

«چۈش تەتۈرگە ماڭىدۇ» دېگەن گەپنى سەنمۇ ئاڭلىغانمىدىڭ زۆھرە! راست ئىكەن، ئۇ چۈشۈمدە كېـسەلدىن ئۆلگەن ئىدى. مەن ئوڭۇمدا ئاغرىماي ئۆلدۈم. ئۇنى چۈشۈمدە يۈزىگە ئاق يېپىلغان ھالدا كۆرگەن ئىدىم. تەقدىر مېنىڭ يۈزۈمنى قارا قىلدى. ئەپسۇسـكى، مەن يولۇققان ئىشلار ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس، مەن مۇشۇ قاپقارا يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا قانداق قاـرايمەن؟ چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ يۇيۇپ بولماس جىنايەت ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى ئۇنىڭ تۇرقى مەن ئۈچۈن

تۆگىمەس تەنە. ھەربىر بېقىشى ھېسابسىز سوراق.
ھەربىر ئېغىز گېپى چىدىغۇسىز ھاقارەت. ھەتتا كۆڭۈل
قويۇشلىرىمۇ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەلەم ئوتى بىلەن پۇچىلاشقا
بۇيرۇيدىغان شەرتلىك بەلگە بولۇپ قالدى. مەن ھامان
ئۇنىڭ پاك يۈرىكى ئاچقان ۋىجدان سوتى مەيدانىدىكى
لەنەتلىك جاۋابكار. ئەمدى ئۇنىڭ نۇرلۇق ئوبرازىغا
يەنە خۇنۇك سايەمنى چۈشۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.
ئۇنداق قىلىشقا ھەم مەددىم ئەمەس. ساپلىقنى بۇلـ
غاش جىنايەت، پاكلىقنى بۇلغاش خىيانەت. ئۇنىڭ
تېگىدىكى مەرمەر تاشلاردىن تارتىپ ئېنىق كۆر-
گىلى بولىدىغان بۇلاقتەك سۈزۈك قەلبىنى چالغۇتۇپ،
لاي - لاتقا بىلەن تىندۇرۇۋېتىشكە، ئانىسىدىن ئەمگەن
ئاق سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن پاك جىسمىنى نىجاسەت
يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغاشقا نېمە ھەققىم بار ئىدى؟
ئۇنىڭ ساپ مۇھەببەت كۈچى تۈپەيلىدىن قۇياشنىڭ
تەپتى كېلىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئەمدى مې-
نى ئۆرتەپ تاشلىماسمۇ؟ يۈرىكىمنى باھار ۋەسلىگە
يەتكۈزگەن مۇھەببەتلىك شىۋىرلاش ئەمدى باغرىمنى
قوقاس چۈشكەندەك كۆيدۈرمەسمۇ؟ ئۇ مېنى پاك ۋە
ھالاللىقىم بىلەن سۆيگەن ئىدى. بىراق تەقدىر ئۇنىڭ
سۆيىدىغانلىرىنى مەندىن ئېلىپ كەتتى. مەندە ھازىر
قالغىنى پەقەت پاك روھتىن ئايرىلغان جەسەت سىيا-
قىدىكى تەنلا. بۇنىڭ نېمىمۇ قىممىتى بولسۇن؟ بىر
پاك روھ ئىگىسىنى گۈزەل دۇنيادىن ئايرىپ لەھەتتەك
كۆڭۈلسىز ماكانغا باشلاپ، روھسىز تەنگە ھەمراھ

www.uyghurkitap.com

قىلمىش گۇناھ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىگىسىزمۇ مېنىڭ گۇناھلىرىم ئازمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ماڭا ئازابلىق ئېچىنىشتىن باشقا ھېچ نەرسە بېغىشلىمايدۇ.

ئاھ، جاھاندىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب ھېسسىيات ئازابى ئىكەن. بۇ ئازاب ئاخىر مېنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىدىغان ئوخشايدۇ. بىراق شۇندىلا مېنىڭ جېنىم ئاۋۋالقى ئارامىنى تاپىدۇ. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار زۆھرە، بۇ جاھانغا مەندەك بىر ئىنساننىڭ تۆرىلىپ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، مانا بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپات.

پەردە

3

زۆھرە، بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ چۈشۈم دەي دېسەم پەردە بىلەن ئىككىمىزنىڭ لىرىك شېئىردەك مۇھەببىتىمىز ئۈنسىز قالدى. ئوڭۇم دەي دېسەم، قانداقمۇ ئىشىنەي، كۆڭلۈمنىڭ قايسى يېرىگە سىغدۇراي؟ سىز خېتىڭىزگە قوشۇپ ئەۋەتكەن پەردەنىڭ سىزگە يازغان خېتىنى ئوقۇپ نەچچە كۈن مەست بولۋاستەك پۇشقۇنۇپ يېتىپ كەتتىم. ماڭالىغۇدەك بولغان كۈنۈم چىقىپ بولۇشىچە ئىچتىم. شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگىمۇ قايتىپ كېلەلمەي كوچىدىلا يېتىپ قاپتىمەن. سىز بىلەمسىزغۇ زۆھرە، مەن تاماكا چەكمەيتتىم، ھاراق ئىچمەيتتىم، ھازىر قولىدىن تاماكا

چۈشەيدىغان بەڭگىگە، يېنىدىن ھاراق بوتۇلكىسىنى ئايرىمايدىغان پىيانىچىكقا ئايلاندىم. چۈنكى بۇ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ۋاي دېمەي تىمىق تۇرىدىغان يىگىتنى يىغلىتىۋېتىدىغان خورلۇقتە! يىگىتلىك ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆزۈمدىن ياش كەتتى. ياق، ياش دېگەن يۈرەكنىڭ زېدە بولغان يېرىدىن تامىدىغان قان! كۆزۈمدىن قان كەتتى.

زۆھرە، مەن پەردەنى سېغىنغاندا گۈلنى پۇرايتتىم. ئەسلىدە ئەنبەردىنمۇ پۇراقلىق گۈل - غۇنچىلار ئەمدى ماڭا ئەمەن پۇرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئەسلىگەندە كۆككە باقاتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى ئاي، قەلبىمدىكى قۇياش ئىدى. تۇيۇقسىز ئاي تۇتۇلۇپ، كۈن كۆيدى. قېنى ئەمدى ئايدىكى تەڭداشسىز گۈزەل رۇخسار، قېنى قۇياش چاچىدىغان زەر نۇر؟ مەن سۈبھى ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان گۈزەل ئۈپۈقنى كۆزلەپ كۆلۈپ كېتىۋاتقان بەخت ئىگىسى ئىدىم. تۇيۇقسىز ئۆزۈمنى سىيادەك قارا كېچىدە قارا جاڭگال ئىچىدە كۆردۈم. قاراڭغۇلۇقتا زەررىچە يورۇقلۇقمۇ چولپان يولتۇزدەك چاقناپ كۆزگە تاشلىنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ماڭا ھايات لەززىتى بېغىشلىغان ئاشۇ مۇھەببەت — پەردە بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى كۆڭلۈم ئېكرانىدا تېخىمۇ روشەن كۆرۈنمەكتە. مەن پەردەنى تەبىئەت ئەڭ نازۇك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان بىر پارچە شېئىر — مۇھەببەت

لىرىكىسى دەپ بىلەتتىم. بۇ شېئىر مەندە ئۆزىدىنمۇ پاساھەتلىك ھېسسىيات، ئۆزىدىنمۇ گۈزەل پىكىر، تېخىمۇ يېڭى ۋە چوڭقۇر ئىلھام ئويغاتاتتى. بۇ شېئىر مېنىڭ مەنىۋى ھاياتىمدا كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقۇم ئىدى. مەن پەرىدە بىلەن تونۇشقان كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى چۆچەكلەردە ھېكايە قىلىنىدىغان بەخت قۇشى گۆش تەگلەپ «گاھ - گاھ»لەپ يۈرگەن شۇنچە ئادەمنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ ئەكىپ ئۆتۈپ ئۇتتۇر مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قونغاندەك سەزگەن ئىدىم. راست، مەن پەرىدەنى مېنىڭ بېشىمغا قونغان بەخت قۇشى دەيتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەممىنى — ئارزۇ - ئارمان، بەخت - سائادەت، چىن مۇھەببەت، شادلىق ... قاتارلىق جاھاندىكى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپتىم دەپ ئويلايتتىم. كىم گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدۇ؟ گۈزەللىك كىمنى مەپتۇن قىلمايدۇ؟ پەرىدەمۇ مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قەلبىمدىكى تەكرار چاقىرىلىشى ئىدى. كۆزۈمنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنى نىشانلاشتا، ئۇ ياشاۋاتقان تەرەپكە تويماي بېقىشتا ئىدى. كېيىنكى ئۆمرىمىز توغرىسىدىكى خىيالىي جەننەت ھۇزۇرى مېنى بەختتىن مەست قىلغان ئىدى. شۇڭا مەن شىركەيىپ بولغان ئەزىمەتتەك مەغرۇر دەسسەپ كۈلۈپ يۈرەتتىم. تەقدىر گويا مېنىڭ ئىچىمگە سىغماي تۇرغان خۇشاللىقىمغا ھەسەت قىلغاندەك ئۆزى بەخت شارابى ئىچۈرگەن روھىمغا لىقمۇ

لىق ئەلەم شارابىنىمۇ قۇيۇپ قويغىنىنى نەدىن بىلەي. ئاغزىم ئېچىشتى، يۈرىكىم چوغقا ياققاندەك ۋىژىلداپ كەتتى.

زۆھرە، بەختىمنىڭ ئۆتمۈشتە قالغىنىغا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. بۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشىنىش مۇمكىن؟ ئۇزاق بولدى، تېتىپ ئىزا يېمىدىم، قېنىپ ئۇخلىمىدىم. باغرىمنى نېمىدۇر تىلغايدۇ، گېلىمنى نېمىدۇر بوغىدۇ. مەقسەتسىز، نىشانسىز ھالدا ئۆيدىن چىقىپ، ئادەم شالاڭ، خىلۋەت يوللاردا ئايلىنىپ يۈرىمەن. سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي. بەزىدە توپتوغرا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماستىن بوغۇپ قويغۇم كېلىدۇ. شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ قىلچە قارشىلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بەزىدە ئۇنى ئالدىمغا چاقىرىۋېلىپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ كاچاتلىغىم، ئۇنىڭ ناپاكلىقى بەدىلىگە يۈرىكىمنى پۇچۇلاۋاتقان ھاقارەتلەر بىلەن ئۆزىنى جازالاپ بۇ دەردتىن قۇتۇلغۇم كېلىدۇ. بۇنداق قىلساممۇ ئۇ ھېچقانداق قارشى ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولاتتى. ئەكسىچە مېنىڭ دەردىم تېخىمۇ ئېغىرلىشاتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە زۆھرە، بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن بىر ئاغىنەم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئىشخانىدا بىللە ئىشلەيدىغان بەكمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر خىزمەتدىشى بار ئىكەن، ئاغىنەم ئۇنى شۇ چاغدا: «گۈل بېغىدىكى خىلۋەتتە يېتىلىپ، كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمىگەن بىر خۇش

پۇراق گۈل — ھەرقانداق ئادەمنى مېھرى بىلەن ئەسىر قىلىپ، ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن «لال قىلىدىغان قىز» دەپ تەسۋىرلەنگەن ئىدى. چىھرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان بۇ قىز تۇيۇقسىزلا بەكمۇ ئويچان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر ئىچكى ئازاب تۈپەيلى قىينىلىۋاتقانلىقى گەرچە ئۇ ئۈندىمىسىمۇ كەيپىياتىدىن بەش قولدەك ئايان ئىكەن. بىر كۈنى ئاغىنەم ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتۇپلا چىرايىنىڭ قامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئارقىدىنلا تۇرۇپكىنى غەزەپ بىلەن جايىغا قويۇپ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئاغىنەم گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە شۇنچە ھۆرمەت قىلىدىغان بىر قىزنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئېچىپتۇ.

— زادى نېمە بولدى سىزگە، — دەپ سوراپتۇ ئۇ قىزدىن، — كۆزنى يۇمۇپ يۈرۈۋېرەي دېسە بىر ئىشخانىدا ئىشلەپ تۇرغان ئادەم چىدىمايدىكەن.

قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتماقچى بولۇپ لېۋىنى سەدەپتەك چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم چىشلەپتۇ. ئاھىنى ئىچىگە ئۇرۇپ قايناپ تېشىۋاتقان يىغىسىنى زورۇقۇپ يۇتماقچى بوپتۇ. بىراق، بۇلاق قاينىغانىدەك ئىچ - ئىچىدىن بوقۇلداپ كېتىپتۇ - دە بىردىنلا يۈزىنى ئېتىۋ-

ۋېلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بارماقلىرى
ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياش ئېتىكىگە تامچىلاپتۇ.
ئاغىنەمنىڭ تىلى قېتىپ قانداق قىلارىنى بىلمەي
قولايسىزلىق، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە نېمە دەپ كۆڭۈل
ئېيتىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

قىز بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەڭ-
زىنى بويلاپ نەچچە تەرەپلەپ ئېقىۋاتقان يېشىنىمۇ
سۈرتمەي تۇرۇپ:

— مەن ھازىر بىردىر ئاكامنىڭ يوقلۇقىدىن
بەكمۇ ئەپسۇسلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، دەپتۇ.

— ئاكىغا نېمە ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالدى؟

— ئاكام بولغان بولسا ھازىرقى پەيتتە چوقۇم
مېنى ھىمايە قىلىپ چىقاتتى.

— ئەگەر لازىم بولسا مانا مەن تەييار، خالى-
سىڭىز پەيتى كەلگەندە مېنىڭ نامىم بىلەن قوغدى-
نىڭ، — دەپتۇ ئاغىنەم ئۇنىڭ تېخىچە ياش قۇيۇلۇپ
تۇرغان كۆزلىرىدىن يېلىنجاپ تۇرغان ھەسرەت
ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىز دەماللىققا مەڭدەپ قاپتۇ.
ئاغىنەممۇ ئوڭايسىزلىنىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نىيىتى توغرا
بولغاچقا دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، — ياردەمنىڭ
ھەممىسىگىلا مەقسەت يوشۇرۇنغان بولمايدۇ، سىز
ماڭا ئىشىنىڭ.

قىزمۇ بۇ خىزمەتدىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان
چۈشەنگەچكە ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي قەلبىدىن تەسىر-

لەنگەن هالدا ئۇنىڭغا ئۆز بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىـ
لىق ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ بىر ياخشى كۆرۈش
بىلەن بىر ياخشى كۆرمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلـ
سىزلىك ئىكەن.

قىز ھېلىقى تېلېفون بەرگۈچىنى ياخشى كۆرمەيـ
دىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كەينىگە كىرىۋالغۇچىغا
ئوچۇق ئېيتىپتۇ. بىراق قارشى تەرەپ قىزنىڭ ھېسـ
سىياتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە
پەرۋامۇ قىلماستىن ئۆز ئىرادىسىنى زورلاپ تاڭماقچى
بوپتۇ. قىز ئۇنى داۋاملىق رەت قىپتۇ. قارشى تەرەپ
ئۇنى داۋاملىق ئىزمۇ ئىز قوغلىشىپتۇ. قىز رەنجىگەن
هالدا ئاغىنەمگە «ئەگەر ئاكام بولغان بولسا مېجىت
دېگەن بۇ ئەبلەخنىڭ يولىنى دەرھال توختىتىشقا
قادىر بولاتتىم ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، بۇ ھەيران
قالغۇدەك، ئاچچىقلانغۇدەك ياكى ھەسرەتلەنگۈدەك
ئىش ئەمەسكەن. ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەسقۇ؟ —
دەپتۇ ئاغىنەم ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن جىدـ
دىيلىكى پەسىيىپ.

— ياخشى كۆرەلمىگەنلىكمۇ گۇناھ ئەمەسقۇ، —
دەپتۇ قىز پەكمۇ ئازابلانغان ھالدا، لېكىن ئۇ مېنىڭ
خاھىشىم بىلەن ھېسابلاشماي سىرتتا كىشىلەرگە «ئۇ
مېنىڭ يۈرگىنىم» دېگەن گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈپـ
تۇ. ئېيتىپ بېقىڭچۇ، بۇ ئاتاقنى ئېلىش سىزچە ئادەتـ
تىكى ئىشمۇ؟ بۇ مېنىڭ قىزلىق غۇرۇرۇمغا قىلىنغان

ھاقارەت. مېنىڭ يۈرىكىم خورلۇقتىن پۈچۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى. بىز ھېچقاچان ئىنسانىنىڭ ئىشىنى ئەمەس. قىز سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىپتۇ، — بەزىلەر راستىنلا بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالدى، ئۇ ھازىر مېنىڭ كۆكۈمنى سېتىپ خەجلەۋاتىدۇ، — قىز چايان چاققاندەك ئازابلىنىپ ھەسرەتكە پايلىيالماي قاپتۇ.

ئاغىنەم ھەييار بالا ئىدى. ئۇ قىزنىڭ پەريادىغا چىدىيالماي دەرھال بىر ئويۇن ئويلاپ چىقىپتۇ — دە، شۇ كۈنىلا قويۇپتۇ.

— سەن مىجىتمۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنەم «رەقىبىنى تېلېفونغا چاقىرتىۋېلىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — يىگىتلىك ھالىڭ شۇمىدى، قىز تاپالماي ئۆتىنە سوراۋاتاسەن، مېنىڭچە بولسا گەجگىگە ئالا خۇرجۇندىن بىرنى ئارتىپ ‹ھەق دوست›، دەپلا چىق. سەدىقە چۈشۈپ قالار. ‹قولىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، يولۇمدا ئىككىنچى پۇتلىشىدىغان بولساڭ مەندىن رەنجىپ يۈرمە›، ئاغىنەم يەنە بىر مۇنچە گەپلەر بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇرماپتۇ. شۇندىن تارتىپ بىرلۇت تاراپ، ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈپ كەتكەندەك ھېلىقى قىزنىڭ چېھرىسىگە قايتىدىن ئاۋۋالقى تەبەسسۇم قونۇپتۇ.

زۆھرە، ئىككى يىلدىن بېرى مەن پەردەگە تىنمىدىم، پەردەمۇ ماڭا تىنمىدى. بۇ ئۇنىڭ ھېكايىسى ئىدى. مەن ئۇنى كۆڭلۈم قەسىرىگە يېراقتىن تۇرۇپ

كۆز نۇرۇم بىلەن چىللاپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەيپ بولۇپ، قوشاق ئېيتىپ يىغلاپ يۈرگەن ھىجرانىنى ئەنە شۇنداق بىزارلىق بىلەن بايلىغان ئىدى. ئەپسۇسكى «ھاياتىمدىنمۇ قىممەت» دەپ ئاتىۋالغان قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى شۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە قىلدى. ئىپپەت - نومۇس ھاياتتىن قىممەت ئىكەنۇ ئەجەبا پەردە ئاشۇ ئەرزىمەگەن ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ھېسابىغا ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىسىدىن كېچىپتىمۇ؟ پەردە ئەقىدىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇ بىر ئېتىقاد تۈپەيلى كېچەلەپ تۇرۇپ تۇتقان روزىسىنى قورسىقى پىژ قىلىپ ئېچىشى بىلەنلا بۇزۇۋەتكەن چىدىماس بەندە. بەلكى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چۈشۈپ قالغان ياۋا ئۇرۇق يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرۈپ قالغاندۇ. بەلكى شۇ تۈپەيلى مەندىن قۇتۇلۇشىنىڭ بۇ ئەپچىل چارىسىنى ئويلاپ تاپقاندۇ. لېكىن ئۇ خېتىدە ئۆزىنى ئىلاجسىز قالغان «ۋاپادار» قىلىپ بېزەپتۇ. ئۇستىگە مەن چۈلتا كۆزىتىشىم بىلەنلا ئارتقان بۇ سەلتەنەتلىك نەپىس تونىنى سالغۇسى يوق. ئۇنى ئاللىقاچان نىجاسەت بىلەن بۇلغىۋەتكىنى ئېسىدىن چىققاندەك.

زۆھرە، ئۇ ھازىر ھېچنەرسىگە ئەرزىمەي قالدى. سىز ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇنىڭدا ھازىر مېنى ئەگەشتۈرۈپ خىيالى كېلەچەككە يەتكۈزگۈدەك روھ، مېنى لال قىلغۇدەك گۈزەللىك بارمۇ؟ ئۇ ئاللىقاچان ئۆلدى. مەن ئۆتمۈشتە سۆيگەن پەرىدە ئاللىقاچان يوقالدى.

تۇنۇگۇن كەچ ئىچ پۇشقۇمىغا پايلىماي يەنە كوچىغا چىقتىم. يازنىڭ سالقىن شامالىق كېچىلىرى گويا جەننەتنىڭ بۆشۈكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ جانىغا راھەت سەلكىنى، خۇش بۇي ھىدى، ئىللىقلىقى بىلەن ئەللەيلەپ، تەنگە راھەت، كۆڭۈلگە ئارام، ۋۇجۇدقا ئىنتىلىش، كەيپ بېغىشلايدۇ. مەن ئاستا قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ بىز تۇنجى قېتىم ئۇچ-راشقان باھار ئاخشىمىنى ئەسلىدىم. ئۇ چاغدا يوپۇر-ماقلار پوستىدىن ئەمدىلا باش چىقارغان ئىدى. بىز يول ياقىسىدا، قاتار كەتكەن تېرەك بويىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتۇق. كىشىلەر ئايىغى سەل سېلىككەن، قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئەتراپىمىزنى ئوراپ بىزنى دالدىغا ئالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن پەردەنى ئۆزۈمگە — تۇنجى قېتىم ئۆزۈمگە تارتتىم، بۇ مېنىڭ يېگى بىر ھايات باشلىشىم ئىدى. مەن ھاياجاندىن تىترەپ كەتتىم. ئۇ بولسا كەينىمگە ئىت-تىك شوخشۇپ دەرەخكە يۆلەنگەن پېتى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. مەن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى-دىكى سىڭمەي تۇرۇۋالغان نەمنى بايقاپ قالدىم. ئەمما بىلمىدىم، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى يىغىسى ھاياجاندىنمى-دۇ، ئۇ يالغىنىدىنمىدۇ ياكى نېمىگىدۇر قىيمىغانلىقىدىن-مىدۇ؟ شۇ كۈنى مەن ئۇنى ئۆزىتىپ ماڭغاندىمۇ، دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا خوش ئېيتىپ ئارقىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ قالغىنىمدىمۇ ئۇ ماڭا قارىمىدى ھەمدە شۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق تەكلى-

پەنىنى يەردە قويۇپ ئۇچرىشىشقا چىدىماي قوي
مەن شۇ چاغدا بۇ ئارتۇقچە قىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن
رەنجىمىگەن، ئەكسىچە بۇ «ئارتۇقچە قىلىق» مۇھەب
بەت گۈلخانىمغا ياغ چېچىۋەتكەن. مېنى ئۇنىڭ ئۇ
چۈن ئوت، سىز ئايرىدىماي سەكرىيەلەيدىغان باتۇر
ئايلاندۇرغان ئىدى. ئەمدى قېنى مەن سۆيگەن ئاش
مەنزىرى گۈزەللىك، قېنى مەن كۆرگەن ئاشۇ ھايالىق
بېقىش، قېنى مەن قوغلاشقان، مەن مۇھتاج بولغان
ئاشۇ ساپ روھ؟ مەن ئۇنى سۆيەتتىم. ئۇنى بەخ
مەنزىلىنى كۆرسەتكۈچى پەرىشتە دەپ تونۇغان، كەل
گۈزەلمنى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتىن ئىزلىگەن ئىدىم
بىراق ئۇنىڭ مېنى باشلاپ كەلگىنى مەن تەسەۋۋۇر
قىلغاندەك گۈزەل، مەن ئىشەنگەندەك پاكلىق نۇرى
چاقناپ تۇرغان زېمىن بولماستىن،... بەلكى چىقىش
يولىنى تاپقىلى بولمايدىغان، تۆت تەرىپىدىن بوران
ھۇۋلاپ تۇرغان قاپقاراڭغۇ قۇملۇق بولدى. بۇ يەردە
يە كۈن نۇرى، نە قۇشلارنىڭ نەغمە – ناۋاسى
نە گۈل – گىيا؟ ئاستىمدىكىسى بىر قەدەم ئالدىمغا
چامدىسام يېرىم قەدەم كەينىمگە سۈرىيدىغان، ھەتتا
سەللا بىخۇدلۇق قىلسام مولاق ئاتقۇزىۋېتىدىغان
قۇم – تاش. ئۈستۈمدىكىسى ھېچنەرسىنى كۆرۈش
ئىمكانىيىتى بەرمەيدىغان، ئەكسىچە يۈرەكنى سىقىپ
پىغان چېكىشكە زورلايدىغان قاراڭغۇلۇق. مەن ئىزىپ
نەگە كېلىپ قالدىم. پەردە مېنىڭ ھايات يولۇمدا
پەيدا بولغان ئىزمىتقۇ شەيتان ئىكەن. قارىڭا زۆھرە

ئۇنىڭ مېنى باشلىغىنى نەقەدەر قورقۇنچلۇق، نە-
قەدەر دەھشەتلىك مەنزىل؟ بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى
ئەمەسمۇ؟ پەردىدە جىنايەتچى، پاكلىقنى يوقىتىش
ھېسابىغا مېنىڭ سەلتەنەت بىلەن دەۋران سۈرۈۋات-
قان بەخت تەختىمنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، يۈرىكىمنى
لەختە - لەختە قان قىلغان جىنايەتچى. يىگىتلىك
غۇرۇرۇمنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، مېنى قان يىغلاتقان
جىنايەتچى! مانا ھازىر ئەتراپ يېشىلچىلىققا پۈركەن-
دى، يوپۇرماقلار ئۆز بەرگىدە ياشناپ تۇرۇۋاتىدۇ.
باھار، ياز تېخى كەتمىدى. پەسلى كەلمەي تۇرۇپ
يوپۇرماقلارمۇ ئۆز بەرگىدىن ئايرىلمىدى. بىراق، پەر-
دەنىڭ ئۆمرىگە مەزگىلسىز كەلگەن كۈز ياشلىق
يوپۇرماقلىرىنى غازاڭ قىلىپ بولدىمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ
غازاڭ بولغان ياشلىق گۈلى كۈزنى چىللاۋاتامدۇ؟
مەن پەردىدىن نەپرەتلىنىمەن. كىم بىلىدۇ، بىر
ئىختىيار ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالغاندۇ، شۇ كۈندىكى
تاسادىپىيلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولغان-
دۇ، بۇ ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئادەمگە سىرغۇ؟ بەل-
كى ئۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىھۇدە كەتكەن ئىككى يىللىق
ھاياتىنىڭ جاۋابكارلىقى تۇپەيلى ئاغزىدا ھەسرەت
باخشىسىنى ئېيتقىنى بىلەن كۆزلىرى يوشۇرۇن مۇھەب-
بەتتىن مەستتۇر. مانا بۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىشتۇ-
رۇۋاتقان ئاچچىق سىر. ئاھ، ئۇ مېنى ئەگىسىز خورلۇق
دېڭىزىغا ئىتتىردۋەتتى. مەن پەردىدىن نەپرەتلىنىمەن
زۆھرە، ئۇنىڭ دەپسەندە بولغان ئىپلاس جىسمىدىن

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئېلېكتىرونلۇق كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

يىرگىنىمەن. ئىپپەت - نومۇسنى يوقاتقان قىزنىڭ
يەنە نېمىسىنىڭ قىممىتى بولسۇن؟ ئۇ بىر قىزلىق تام
مەن يوقىلىشى ئەمەسمۇ؟!

زۆھرە، ھازىر يېگىنىم ئاش، ئىچكىنىم چاي ق
مەس. كۆزۈمگە ئۇيقا ئېلىنمىغىلى نەچچە كۈنلەر بو
دى. پەقەت ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچ
مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدىلا بىرەر يېرىم د
غەمسىز ھالدا ئۇخلىۋالىدىغان ئوخشايمەن. مەن جې
ئويلاندىم. ئۇزاق ئويلاندىم. ساق ئولتۇرۇپ شە
گەمنى ئالدىمغا ئېلىپ قويۇپ ئويلاندىم. تازا ئىچ
مەست بولۇپ ئويلاندىم. ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپ
ئويلاندىم. يىغلاپ يېتىپ ئويلاندىم.

ئويلا - ئويلا مېنى ئازابلاپ مۇشۇ ھالەتكە چۈ
شۈرگەن، كۆڭلۈم خانىسىدە ئاشۇنچىۋالا غەۋغالارنىڭ
دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان سەۋەب
نى تاپتىم، بۇ مۇھەببەت ئىكەن زۆھرە، يەنىلا مۇھەب
بەت ئىكەن. باشتا يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ
ئۆزۈمنى يوقىتىپ ئەقلىم كېتىپ قالغان چاغدا قىلغان
ئەسەبىي خىياللىرىم. ھازىر ئويلىسام مەن بەكمۇ
تاش يۈرەك، بەكمۇ ئادالەتسىز ئىكەنمەن. تەقدىر
ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلدى، مەنچۇ، مەن تەقدىر-
دىنمۇ ئېشىپ چۈشتۈم. بىر دەمدىلا ھەممىنى —
ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ماڭا كۆرسەتكەن بارلىق ئالىيجا-
نابلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ھاقارەت بىلەن
كۆمۈۋەتتىم. ئىنسان دېگەن زادى شۇنداق

بولامدىغاندۇ؟
زۆھرە، ئەللا گەپنى قىلسام ئەگەر مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىغان بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنچە ئازابلىنىپ نېمە قىلاتتىم. قىيالماسلىقتىن زارلىنىۋاتىمەن، ئاغرىنىۋاتىمەن، ھەتتا نەپرەت ئوقۇۋاتىمەن. ئاشۇ قىيالماسلىق مېنى نېمە خىياللارغا سالمىدى، نېمىلەرنى دېگۈزمىدى — ھە؟! ئۇنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە موھۇر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىش مەن ئۈچۈن شۇنچە ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ئۆگەنگەن تىلىم قانداقمۇ بىردىنلا ھەرىكەتتىن توختاشقا كۆنسۇن؟ ئۇنى ئۆز ئەكسىدە چاقنىتىپ ئادەتلەنگەن قارىچۇقلار قانداقمۇ ئۇنى ئىزلىمىسۇن؟
زۆھرە، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، ئۇمۇ مېنى سۆيگەن، سۆيىدىغانلىقىنى ئەمەلدە ئىپادىلىگەن ئىدى! راست زۆھرە، ئۇنتۇپ قالمىدىم، قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، بۇ يىلقى يېڭى يىل كېچىسىدىكى ئولتۇرۇش بەكمۇ قىزىغان ئىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەيداندىن چۈشمەي دېگۈدەك تانسا ئوينىدى. پەرىدە بىلەن ئىككىمىزمۇ ئوينىدۇق، پەقەت ھەربىر يېڭى مۇزىكىغا لېنتا ئالماشتۇرۇش ئارىلىقىدىلا ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ تەرلىرىمىزنى سۈرتۈۋېلىشقا، ئۆزىمىزنى سەل ئوڭشاپ، بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشقا ۋاقىت چىقاتتى. مانا شۇ ئارىلىقنىڭ بىرىدە ئۇ بىر دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. خېلىدىن بېرى

بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ پەردەگە، تىكىلىش ۋە رومالنى
بوشىتىش بىلەن ئولتۇرغان مىجىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن سالام قىلدى. ئاندىن سىغدى-
لىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى پەردە تەرەپكە ئېگىپ نېمىلەر
توغرىلىقتۇر قىزغىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئال-
قىنىنى مەيدىسىگە قويۇپ كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئېگى-
لىشلىرىدىن پەردىگە «قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقى»
ئېنىق ئىدى. ئۇ بىردەم پەردىگە تەلمۈرۈپ
ھېجىياتتى. بىردەم جىمدىيىلىشىپ تۇرۇلەتتى.
پەردىنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ
بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى. چىرايى بولسا پەرۋاسىزلىق،
مەنسىتمەسلىك، بىزار بولۇش ئالامەتلىرى بىلەن
سالقىنلاشقان ئىدى.

— شوخ، يېڭى مۇزىكا يەنە باشلاندى. مىجىت دەرھال
ئورنىدىن تۇردى - دە پەردىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ پۈكۈلۈپ
سالام قىلدى. شۇ ھامان پەردىنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر
نەيزىدەك ماڭا تىكىلدى. بىلدىم، ئۇ مېنى ئەيىبلىدى:
«سەن ئوغۇل بالىغۇ، ئورنۇڭدىن غاچچىدە تۇرساڭ
بولمامدۇ، مېنى مۇشۇنداق نېمىنىڭ قولىغا قويغىنىڭغا
نېمىسى؟» دېدى. ئامال بولمىدى، پەردە ھەدەپ
ئۆزىنى مىجىتتىن قاچۇراتتى. بېشىنى چەتكە بۇراپ،
خۇش ياقماسلىق بىلەن روھسىز ھالدا قالايمىقان دەس-
سەيتتى. مەن بىلىمەن، پەردە تانسىغا بەكمۇ ئۇستا،
ۋالىسقا ئايلانغاندا گويا غىلتاڭ مۇزدا پىرقىرىغان
ئوردەك سىلىق ۋە تەكشى پىرقىرايدۇ. بىراق ئۇنىڭغا

شۇ چاغدىكى ئوينىشى گويا ئېتىزلىقتا چوشكەن ياغاچ چاقلىق ھارۋىنىڭ مېڭىشىدەك قوپال ئىدى. ئۇ بىردەم، بىردەم ئۈنئالغۇغا قاراپ قوياتتى. مىجىت بولسا ھەدەپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىشقا تىرىشاتتى. موزىكا ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ئۇ مىجىتنىڭ توختىشىنى كۈتمەيلا قولىنى ئاجرىتىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. مىجىتمۇ تاپانداپ كېلىپلا ئولتۇردى.

— قالتىس يېنىك ئوينايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن پەردەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

پەردە مىجىتنىڭ گېپىگە قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا بېشىنى مەن تەرەپكە بۇرىۋالدى. مىجىت ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ زالغا ئەچىقىپ قويغان ئۈستەلدىكى قەندەلنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— كەمپۈت يە، — دېدى ئۇ ئاۋۋال ماڭا سۇنۇپ. مەن بىر تال ئالدىم.

— قېنى ئېلىڭ، — مىجىت بىر جۆپ كەمپۈت تاللاپ پەردەگە تولىمۇ سىپايىگەرلىك بىلەن تۇتتى.

— رەھمەت سىزگە، مېنىڭ خوشۇم يوق، جۆپىڭىز بىلەن يەڭ، — دېدى پەردە ئاچچىق بىلەن كۈلۈپ. مىجىت نېمە قىلارىنى بىلمەي دەلدەڭشىگەن ھالدا كۆزىنى سەل قىسىپ پەردەگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. پەردە بولسا ھېچنەرسە بولمىغاندەك بېپەرۋا ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق دەپ نېمە قىلاتتىڭ، — دېدىم مەن سىرتقا چىققاندىن كېيىن پەرىدەنى جىملەپ.

— ئۇ مەن ئارقىلىق سىزنى مەسخىرە قىلماقچى بىلەمسىز، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويالمەيمەن. بۇ گەپنى قىلغان پەرىدە ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ ماڭا سۆيۈنگەن، مېنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ مەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلالايتتى.

مىجىتنىڭ ئاتا - ئانىسى يۈزلۈك، يوللۇق ئىدى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ماڭغۇزۇپ يۈرۈپ ئاخىر پەرىدەنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ماقۇلغا كەلتۈردى. نەچچە مىڭ سوملاپ پۇل خەجلەپ چاي ئىچۈرۈشمەكچى، ھېچكىمگە سىلىپ باقمىغان تويلۇقنى سېلىپ پەرىدەنى ياسىماقچى، ھېچكىم قىلمىغان ھەشەمەت بىلەن داستىخان سېلىپ داغدۇغا پەيدا قىلىپ قىز يۆتكىمەكچى بولۇشتى. 12 مىسقاللىق ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئالدىن پەرىدەگە ئەۋەتىپ كۆرسىتىشتى. ئالتۇن ھالقا بىلەن ئۈزۈكنىڭ پاسونىنى كىشى قويۇپ سوراتتى. مەن پەرىدەگە ئۇنداق نەرسىلەر تۇرماق بىر قۇر كىيىممۇ ئېلىپ بېرەلمەيتتىم. چۈنكى مېنىڭ مائاشىم تەجرىبە سايمانلىرىم بىلەن كىتابتىن ئاشمايتتى، پەرىدە بۇنى بىلەتتى. شۇڭا مەن ئىختىيارنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قويدۇم.

— شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم ئەھۋالىغا قاراپ تاللىۋالىدىكەنمەن - دە، دېدى پەرىدە كېيىم تۆكىشكەلا ماڭا تىكتىلىپ قاراپ.

— بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى، قۇرۇق ھېسسىياتقا بېرىلىپ باشقا تەرەپلەرنى ئويلاشمىغان بىلەن بولمايدۇ، مېنىڭ قولۇم بەك قىسقا.
پەرىدە ماڭا بىردەم ئۇندىمەستىن قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
— مېنى ياراتمىدىڭىز شۇنداقمۇ؟ كەپنى ئوچۇقلا دەڭا، مەن سىزنى بۇنداق تۇترۇقسىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.
زۆھرە، مەن ئاشۇ پەرىدەنىڭ ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلمىشىغا قانداقمۇ ئىشىنەي؟ ئۇنىڭغا كۆز تەگدى. تەقدىرنىڭ كۆزى تەگدى. تەقدىر ماڭا ئىنسانلار بېغىدىن بىر چىرايلىق غۇنچىنى سوۋغا قىلغان ئىدى، مەن ئۇنى چېكەمگە قىسىشىم بىلەنلا ھەسەت ئىلاھى چىدىيالماي تەقدىر ئىلاھىنى قۇتراتتى. بۇ ئىلاھ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا قانلىق قولى بىلەن بۇ غۇنچىنى نابۇت قىلىپ ئۆز قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.
ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلىش دېگەندىن خالىي ئىكەنلىكىگە كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. راستىنلا، بۇ جاھاندا كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلار ئاز بولغانمىدى؟ شۇڭا مەن بۇ ئىشنى قانداقمۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى دەپ ئېيتالايمەن. ئاھ بىچارە پەرىدە. زۆھرە، مېنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.
ئاڭلىسام مىجىت يەنە ئارىغا ئادەم قويۇپ پەرى-

دەگە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېرىشىشى تەس بو
غان ئالاھىدە شارائىتلار توغرىلىق ۋەدە قىلىپ يېلـ
ىپ — يالۋۇرۇپتۇ. «چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىپ ئا
دىن نىمە كۆرسەم كۆرىمەن» دەپ تەھدىتمۇ ساپتۇ
ئەمما پەرىدە سوغۇق كۈلكە، كەسكىن پوزىتسىيە بىـ
لەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىپتۇ. ماڭا بۇ
مىجىتنىڭ ئەلچىلىككە قويغان ئادىمى ئۆز ئېغىز
بىلەن ئېيتىپ بەردى.

مىجىت شۇ ئېپلاس ۋاستە ئارقىلىق پەرىدەنىڭ
بۇرنىدىن تۆگىنى يېتىلىگەندەك يېتىلىيەلەيمەن، ئار
قامدىن يۈگۈرۈيدىغان قىلىمەن دەپ چۆچۈرىنى خا
سانىغان.

ئەمما پەرىدە ئۇنى ھېچقاچان كۆڭۈل ئۆيىگە
يولاتمىغان، روھىغا ئارىلاشتۇرمىغان. ئۇ جىسمانىي
ئاجىزلىقى تۈپەيلىلا ئۇنىڭدىن يېڭىلدى، بىراق ھەقىقىي
ئاجىز كەلگىنى مىجىت. ئۇ پەرىدەنىڭ پاك روھىنى
قوچۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە
قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىدە ھەقىقىي يىگىتكە
خاس بولغان مۇھەببەت ھاسىل قىلىش كۈچىنىڭ
يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ نامەردلىك قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. بۇ بىر يىگىتكە نىسبەتەن نەقەدەر
چوڭ ئاجىزلىق — ھە؟! بىراق قارا، كۈچ قاچان
روھىنىمۇ قوشۇپ ئىگىلەشكە قادىر بولغان؟ پەرىدەنىڭ
جىسمى بۇلغاندى، ئەمما روھى ئاۋۋالقىدەكلا
پاك. جاھاندا پاك روھنىمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە

نېمە بار؟

مېنىڭ دەيدىغانلىرىم بەلكىم مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىگەن بولاتتى، بىراق پېشانەمگە ئۇنداق يېزىلمىغان بولسا كېرەك. تەقدىر خۇددى ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىشىمنى تىلىگەندەك تۇنۇگۇن مۇنداق بىر ئىشقا داخىل قىلىپ قويدى. ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇراتتىم. ئۇدۇلدىكى ماگىزىنىدىن تۇيۇقسىز قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى، يۈگۈرۈپ باردىم، بىر ئايالنىڭ پەريادى. ماگىزىننى بىر ئالغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ تۈشىمۇ تۈشتىن ئەھۋال سوراپ پېتىراپ كېتىپتۇ. ئايال بولسا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ، نېمە قويۇۋاتقىنىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە جىددىيلەشكەن ئىدىكى، تۇرۇپ ئۆزىنى ئۇياققا ئېتىپ يۈگۈرۈيتتى، تۇرۇپ ئۆزىنى بۇياققا ئېتىپ يۈگۈرۈيتتى. تۇرۇپ ئىزىدا پىرقىرايتتى. ئۆزىنى كاچاتلاپ چاچلىرىنى يۇلاتتى. مەيدىسىگە مۇشتلايتتى. جان تالىشىۋاتقان جانداردەك ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى. سەكرات تارتىۋاتقاندەك خارقىراپ تىپىرلايتتى، يەنە تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆزىمۇ مۆلچەر قىلمىغان بىر تەرەپكە قاراپ ئېتىلاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراۋالغان كىشىلەرگە باققان كۆزلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تەشۋىش ۋە قورقۇش، ئىپادىلەش تەس بولغان ئىلتىجا، چەكسىز ھەسرەتنى نامايان قىلىۋاتقان. ھال ئېيتىش بىلەن تولغان ئىدىكى كۆرگەن، ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان زەررىچە ياردەم ئۈچۈن باش

بىلەن يۈگۈرگۈسى كېلەتتى.

ئەتراپتىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى، ئاڭلاپ تۇردۇم. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ھەممىلا ئادە... ئۇنىڭغا ئاسانلىق تىلىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنى مۇش... ھالغا چۈشۈرگۈچىگە لەنەت ئېيتتى. سورۇننىڭ رايى... دىن قارىغاندا ئەگەر بۇ ھالنىڭ سەۋەبكارى قولغ... چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا چالما - كېسەك بولۇپ كېتىشى چوقۇم ئىدى. سەۋەبىنى بىلگۈڭىز كېلىدىغانت... دۇ زۆھرە. سىزنىڭمۇ خۇددى مېنىڭ ئەتراپىمدىكى... كىشىلەرگە ئوخشاش ھېلىقى ئەقلىدىن ئازغۇدەك دەر... جىدە يىغان چېكىۋاتقان ئايالغا ھېسداشلىق قىلىدىغان... لىقىڭىزغا، بۇ يىغانىڭ سەۋەبكارىغا ئەجەل تىلەيدى... غانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. قىزلىق ھۆسنى ئۆچۈپ ئۆلگۈرمىگەن بىر ياپىياش ئايالغا نىسبەتەن ئوچۇق سورۇندا بۇنداق تەلۋىلەرچە ھالەت شەكىللەندۈرۈش ئوڭاي دەمسىز؟ كېيىم ئەگىسىپ كەتتى. مەن سىزگە ئىشنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرمەكچى ئىدىمغۇ؟ ھېلىقى ياش ئايال ماگىزىندا كاسسىر ئىكەن، ئۇ بىر كۈنلۈك سودىدىن چۈشكەن 10 مىڭ يۈەن پۇلنى بانكىغا ئەكى... تىشۋېتىپ، لازىمەتلىك ئۈچۈن بۇ ماگىزىنغا كىرىپتۇ. بۇ كىرىشىنىڭ بىر چوڭ پېشكەللىككە قىلىنىغان، سەپە... ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن، غەپلەت باسقاندەك بىر قاپ سەرەڭگە ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 مىڭ يۈەن پۇل سېلىنغان سومكىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنچ قىلغان بۇ ئايال قىل-
سىغقۇدەك بىر ئېھتىماللىققا ئورۇن قويۇپ ئويلىمىغان
بولغىيتتى بەلكى. بولمىسا شۇنچە پۇل بىلەن ماكىزىن-
غا كىرەتتىمۇ؟

«تەقدىر دېگەن مانا شۇنداق بىر گەپ ئوخشاي-
دۇ» دەپ ئويلىدىم مەن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك
هالەتكە كېلىپ يەر قاساۋاتقان ئايالغا قاراپ ئېچىن-
غان هالدا. نېمە ئۈچۈندۇر هېلىقى ئايال تۇيۇقسىز
چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ
قالدى ـ دە، ئاندىن خۇددى شۇ تۇرۇشىدا ئالدىدىكى
خارابىلىشىش، يوقىلىش مۇساپىسىنى كۆرگەنىدەك، تەق-
دىرنىڭ شۇ مىنۇتتىن باشلاپ تۈپتىن ئۆزگىرىدىغان-
لىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك ئىزىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ
قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى. تارام ـ تارام
ياش پەسكە سىرغىدى، چىرايىدا قان دىدارى قالماي
ئاقىرىپ كەتتى. مەن ئىچ ئاغرىقىدا چىداپ تۇرالماي
قايتىپ چىقتىم. يوشۇرمايلا ئېيتاي زۆهرە، شۇ مىنۇت-
تىن باشلاپ پەردە خىيالىمغا كىردۋالدى. ئۇنىڭ
پېشكەللىككە ئۇچرىغان مىنۇتلىرىنى قىياسەن كۆز ئال-
دىمغا كەلتۈردۈم. چۈنكى پەردەمۇ ئاشۇ ئايالغا
ئوخشاشلا يوقىتىشقا ئۇچرىغان، يوقىتىشنىڭ هەممىسىلا
ئوخشاش ئازابلىق بولىدىغۇ؟! پەردەنىڭ ئۆزىنى شې-
غىل ئۈستىگە تاشلاپ ياقا يىرتىپ قىلىۋاتقان پەريا-
دى قۇلاق تۈۋىمدە، هەسرەت ئەۋجىدە ئۆزىنى يوقات-
قان سەكپارە هالىتى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇشقا

www.uyghurkitap.com

باشلىدى. ئەنە يۈرىكىمنى مۇجۇغىنىنچە، ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغان كاسسىر ئايال، ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپ قالغان پەردە، كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقان كاسسىر ئايال. قولىنى مەھكەم چىشلىگەن ھالدا بۇقۇلداپ ئىسەدەۋاتقان پەردە.

— سىز ئېيتىپ بېقىڭا زۆھرە، ھېلىقى ئايال شۇنداق بولۇشنى خالايتتىمۇ؟ بىراق ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا ئىش شۇنداق بولدى. بۇ ئۇنى يەتكىچە ئازابلايدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۇ ئەيىبلەنسە (ئەلۋەتتە قانۇندىن سىرت) ئۇنىڭغا ئۇۋال بولۇپ كەتمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا ئادىللىق دېگەن نەدە قالىدۇ؟ ئەمدى گەپنى پەردىگە يۆتكىسەم بۇ ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوقمىدۇ؟ پەردە نېمە ئۈچۈن كېيىنمۇ مىجەتنى رەت قىلدى. ئۇنى خۇددى ھېلىقى ئايالغا ئوخشاش ھايات مۇساپىسىدىكى بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغۇچى دېگىلى بولماسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇنى قانداقمۇ قارىلاي؟

زۆھرە. جاھان پۈتۈن ئىللىقلىقىنى يوقىتىپ سوۋۇپ كەتتىمۇ ياكى تومۇز ۋاقتى يەتتىمۇ، نېمانداق تۇرۇپ مۇزلاپ، تۇرۇپ تەرلەيمەن. كۆز ئالدىمنىڭ دەم قاراڭغۇلىشىپ، دەم يورۇشى نېمىدىن؟

— ئاھ، سەۋدا بىسلەن تولغان بېشىم. خوش تېلىك زۆھرە.

شىر ئەلدىن

## 4

زۆھرە، خېتىڭنى ۋە خېتىڭگە قوشۇپ ئەۋەتكەن شىر ئەلىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ كەتتىم. ياشلىرىم تېخىچە قۇرۇغىنى يوق. مەن بۇ جاھاندا مەندەك بۇلغانغان قىزغا يەنە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سەن خېتىڭدە «سېنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىڭنى ئەل بىلىدۇ» دەپ يېزىپسەن. ياق زۆھرە، مېنىڭ ئۆتمۈشۈمگە، ئاشۇ كىرىستالدەك پاك ئەخلاقىمغا مەنسۇپ ئىشلار ئەمدى كېچىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرگەن. بىراق ئويغانغاندىن كېيىنلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان چۈشكە ئايلاندى. ئۇ خىرە - شىرە ئەسكە كېلىدۇ، بىراق دېيىشكە ئۇلگۈرمەيلا كېيىنكى قاباھەتلىك چۈشىنىڭ خاتىرىسى ئۇنى كۆمۈپ ئەستىن چىقىرىپ تاشلايدۇ.

زۆھرە، شىر ئەلىنىڭ خېتىنى ئەۋەتمىسەڭ بوپتىكەن، ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە تۇز سېپىپ نېمىمۇ قىلاتتىڭ. ماڭا ئۇنى ئەسلىتىش راۋامۇ زۆھرە؟ مېنىڭ زارىمنى قوزغاپ، ئازابلىنىشقا قىستىمىساڭ بولاتتى. سەن ئەۋەتكەن تەقدىرىدىمۇ ئۆز - ئۆزۈمنى سوراپ ئوقۇمىسام بوپتىكەن. ئۇنىڭ مېنى كەچۈرمەسلىكى، مېنى باشتىن - ئاخىر ھاقارەتلىشى لازىم ئىدى. ئۇ بىر پارچە خەت بىلەن ئەمەس، ئۆمۈر بويى ماڭا لەنەت ئوقۇش بىلەن ئۆتسىمۇ مەن رازى. چۈن-

كى ئەمدى مەن پەقەت شۇنىڭغىلا لايىق. مەن شىر-
ئەلىدىن شۇنى كۈتكەن. ئويلىماپتىمەن، ئۇنىڭ بېشىغا
كەلگەن بۇ ئەلەمنى گويا ئەينەك سۇنۇقلىرىنى يۇتقان-
دەك يۇتۇۋېتىپ تۇرۇپ ماڭسا يەنە ئالىيجانابلىق
كۆرسىتىشىنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. جاھاندا مۇشۇنداق
ئادەمدىن يەنە قانچىسى باردۇ؟

ئاھ زۆھرە، مەن شىرئەلىنى قانچىلىك ياخشى
كۆرىمەن ـ ھە؟! ئۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغان بەخت،
خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئالىمى. ئۇنى سۆيۈش
ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى. كۆركى، زۆھرە، مەن ئۇنى شۇ
دەرىجىدە ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ كەچۈ-
رۈم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلماقچى ئەمەسمەن. بۇنىڭغا خاھىشىم يول قويمايدۇ.
ھەرگىزمۇ! ئەگەر مەن شىرئەلىنىڭ مېنى كەچۈرگىنى
ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىنى تاللىۋالغان بول-
سام بىز تولىمۇ نەپسانىيەتچىلىك بولاتتى، بۇ قوشۇلۇش
شۈبھىسىزكى مېنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىراق شىر-
ئەلىچۇ؟ ئۇ گەرچە بۇندىن بۇرۇن مېنى ياخشى كۆر-
گەن بولسىمۇ لېكىن بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى
بەختلىك ھېس قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟
ياق زۆھرە، ياق! مۇمكىن ئەمەس. ھازىر شىرئەلىنى
مۇھەببىتى يەڭدى. بىراق مەن يولۇققان بۇ بەخت-
سىزلىك ئەتە جەزمەن ئۇنىڭ گېلىغا خۇددى بىر پارچە
سۆڭەكتەك تۇرۇپ قالىدۇ، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى
يۇتۇۋېتەلمەيدۇ. بۇ جەزمەن ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ئازاب-

لايدۇ. دېمەك ئەتە يېڭىدىغىنى مۇھەببەت ئەمەس
بەلكى غۇرۇر. شىر ئەلىنىڭ بۇنداق ھېسسىيات ئازابى
ئىچىدە ياشىشى بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ بەخت-
كە ئېرىشىشىم ھېسابىغا شىر ئەلىگە نېسىپ بولىدىغى-
نى ئەنە شۇ.

زۆھرە، خۇشاللىق ۋە دىل ئاراملىقى دېگەن نېمە؟
سەن بۇنى قانداق چۈشىنىسەن؟ مېنىڭچە بىر-بىرىنىڭ
قەلبىنى ئازابتىن خالاس قىلىش، بىر-بىرى ئۈچۈن بەخت-
لىك ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش، قىسقىسى، بىر-
بىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاش — مانا بۇ ھەقىقىي سۆيگۈ
ئىگىلىرىنىڭ خۇشاللىق ۋە دىل ئاراملىقى. ئەگەر خۇ-
شاللىق ۋە دىل ئاراملىقىغا بىر ئۆيگە جەم بولغاندىن
كېيىنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېيىلسە بۇ تولىمۇ
تار ئويلىغانلىق بولىدۇ. بىر-بىرىنى ياخشى كۆر-
گەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىر ئۆيدە ياشى-
شى ناتايىن.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتى بىلەنلا
قەدىرلىك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسىچۇ؟ مەسىلەن،
مەجىتكە ئوخشاشلار قارىماققا غالىب. ئۆز ئېپلاسلىقى
بىلەن يەڭگۈچى، ئەمما ئۇ شۇ ھايۋانىي قىلمىشى
بىلەن مەڭگۈ خاك — تۇپراققا تەڭ، مەڭگۈ نەپرەت
ۋە لەنەت ئىچىدە كۆيىدۇ.

زۆھرە، كىشىلەر «ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى
ئۆتۈپ كەتتى، تارىخ بولۇپ قالدى» دېيىشىدۇ. لېكىن
شىر ئەلى بىلەن ئۆتكەن بەختلىك چاغلار مەن ئۈچۈن

تارىخ ئەمەس. مەن مەڭگۈ شۇ كۈنلەرنىڭ ئەسلىمەسى بىلەن ياشايمەن. ئۇنىڭ كۈلكىسى مەن ئۈچۈن خۇشاللىق، ئۇنىڭ بەختى مېنىڭ دىل ئارامىم. مەن ئۇنى مەڭگۈ سۆيىمەن. ئەبەدىي سۆيىمەن. شۇ سۆيۈش تۈپەيلى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمايمەن. ئۇ مېنىڭ ئارمىنىم، مەۋجۇت ئىلاھىم. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە، تەسەۋۋۇرۇمدا مەن بىلەن مەڭگۈ بىللە. ئاھ سۆيۈش.

پەردە.



# ئۇ مېنىڭ پەرىشتەم

1

قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۇ ئايالنى يامانلاپ سۆزلەشـ
كەنلىرىنى پات - پات ئاڭلاپ قالاتتىم.

— كۆڭۈلدىكىدەك قوشنىغا ئېرىشىشمۇ تەس ئىكەن، — بوسۇغىمىزغا تىكەن ئۈنگەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ - بۇ.

— «تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك، تۈنۈگۈن كۆچۈپ كېلىپلا بۈگۈن بالىلارنى خالىغان يېرىدە ئويناتقۇزمايدىكەن. بىزنىڭ كەنجىنى «نېمە جاڭگالدا ئېزىپ قالغاندەك ۋارقىرايسەن» دەپ ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىۋېتىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قورۇسىدا يۈرەكلىك ئوينىيالمىسۇنمۇ ئەمدى؟

— قايسى كۈنى تازا ئۆتكىدەك بىر گەپ قىلاي دەپ ئاچچىقىم بىلەن چىقىۋېدىم، قارىسام تام قوشنىسى ئەمەتجاننى «ئۇنىمالغۇنى ئاستا قويمىدىڭ» دەپ داپۇرۇس قىلغىلى تۇرۇپتۇ، ئەلپازى بەك يامان. «تووۋا» دەپ ياقامنى تۇتقىنىمچە كەينىمگە ياندىم. ماخشا - ساز بىلەن خوشى يوق ئىكەن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالۋاستىنىڭ.

ئىشىكى ئالدىدىكى دەرەخكە قونغان قۇشقاچلار-
مۇ چالما ئېتىپ يۈرگىنىمچۇ تېخى!

— ئالجىپ قالغان خوتۇن ئوخشىمامدۇ بۇ! ...
بىر كۈنى مەن ئۇ ئايال توغرىلىق ئايالىمدىن
سورىدىم:

— ئۇ، رەخمىتىنىڭ نېمىسى ئىكەن؟ ...

— ئايالى ئىكەن.

مەن ئايالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىـ
نىمدىن داڭ قېتىپ قالدىم.

— نېمە دەۋاتىسىز. توۋا دەڭ، ئۇ ئايال
بەلكى رەخمىتىنىڭ تۇغقىنىدۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، نېمانداق ئىشەنمەيدىغاندۇ،
راست خوتۇنكەن! — دېدى ئايالىم مەسخىرە ۋە تەنە
بىلەن، — تەڭشەلمىگەن جاھان دېگەن شۇ - دە.
تەلەيىنى نەگە بارسەن دېسە سوتا بىلەن دوقۇغا
دەپتىكەن. بۇ سەت ئۇستىراكاپ قانداق قىلىپ شۇ
قاتارلىق ئادەمگە ئىلىشىپ قالغاندۇ دەيمىنا؟ تېخى
«رەپىقەم، خانىمىم» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن
ئۇ كىشى، باشقىچىرەك ئايال بولغان بولسا ئايىغىدا
ئۆمىلەركەنمۇ دەيمەن. ئىنژىنېرمىش تېخى!

ئەمدى مەندە ئايالىمنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا
گۇمان قالمىغان ئىدى. ھەي ... ئەرلەر ئارىسىدا
شۈنچىلىك بىلىمسىزلىرى باركى، ئۇلار مېۋىلىرى مەي-
باغلاپ پىشقان باغقا كىرىپ تولۇق شاپتۇل ئۈزۈپ چىـ

قىشىدۇ. رەخمۇپمۇ ئەنە شۇنداقلاردىن ئوخشايدۇ.
لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھەرقانداق ئايالنىڭ
مەيلىنى تارتالىغۇدەك كىشى ئىدى، قان تېمىپ تۇرىد-
دىغان يۈزىدىن ھەمىشە خۇش تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى،
ئۆزىنى تولىمۇ رەتلىك ۋە پاكىز تۇتاتتى. ئارقىغا
ياندۇرۇپ تارالغان قۇندۇزدەك قارا چېچى، خۇددى
بوۋاق بالىنىڭكىدەك پومزەك قولى، قىز كۆرگىلى ماڭ-
غان يىگىتنىڭكىدەك پاكىز قىردۇرۇلغان ئىڭىكى ئۇنى
40 تىن ئوشۇق كۆرسەتمەيتتى.

ئەمما رابىخان پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە
ئىدى. ئۇنىڭ قارا كۆك رەڭگە كىرگەن چىرايىنى
تىلىم - تىلىم قورۇقلا باسقان ئىدى، تومۇرلىرى
كۆپۈپ چىققان، قوناق شېخىدەك ئورۇق بويىنى
تارتىشىپ تۇراتتى، بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ چىشى-
دىن بىرنەچچىسى يوق بولۇپ، چېكە چاچلىرىنى قاپ-
لىغان ئاقلار، دۈمچەيگەن بەستى رابىخاننى رەخمۇپ-
تىن كەم دېگەندە ئون ياش چوڭ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ
سوڭىغا دەسسەپ كۈن بويى شاقىلدىتىپ سۆرەپ يۈرىد-
دىغان كونا ئايىغى، چېچىنى يۆگەشكىمۇ يەتمەي
قالغان، كىرىشىپ ئالقاندەك بولۇپ قالغان ياغلىقى
تۈرقىنى يېقىمسىز تۇسكە كىرگۈزسە، قوشنىلار بىلەن
تىنچلىق - ئامانلىقمۇ سورىماي، ھېچكىمگە پەرۋا قىل-
ماستىن يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ ئەسلى كۆرۈمسىز
ئەپتىنى تېخىمۇ سوغۇق كۆرسەتتى.

مەن بىر تۇرۇپ، رەخمۇپكامنىڭ تەقدىرىگە ئې-

چىنسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىر
نادانلىق، تەنتەكلىك ئىچىدە ئۆتكەن بولسا كېرە
دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. چۈنكى رەخمۇپكامىنىڭ ئاشۇ
داق بىر ئايالنىڭ جۈپتى بولۇپ قېلىشى تازىغا تاغ
قىسىپ، چوناقتا ھالقا ئاسقانىدەك، ئادەمنىڭ ئەقلى
سىغمايدىغانلا بىر ئىش ئىدى. مەندەك بىر يات ئاد
شۇنچە پۇچۇلىنىۋاتقان يەردە بۇ تەلەيسىزلىككە ر
خمۇپ ئاكا قانداقلارچە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىد
كىن - تاڭ؟!

2

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇربان ھېيت كەلدى
مەھەللىدىكى ئەرلەر جەم بولۇپ ئۆي - ئۆيگە پە
ئوقۇشنى باشلىۋەتتۇق. بىر چاغدا ئارىمىزدىن بىرى
بىز ئۇنتۇلۇپ قېلىشقا تاسلا قالغان رەخمۇپنىڭ ئۆي
نى پەتىلەپ چىقىشقا تەكلىپ بەردى. قولۇم - قوش
نىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى ئانچە خۇشلاپ كەت
مەيدىغان بۇ ئائىلىنى ھېيتلاشنىڭ بىز ئۈچۈن ئانچ
قىزىقىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا «قانداق قىلىمىز» دېگەندە
بىر - بىرىمىزگە ئۈن - تىنسىز كۆز ېقىشىپ قالدۇق
— رابىخاچام تىللاپ قوغلاپ چىقارمىسۇن يې
نە؟ — دېدى ئارىمىزدىن بىرى كۆزىنى قىسىپ، —
ئۇلۇغ ئايەم كۈندە كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلىۋالمايلى
— يوق گەپنى قويۇڭلار، بۇ دېگەن ھېيت، —

دېدى موپسېپىتراق بىرى ۋە توپىنى باشلاپ ماڭدى.
ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىدىن را-بىخانىنىڭ مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— كېلىششىلە، مېھمانلار كېلىششىلە، قېنى مېھ-مانخانىغا.
— بۇ خوتۇننىڭ ھېيتلىق ئاۋازى ئايرىمكەندە،— دەپ چاقچاق بىلەن قۇلىقىمغا پىچىرلىدى بىرسى.
مەن رابىخانىنىڭ بىزنى مۇنداق قارشى ئېلىشىنى ئەسلا پەرەز قىلمىغان ئىدىم، چىراي دېگەنمۇ ئۇز يار-شىقى بىلەن يېقىملىق كۆرۈنسە كېرەك. ئەزەلدىن كۆ-رۈلۈپ باقمىغان بۇنداق خۇش مۇئامىلە ۋە ئادەم قە-دەم بېسىشقىمۇ ئەيمىنگۈدەك دەرىجىدىكى ئۆي تازىلى-قى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. توۋا، مۇشۇ را-بىخانىنىڭ تۇتقان ئۆيى - ھە؟! نەپىس بېزەلگەن بۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن نۇر ۋە ئارام بەخش-لىنىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. دېرىزە يېنىغا قويۇلغان ياپ-يېشىل پىكىس كىشىگە باھار لەززىتىنى بېغىشلايتتى. تولا سۇرتۇلگەنلىكتىنمىكىن، ئەينەكتەك سىلىقلىشىپ كەتكەن، چېكىتچىلىكمۇ داغ قويىماي يۇيۇلۇپ كۆككۈل قويۇپ سىرلانغان ھەربىر دانە خىش، گويا جىگەر-رەڭ مەرمەر تاشتەك يەرنى ئالاھىدە زىننەتلىگەن. قۇ-ياشنىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن ئېتىلىپ كىرىۋاتقان نۇرلىرى پارقىراق ئۆي جاھازلىرى ۋە يەر ئۈستىدە ھېچقانداق داغسىز جۇلالىنىپ تۇراتتى، راستىنى ئېيت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاندا، بۇنداق پاكىز ۋە رەتلىك تۇتۇلغان، ماھىرلىق بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆينى ئۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. مەنلا ئەمەس ھەممىمىز ئەتراپىمىزغا ئىختىيارسىز قاراپ قالدۇق. ھەرقاچانقىدەك پاكىز كىيىنگەن، چىچىنى يانتۇسىغا تاردۇالغان رەخمۇپكا، مېھمانلارنى دىۋانغا تەكلىپ قىلغاچ بىز بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ سالاپىتىلا كىشىنى ئەيمەندۇرەتتى، رابىخان بولسا گويا قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالغان كىچىك بالىدەك پۇت - پۇتىغا تەگمەي شاپاشلاپ، بىزنى داستىخاندىكى تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرگە تەكلىپ قىلاتتى.

بىر كۆڭلۈك پەتە ھارغىنلىقى ھالىمدىن كەتكۈزگەن ئىدى. كەچقۇرۇن ئۆيگە كىردىم - دە، ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم.

— ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ بىر سۇيۇقئاش ئەتكەن بولسىڭىزچۇ - ھە؟ — دېدىم مەن ئېلىپۇزۇر كۆرۈپ ئولتۇرغان ئايالىمغا، — قورساقنىڭ يېرىمى ئاچ، يېرىمى توق، تاتلىق - تۈرۈملەر ئاچقان يەرگە بارمايدىكەن.

— ۋاي خۇدايىم، ياتار قورساق كېتەر قورساق دەپتىكەن، بىر ئاخشام چىددىسىڭىزچۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن.

مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمىدىم. لازا - ئاچچىق سۇلىرى تېتىپ كەلگەن بىر چىنە سۇيۇقئاشنىڭ خۇمارىدا ئالدىمغا پەش-

ھامنى تارتىپ ئۆزۈم ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم، بىر چاغ-
دا ئىشىك ئاستا چېكىلىپ ئويلىمىغان يەردىن رەخى-
مويكام كىرىپ كەلدى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كەرىشنا-
ۋاي كاستۇم - بۇرۇلكا ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگە شۇن-
چە ياراشقان ئىدى.

رابىخاننى كۆزگە ئىلماسلىق سەۋەبىدىنمىكىن، ئۆ-
يىمىزگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويۇۋاتقان بۇ مېھمان ئا-
يالىمنى ئانچىمۇ پايپېتەك قىلىۋېتەلمىدى، لېكىن مەن
ئالدىراپ قالدىم.

— ئوبدان ۋاقىتتا كىردىڭلا، رەخىمويكا، بۇ ئاش-
نى ئۆزۈم ئەتكەن، ئەمما خوتۇن تازا ياراتماي ئول-
تۇرىدى، ئۆزلىرى تېتىپ بېقىپ لالا بىر نېمە دېسى-
لە، — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئاشنى قويۇۋېتىپ.

— ئوخشاپتۇ، ئۆزۈم ئەتكەن دېدىڭىزما؟ — دې-
دى ئۇ ئاشتىن بىر قوشۇق ئوتلاپ.

مەن جاۋاب ئورنىغا كۈلۈپلا قويدۇم.

— قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىگە پە-
تىلەپ چىقتىم، — دېدى رەخىمويكام تولىمۇ قىزغىنلىق
بىلەن سۆز باشلاپ، — باشقا چاغلاردا ئادەم ئالدى-
راشلىق بىلەن پۇرسەت تاپالماي قالىدىكەن، شۇڭا كەچ
چۈشسىمۇ كىرىشىم.

ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، رابىخان ئاچامنى بىللە
باشلاپ كىرىدىغان ئىش ئىكەنىدۇق، چاقىرىپ كىرسۇن-
مۇ - يە؟

— ۋاي ئۇكام، ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىش يىغى-

www.uyghurkitap.com

ۋاپتۇ. بۈگۈن تۈگەتمىسەم بولمايدۇ، كېيىنچە كېرو
مەن دەپ ئۇنىماي قويدى.

ئايالىم گەپكە ئارىلىشىپ:

— ۋاي - ۋۇي نېمە قىلىسىز، بىللە ئەكىرمىكە
دىن كېيىن خىجىل قىلىپ، ئۆزىڭىز چۈشىنىۋالسىڭىز
بولىدىغۇ، — دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قىلىپ.

— نېمىنى چۈشىنىۋالىمەن، — مەن گويا ئۇنىڭ
سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۆزۈم
نى يۇمۇشلاپ قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن قالايمىقان سۆزل
مە دېمەكچى ئىدىم، ئەمما ئايالىم مېنىڭ ئىشارىتىم
پىسەنت قىلماستىن بېشىنى تولغىدى:

— رەخمۇپكامنىڭ خىجىل بولىدىغان بىر يېرى
بار - دە، ئۆزىگە قارىسا شۇنداق قامالاشقان، چىراي
دېسە بار، سۆلەت دېسە جايىدا، رابىخان ئاچام بو
سا... بىچارە ... بىزغۇ ئۇنداق ئويلىمايمىز، ئەم
قولۇم - قوشنىلار «رەخمۇپ ساۋاپنىڭ چوڭىنى ئا
غۇدەك» دەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — قىزىقىپ سورىدى رەخمۇپكا

— ئەر كىشى ئۆزىدىن چوڭنى ئالسا ساۋاپ بول
دۇ، دەيدىكەنغۇ.

مەن خىجىللىقتىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئۇپۇل
توپۇل ھاراق قۇيۇپ رەخمۇپكامنىڭ ئالدىغا قويد
ۋە ئۇنىڭغا ھېيىقىش بىلەن نەزەر ئاغدۇردۇم.

ئۇ دەسلەپ خۇددى تاش چاينىۋالغاندەك تۇرۇ
لا قالدى ۋە ھۇپپىدە قىزاردى. بارا - بارا قوشۇم

سى سەل تۈرۈلگەندەك بولۇپ بايىقى قىزىللىق ئورنى-
نى ئەمدى ئېلىغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر مۇرەككەپ
سىزىم ئىپادىسى ئىگىلىدى، كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بول-
غان ئارىلىقتا ئۇنىڭدىكى بايىقى قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ
قالمىغان ئىدى. ئۇ، يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ تۇتاش-
تۇردى - دە، گەپ - سۆزسىز شوراشقا باشلىدى. رە-
خىموپكامنىڭ بىر نۇقتىدىن كۆز ئۈزمەي باش بارمىقى
بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغان
بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: «دېمەك، ھايات ھېچكىمنى پۇ-
شايمانسىز، دەرد - ئەلەمسىز قويمايدىكەندە، بىچارى-
نىڭ يۈرىكى يېتىپ - ئاشقىچە ھەسرەت بىلەن تولغان
بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭۈل
غەشلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بىر رومكا كۆتۈرۈشكە
تەكلىپ قىلدىم، لېكىن ئۇ دەماللىققا ئىچمىدى. رومكىغا
تىكىلگىنىچە ھەدەپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى. بىر كەم-
دە ئۇ تاماكىنى تاشلىدى ۋە گەپ - سۆزسىزلا ئالدى-
دىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈ-
چۈن ئارقا - ئارقىدىن قويۇۋەردىم.

— بايا نېمە دېدىڭىز، سىڭلىم، — دېدى ئۇ
ئۈچىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ئايالىمغا قارىماي
تۇرۇپ، — «ئۆزىدىن چېك ئايالنى ئالسا ساۋاپ بول-
غۇدەك» دېدىڭىزما؟ دېمەك بۇ ساۋاپ ماڭا مەڭگۈ نې-
سىپ بولمىغۇدەكتە ... رەخىموپكامنىڭ ئايالى ئۆزىدىن
چوڭ ئىكەن، دېگۈچىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ، باشقى-
لارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، رابىيە مەندىن

www.uyghurkitap.com

چۈن ۋىسال شادلىقىدىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە بار ئى-
دى؟ ئەمما بىز ئايرىلدۇق. بەختلىك ھايات يولىمىز-
نىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسا - باسمايلا ئايرىلدۇق. توي
مۇراسىمىنىڭ يېرىمىدىلا مەن تۇتۇپ كېتىلدىم. رابى-
يەنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن
كەتمەيدۇ. ئۇ بېشىغا ئارتىۋالغان ئاۋاترەڭ رومىلىنى
ئېلىپ تاشلىدى - دە، ماڭا قاراپ ئېتىلدى، ئەمما
ئىككى نەپەر خەلق ئەسكىرى كېلىپ ئۇنى توسۇۋال-
دى، رابىيە تىپىرلىدى، يالۋۇردى، گويا توي ئەمەس
ئۆلۈم ھازىسى بولغاندەك نالە قىلىپ يىغلىدى. ئۇ
دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭ نىكاھىغا دۇئا بەرگەن
پەيتتىمۇ بۇنداق يىغلىمىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ
قىلغانلىرى مېنى تۇتقىلى كەلگەنلەرگە تەسىر قىلىش
بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇلارغا بىر تاماشا بولۇپ
بەردى، قوللىرىم چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا ماشى-
نىغا چىقىرىلدىم. ماتور ئوت ئالدى. رابىيە خەلق ئەس-
كەرلىرىنىڭ قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقتى - دە، ماشىنى-
نىڭ كەينىدىن يۈگۈردى، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى... ئەم-
ما ئۇ قانداق قىلىپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىلەن تەڭ-
لىشەلىسۇن! تۇيۇقسىز ئۇ موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈش-
تى، ئاپئاق توي كىيىمى توپا بىلەن بۇلغاندى...

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار مېنى
كۆرەش قىلىشقا ئەپچىقتى. يىغىن مەيدانى ھەيۋەت-
لىك تۇس ئالغان، ئەتراپىنى چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە
شۇئارلار قاپلىغان ئىدى.

باش تېز بىلەن تەڭ ئېگىلىپ، بىھۇدە دىل ئازا-
بىدىن يۈرەك يېرىلغىلى ئاز قالغان. ئاشۇ مىنۇتلاردا،
ئادەم ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى بىر ئىلمەق تەبەس-
سۇمغا، ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئېغىز سىلىقراق تەسەل-
لىگە نەقەدەر موھتاج ـ ئاھ!

كەچكىچە مېنى ئامبۇردەك قامىلاپ، ئۇستۇمدە قوي-
ناۋاتقان مۇشتلار، ئارقا ـ ئارقىدىن كۆلدۈرمامىدەك
ياڭراۋاتقان ھاقارەتلىك شوئارلار يۈرىكىمنى ئازابلاپ،
كۆزۈمگە كۆز قاراڭغۇلۇق تىقىلىشقا باشلىغان ئاشۇ
مىنۇتتا، رابىيە جان ـ جەھلى بىلەن چىۋقان سالغان
پېتى زالغا يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ ۋارقىرايتتى، قولىنى
شىلتىيتتى، غەزەپتىن دەھشەتلىك تۈسكە كىرگەن ئىدى.
ئۇ كەلگەن پېتى سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە،
قوللىرىمنى قايرىپ ئېگىشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرغان خەلق
ئەسكەرلىرىگە ئېتىلدى:

— قويۇۋېتىش جاللاتلار، قويۇۋېتىش دەيمەن!
نېمە گۇناھى ئۈچۈن بۇنچە قىلىشىسەن!؟ ئۆلتۈرۈپ
يېيىشمەتىڭ: مانا مېنى باغلاش، مېنى سوتلاش، مېنى
يېيىش...

ئۇ بىر تەرەپتىن، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلە-
سە، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنى قوشتەك قاماللاپ تۇر-
غان تېز ئاقلار ئارىسىدىن بوشاتماقچى بولۇپ، بار كۈ-
چى بىلەن ھېلى ئۇڭ يېنىمدىكى، ھېلى سول يېنىمدىكى
كىشىگە ئېتىلاتتى، كىملەرگىدۇر تىنۇكۇرەتتى، كىملەر-
نىدۇر تېپىشكە ئۇرۇناتتى ... يىغىن مەيدانىنى بىردىن

ئەۋرەپ كەتتى، زال ئىچىنى گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار
بىر ئالدى. بەزى بۇلۇڭلاردىن شوئارمۇ كۆتۈرۈلدى.
بۇنىڭغا قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز قاتقۇچىلارمۇ، رابىيە بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان
ئېلىشىشقا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇلغۇلا قىلىشقۇچى-
لارمۇ بولدى. رابىيە سەھنە ئۈستىدە گويا جېنىدىن
تويغان ئادەمدەك ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتماي، چۇ-
قان سېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.
ئەمما رابىيەنىڭ — ئاشۇ ئاجىز ئايالنىڭ كۈچى
نېمىگىمۇ يەتسۇن!؟ بىر نەچچىسى رابىيەنىڭ چېچىدىن
تولغاپ دارقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.
تاياق زەربىدىن ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويال-
غان ئىدى، لېكىن ئۇ بار كۈچى بىلەن كەينىگە تىر-
رەجەپ ۋارقىرايتتى.
— ئەپلا سىلەر، جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، ئۇنىڭغا
تېگىشكۈچى بولۇشما!...
يىغىن بۇزۇلدى، ئېسىلانچىلار ھەرقانچە قىلىپ-
مۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئاممىنى تەرتىپكە چاقىرال-
ماي، يىغىننى يېپىشقا مەجبۇر بولۇشتى.
راستىنى ئېيتسام، ئۇ چاغلاردا بېشىمغا چۈشكەن
كۈلپەتلەر مېنى ئۇنچىلىك ئازابلىمىغان ئىدى، لېكىن
رابىيەنىڭ مېنى قوغداش يولىدا ئۇچرىغان خورلۇقلىرى
ئۈچۈن چەكسىز ئازابلاندىم. ئەمما شۇ ئىشتىن كېيىن
مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى.
مەن يالغۇز ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم. ماڭا ياش-

ۋاپا ئىكەنسى ئۇچۇن ياشاپ قېلىش ئەستىكەنى بېغى
لىدى.

شۇ قېتىملىق كۆرەشتىن كېيىن رابىيە نىمىۋ مسولا
دى، ئۇ بىر نەچچە چىشىدىن ئايرىلغان ئىدى. مىنى
كۆرەش قىلىشقا، سازايى توۋلىتىشقا ئېلىپ چىققا نىدا
ئۇنىمۇ بىللە قوشۇپ ئېلىپ چىقاتتى، بەزىدە بىزلى
كۆن بويى ئايلاندۇراتتى، رابىيە بولسا نەلەردىن
تاپىدىكىن، يانچۇقىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى سېلىۋالا
تى ۋە ئىسيانچىلار دىققەتسىز تۇرغان پەيتلەردە بۇ
نەرسىلەرنى ماڭا بېرەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بىزنى «7 – ماي» كادىرلار مەك
تىپىگە ئېلىپ باردى، مەن كېسەك قۇيۇشقا تەقسىملەن
دىم. ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇنىڭ ئىچىدە يۈرۈش كو-
شۇنداقتىمۇ چىشىمنى – چىشىمغا بېسىپ ۋەزىپىنى ئادا
قىلىشقا تىرىشاتتىم. بىر كۈنى ئەتىگىنى ياغاچتەك قې
تىپ قالغان بېلىمنى ئاران رۇسلاپ، ئاخشام چىلاپ
قويغان لايىنى قېزىۋېلىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلدىم.

كۆزۈم ئاۋۋال تەكشى قۇيۇلغان كېسەكلەركە،
ئاندىن ئۇرەكتىن كۆچ بىلەن لاي چىقىرىۋاتقان نامە-
لۇم بىر سىگە چۈشتى، مەن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلى
نى بىلەلمەي بىر دەقىقە ھەيران قالدىم ۋە ئىتتىك
ئالدىغا ئۆتتۈم، ئالدىمدا بىر كۆمىلاچ لايىنى كۆتۈر-
گەن پېتى يۈز – كۆزلىرى قارا تەرگە چۆمگەن رابى-
يە تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈز ۋە كىيىملىرى لاي بىلەن بول-

غانغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، كۈچ كەلگەنلىكتىنمىكىن. گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ، چېكە چاچلىرى ئارىسىدىن مۈنچاق - مۈنچاق تەر تامچىلىرى چىپىلداپ قۇيۇلۇۋاتاتتى. گەۋدىسى گويا ئۆز سالمىقىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك ئالدىغا سەل ئېگىلگەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ بۇنداق سەھەردە پەيدا بولغانلىقىمنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى...

ئىككى يىلدىن كېيىن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم، جۇدالىقنىڭ ئېغىر كۈنلىرى باشلاندى. چۈنكى بۇ 15 كۈن ياكى 15 ئاي ئەمەستە! مەن ئۆزۈمدىن كۆرە رابىيەنىڭ تەقدىرىگە بەكرەك ئېچىندىم. ئۇنى كۆز يەتكۈسىز جۇدالىق دەشتىگە باشلاپ قويۇشقا نېمە ھەققىم بار ئىدى؟ كاشكى، مەن ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى بىرەر دەقىقىلىق سەپەردىشى بولالىغان بولسام! ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئىنسانىي ۋىجدان مېنى ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ قاتىلى بولۇپ قالماسلىققا ئۈندىدى. شۇڭا مەن رابىيەگە ئايرىلىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن خەت يازدىم. لېكىن ئۇ گويا مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا مېنى يوقلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېمىنىدۇر ئاختۇرۇپ تېپىشقا تىرىشاتتىم. ھەربىر ھەرىكىتىدىن قانداق شەپە بېرىدىغانلىقىنى ئويلىناتتىم. ئەمما ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر ماڭا پە-

قەت تەشنا. ئىنتىزارلىقىمنىلا بەلگىسىنى، ھەر بىر ھە-
رىكىتى ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ كۈچى بىلەن ئەۋجىگە
چىققان چەكسىز كۆيۈنۈشىنىڭ بىشارىتىنى بېرەتتى.
ئاخىر مەن رابىيەگە يۈز تۇرانە ئېغىز ئېچىشقا مەج-
بۇر بولدۇم.

— رابىيە، — دېدىم مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ مېنى
يوقلاپ ئېلىپ كەلگەن خىلمۇ خىل سوۋغاتلىرىنى بىر
تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ، — بۇندىن كېيىن بۇنداق
ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن،
بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

— نېمىشقا؟ — ئۇ گويا ھېچ نەرسىدىن خەۋەر-
سىزدەك بىر قىياپەتتە سورىدى.

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە «نېمىشقا» دەپ
سورىماڭ. مەن سىزنىڭ بەختىسىز بولۇپ قېلىشىڭىزنى
خالىمايمەن. — بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئەلۋەتتە
مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىپ ئېيتالىسىز، ئازابنىڭ دەستىدىن
تۇرتەنمەكتە ئىدى.

— مۇھەببەتلىك ئادەملەرنى بەختىسىز دېگىلى
بولامدىكەن؟ — رابىيە مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك قاتتىق
تىكىلدى.

— ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن
مەن سىزگە سىز كۈتكەن ئاشىق مۇھەببەتنى بېغىشلاش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي تۇرۇپلا...

— ھەي قارىغا سىزنى؟ — رابىيە ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ئىككى قەدەم نېرىغا باردى — دەل ماڭا ئارقىسى

رنى قىلىپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن يەنە مەن تەرەپ-
كە بۇرۇلدى، — بولمىغۇر خىياللارنى قىلماي، سالا-
مەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، بىز يەنە ئۇزاق يىللار بىللە
ياشايمىز.

مەن ئۇنىڭ ئىسسىق ياش پەردىسى بىلەن قاپلان-
غان، پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىگە قايتا قاراشقا پې-
تىنالمىدىم.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇ-
ۋالدىم. خەتنى تولا ئوقۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭدىكى ھەربىر
ئېغىز سۆز ماڭا ياد بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا سى-
لەرگە ئەينەن ئېيتىپ بېرەي:

«ئايرىلىپ كېتىش توغرىلىق ئارقا — ئارقىدىن
يازغان خەتلىرىڭىز قەلبىمنى ئازابلاپ، تۈنلەرنى ئۇي-
قۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. ئەگەر ھې-
لىقى كۈنى يەنە يۈزۈمگە سالمىغان بولسىڭىز،
مەن بۇ قارارىڭىز ئۈچۈن قانچە ئازابلانسام مۇ، جا-
ۋابسىز يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم. لېكىن سىز مېنى ئەم-
دى بۇ توغرىلىق سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىپ قويدىڭىز.

بىزنىڭ مۆھەببىتىمىز مەلۇم تەسىردىن تاسادى-
پىي «يالت» قىلىپ تۇتىشىپ كەتكەن، يەنە مەلۇم
تەسىرگە ئۇچرىشى ھامانلا «لاپ» قىلىپ ئۆچۈپ قا-
لىدىغان تۇترۇقسىز سۆيگۈدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ دەپ
ئويلايمەن، چۈنكى ئۇ بىزدىكى ئورتاق غايە ئۈستىگە
قۇرۇلغان، چىن ئىنسان ئۆز ئەقىدىسى ۋە غايىسى ئۈ-
چۈن ھەممىنى يېڭىدۇ. مەن سىزنى ئاشۇنداق ئىرادى-

لىك دەپ چۈشىنىمەن. لېكىن ماڭا ئايرىلىش توغرىلى
ئارقا - ئارقىدىن يېزىۋاتقان خەتلىرىڭىز مېنى ھالاك
تاڭ قالدۇردى. ئەجەبا، سىز ئەمدى ھەممىدىن ئۈمى
ئۈزدىڭىزمۇ؟ قانىتىمدىن ئايرىلغان ئۇچار قۇشتەك جا
ھەلقۇمىدا پالاقلاپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۈمىد ئىنسان ئۇچۇ
قانات ئەمەسمىدى؟ سىز بۇنىڭدىن شۇنچە ئاسان مەھ
رۇم بولغان بولسىڭىز، مەن سىزنى خاتا چۈشىنىم
ئۈزۈمنىڭ ھاياتىمدىنمۇ قىممەت بولغان مۇھەببىتىمنى
ساددىلىق بىلەن بىر ئىرادىسىزگە بېغىشلاپ قويغان
ئەخمەق قىز بولۇپ قالماسمەنمۇ؟ بىلىمەن، سىز مەن
ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىسىز، ئەمما مېنىڭ ئىرادەمگە ئى
شەنمەسلىكىڭىز مېنى قانچىلىك ئازابقا سېلىۋاتقانلىقى
نى ئويلىمىدىڭىز، كىشىلىك ھايات — مۇھەببەت بى-
لەن گۈزەلدۇر، مۇھەببەت — چەكسىز بەخت دېمەك-
تۇر. شۇنداق ئىكەن، سىز نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ بەخت-
تىن بەھرىمەن قىلىشنى خالىمايسىز؟ تۇرمۇشنىڭ شەك-
لى ھەر خىل بولغىنىدەك، مۇھەببەتنىڭمۇ بارلىققا كې-
لىش، ياشاش شەكلى قېلىپلاشقان ئەمەسقۇ. بەزىلەر
قوشۇلۇپ مۇھەببەتكە ئېرىشسە، بەزىلەر ئايرىلىپ مۇ-
ھەببەتنى باشلايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ مۇھەببىتى يۈ-
رەك قېتىدا ئەبەدىي كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. مۇھەببەت يو-
لى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دەپ كىم ئېيتىپتىكەن؟ ئۇنىڭ با-
ھارىمۇ، بوران - چاپقۇنىمۇ بولىدىغۇ. باھارغا ئۇلاشقان-
دا ياپراپ، ئېچىلىپ، بوران - چاپقۇنغا دۇچ كەلسە،
شۇمشىيىپ، لىڭشىپ قالسا، ئۇنى قانداقمۇ چىن مۇ-
ھەببەت دېگىلى بولسۇن؟! سىز مېنى بىر بۇغدايىنى

كۆرۈپ سەزدىم، بىر بۇغداينى كۆرۈپ ئورۇقلايدىغان ئاشۇنداق ئىرادىسىزلەر قاتارىغا قويغان بولساڭىز - ھە؟ ئىنساننى چۈشىنىش كائىناتنى چۈشىنىشتىن تەس دېگەن گەپ راست ئىكەن.

بىز ئۆمۈرلۈككە ۋەدىلەشكەن ئاشۇ مىنۇتتا ئالدى بىلەن مۇھەببەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى ئويلاشقان ئىدىققۇ؟ بۇنى مەن بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي قىلغان ساختىپەزلىك ئەمەس، بەلكى جان بىلەن قىلغان ئەھدىمىز دەپ چۈشىنىمەن. تەقدىر بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئېغىر سىناق ئالدىغا قويدى. قېنى قايسىمىز لاياقەتلىك، ئەمەلىيەت جاۋاب بەرسۇن. ئاخىرىدا مېنىڭ سىزگە ئىلتىماسىم بار، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت ئەركىنلىكىمنى ئۆزۈمگە بېرىڭ، مېنى ئۆزىڭىز خالىغان ئىشلارغا زورلاۋەرمەڭ...»

بۇ ئاددىي خەت ئەمەس، ساداقەتنامە ئىدى. مەن ئۇنى كۆكرىكىمگە تاڭدىم، ۋۇجۇدۇم چاقماق چېقىلغاندەك لەرزىگە كەلدى. رابىيە بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى كۈتۈپ كىرپىك قاقماي تۈنلەرنى كۈنلەرگە ئۇلىدىم. خەيرىيەت، ئۇ كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىدىم، تەلمۈردۈم. چوڭقۇر سېغىنىش تۇيغۇسى نۇرلاندۇرغان، چەكسىز ئېچىنىش ھېسسىياتى ياشلاتقان ماڭا تونۇش بىر جۈپ كۆز گويا مېنىڭ بارلىقىمنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالماقچى بولغاندەك ۋۇجۇدۇمنىڭ قات - قېتىغا تارىماقتا ئىدى. «رابىيە» دەپ پىچىرلىدىم مەن، خېلى-

ھېلىچە، ھەر ئىككىمىزنىڭ سۆز قىلىشىمىزغا قۇربىمىز يەتمەيدى. يۈرەكتىكى سۆزنى ئېغىزلا ئەمەس، كۆزمۇ سۆزلەيدىكەن، ھەممىنى چۈشەندىم. مەن ئۇنىڭ ئىچىدە كۆيسەم، ئۇ تېشىدا كۆيۈۋېتىپتۇ...

تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن رابىيەنىڭ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى مېنىڭ سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارىتىلدى. غەم - قايغۇسىز ئۆتۈۋاتقان ھايات قوينىدا سالامەتلىكىم تېز ياخشىلىنىشقا، روھىي كەيپىياتىم بارغانسېرى نورماللىشىشقا باشلىدى. خىزمىتىممۇ ئەسلىگە كەلدى. يەتكىچە خورلۇق ئىچىدە نەۋقىران چاغلىرى نابۇت بولغان مەندەك ئادەم ئۈچۈن كەلگەن يەر يىراقتا قېلىپ، بارىدىغان مەنزىل يېقىنلاپلا قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ۋاقىت مەن ئۈچۈن ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە قىممەت ئىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغانسېرى ۋاقىتنىڭ تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. شۇڭا تېخىچە ئۆگىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تولۇقلاشقا ئالدىرايتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشۇمدا يەنە كەم يەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئەقەللىسى مەن تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىدىم. ئوماق باللىرىنى يېتىلىشىپ يۈرگەن بەختلىك ئاتا-ئانىلارنى كۆرسەم ئازابلىناتتىم. بۇ دۇنيادىن ھېچبىر نام - نىشانسىز، ئەۋلادسىز ئۆتۈش نەقەدەر ئېچىنىشلىق! بىزنىڭمۇ بەختلىك ھاياتىمىزنىڭ ناماياندىسى بولغان پەرزەنتىمىز بولغان بولسا قانداق ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

بولاتتى، دەپ ئويلىناتتىم.

— مەن تۇرمىدىن چىقىپ بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئارزۇ بىلەن رابىيەنى بەزىدە خىجىل قىلسام، بەزىدە رەنجىتىپمۇ قويدۇم. رابىيە بولسا بۇنىڭغا پەقەت ھەسرەتلىك يىغىسى بىلەنلا جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى ناتونۇش بىر ئايال مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ئىدارىغا كەلدى. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ــ دە، تەكەللۇپ كۆتمەستىن كېلىش سەۋەبىنى تۈپتۈزلا ئېيتتى.

— مەن رابىيەگە بەرگەن ۋەدەمنى بۇزۇپ سىزگە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەي: سىز تۇرمىدىكى چاغلاردا رابىيە سىز ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلدى، قىيىن ــ قىستاققا ئېلىندى، ھەر قېتىم تاياق زەربىسىدىن ھوشسىزلانغىچە سوراق قىلىندى، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىندى. بۇ بىر ئايال ئۈچۈن كىچىك زەربىمۇ؟ ئۇ ئىچكى ــ تاشقى جەھەتتىن زەخىملەندى، ئېغىر دەرىجىدىكى ئاياللار كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. چۈشىنەمسىز، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— مەن بۇنداق بولغانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدىم مەن ئەندىكىپ.

— رابىيە ماڭا بۇ گەپنى ھەرقانداق شارائىتتا ئاغزىمىدىن چىقارماسلىقنى تاپىلىغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بالا تۇغۇش ھەققىدە

قىلدۇۋاتقان نالىسى مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ «توغۇت ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى» دەپ زار-زار قاقشىماقتا. بىلەمسىز، ئۇ ئۆز ھاياتىنى يەتسلا سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا تەقدىم قىلماقچى.

مەن شۇ كۈنى ئىشتىن چۇشۇش ۋاقتىنى قانداق توشقازغانلىقىمنى بىلمەيمەن. رابىيە توغرىلىق ئاڭلىغان ھەربىر ئېغىز گەپ گويا ۋىجدانىمغا ئېتىلغان سوراق ئوقىدەك يۈرىكىمنى ئازابلىماقتا ئىدى. مەن يولدا كېتىۋېتىپ گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم: مەن بىر ئىنسانىنىڭ — مېنى سۆيگەن، بارلىقىنى ماڭا بېغىشلىغان ئارزۇ - ئارمىنىنىڭ قاتىلى ئەمەسمۇ؟ مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئەڭ ئاداقى ئۈمىدلىرىنىمۇ ۋەيران قىلماقچىمۇ؟ قېنى مېنىڭ ئەرلىك نومۇس ۋە غۇرۇر بىلەن ئۈستۈمگە ئالغان ۋەزىپەم؟ رابىيە شۇنچە يىللار شۇ قەدەر ئازابلارنى تارتىش ئىستىكى بىلەن مېنى تاللىۋالغانمىدى؟ قانداقمۇ ئۇنتاي، ئۇ شۇ قەدەر ئېغىر ئاشقازان يارىسىغا ھېلىقى كۈنلەردە نورمىلىق گۆش - ياغ بىلەن ئاق ئۇنىنى ماڭا يېگۈزۈپ، ئۆزى قوناق زاغرىسى غاجاپ يۈرۈپ كېرىپتار بولغان، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى «ئىسيانچىلار» نىڭ قامچىسى مېنىڭ بېشىمدا تۇنجى قېتىم قارسىلدىغاندا، دەھشەتلىك بىر چىرقىراش بىلەن ھوشىدىن كېتىپ باشلانغان ئىكەن. ئۇنى ئاز دەپ...

مەن ئىشتىن كىرىپ، كىتاب ۋە قولىيازمىلىرىمنى رەتلەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان رابىيەنىڭ كۆز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياپراقلىرىدەك سارغايغان چىرايىغا، چانقىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرىگە تىكىلدىم ۋە پەقەت شۇنىلا ئېيتالىدىم: «سىز ئۆز ۋاپادارلىقىڭىز بىلەن مېنى بىر ئۆمۈر قەرزدار قىلدىڭىز، لېكىن مەن بولسام، ئەخمەقلىق قىلىپ، سىزنى يەنە ئازابلاپتىمەن... مېنى كەچۈرۈڭ!»

رەخموپكامنىڭ ياش پەردىسى تارتىلغان كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال رومكىمىزدىكى ھاراقنى تولۇق ئىچىۋەتتى - دە، ئاندىن قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى. ئۆي ئىچىنى قاپلىغان تىم - تاس جىمجىتلىق ئىچىدە ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان قىزىمىزنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بىچارە... جىق دەرد تارتىپتىكەن، — دېدى ئايالىم خېلىدىن كېيىن. — ئەمدى چۈشەندىم، رابىخان ئاچام تۇغمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇششاق بالىلارنى خۇشلىمايدىكەن - دە؟

— ياق سىڭلىم، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر رابىيەدىن ئورۇنسىز رەنجىمەڭلار. ئۇ كىچىك بالىلارنى كۆرسە، ئامراقلىقى كېلىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. بىراق ئۇ ... نېمە دېسەم بولار... بۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئىختىيارسىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— شۇنداق، — دېدى رەخموپكام ئۆز گېپىنى،

ئۆزى ئەستىقلاپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت مې-
نىڭ تىنچ ئىشلىشىمگە شارائىت يارىتىش ئۈچۈنلا. 15
يىللىق تۇرمە ھاياتى نېرۋىلىرىمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ
مېنىڭ خاتىرجەملىك ۋە جىمجىتلىققا موھتاج ئىكەن-
لىكىمنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا مەن ئېھتىياجلىق بولغان جىمجىت
شارائىتنى يارىتىش ئۈچۈن قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا
يامان بولۇپ قالدى. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇ، لېكىن
قىلچە ئاپا - تەنە قىلمايدۇ. دېدىمىغۇ، ئۇ مەن ئۈ-
چۈن بارلىقىنى قۇربان قىلغان. ئۇ ھەتتا مېنىڭ سەۋ-
ەبىمدىن خىزمىتىدىنمۇ ھەيدەلدى. قىسقىسى، ئۇ ھايا-
تىدىكى غايە - ئىستىكىنى، شان - شۆھرىتىنى مېنىڭ
ئىشلىرىم ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. بارلىق ۋاقىت ۋە ئوي-
پىكرىنى مەن ئۈچۈن سەرپ قىلدى، لېكىن بۇنىڭ
ئۈچۈن قىلچە ۋايسىمىدى. مېنى تۇرمىدىن چىققاندىن
كېيىن ئۆزۈم ئىزلىنىۋاتقان ساھەدە بەزى نەتىجىلەر-
نى قازاندى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ نەتىجىلەر را-
بىيەگىمۇ مەنسۇپ. ئۇ پەقەت مېنىڭ ۋاپادار ئايالىم
بولۇپلا قالماي، يەنە مېنىڭ ئىلمىي ئەمگەك ئېلىپ
بېرىش يولۇمدىكى مەدەتكارىم.

مەن قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتىم.

— بەزىلەر مېنىڭ يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە، ھەتتا
گۈل بىلەن تىكەن بىر شاختا ياشىغاندەكلا ئىش بوپ-
تىكەن، دېيىشتى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى رە-
خىمىپكام، — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خاتا چۈشىنىش-
لىرىدىن بىز توغرىلىق تولىمۇ توغرا يەكۈن چىقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمىدى، راست، ئۇ مېنى ئاسرايدىغان، قوغدايدىغان تىكەن. مەن شۇ تىكەننىڭ ھىمايىسىدىلا ھاياتىمدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالىدىم. بۇنداق ئايال بىلەن مەن قانداقمۇ پەخىرلەنمەي، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلماي تۇرالايمەن! — ئۇ سۆزىنى بىردەمگە توختىتىپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى، — سىلەرگە مۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئېيتىپ بېرەي: بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم رابىيە ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاق چاچلىرىنى يۇلۇۋېتىپتۇ.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قېرىپتىمەن، — رابىيە كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى. مەن ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق مەيۈس ھالدا كۆرمىگەن ئىدىم.

— قويۇڭ رابىيە، — دېدىم مەن ۋە ئۇنىڭغا ئېنىقراق سەپسالدىم. راست ئۇ قېرىپتۇ. بىر چاغلاردىكى قۇندۇزدەك قارا دولقۇنلۇق چاچ ئەمدى ئاقارغان، ئېقى ئاق، قىزىل كەلگەن ئالمىدەك سۈزۈك چىرايى سارغىيىپ پۈرلاشقان، ئوت يېنىپ تۇرىدىغان ئاھۇ كۆزلەر نۇرسىزلانغان، ئىلپەتەك قەددى - قامەت ئەمدى يادەك ئېگىلگەن ئىدى. ئەمما ماڭا ۋاقىتسىز ئاقارغان ئۇ چاچلار ئۇنىڭ پاك ۋە ساپ قەلبىنىڭ، يۈزىگە چۈشكەن تال - تال قورۇقلار چەكسىز ئەقىدە يولىدا تارتقان ساناقسىز جەبىر - جاپالىرىنىڭ، قارىداپ قو-

روْلوْپ كەتكەن چىرايى ۋاپادارلىق ئوتىدا كۆيۈپ يا
غان يۈرىكىنىڭ گۇۋاھىدەك بىلىندى.
— بۇلار نېمىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىر دە
بېقىڭە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ت
روۇپ، — سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ھېچنەگە كەتكە
يوق، ئۇ قەلبىڭىزگە سىڭىپ كەتتى، سىز مەن ئۈچۈ
ھەقىقىي گۈزەل، تېخىمۇ مېھرلىك ۋە سۆيۈملۈك بو
لۇپ قالدىڭىز!
مەن شۇنداق دېدىم، بەزىلەر ئۇنى ھەر نېمە دې
يىشتى، سەت ھەم قېرى كۆرۈشتى. ئەمما ئۇ نېمە
بولسا مەن ئۈچۈن بولدى. ئۇ بىر ھەقىقىي پەرزەنت
ئىكەنسى، مېنىڭ پەرىشتەم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟...
رەخمۇپكام سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا تىكىلدى
مەن ئايالىمغا قارىدىم، بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي
بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق.
رەخمۇپكام سائىتىگە قارىدى - دە، ئورنىدىن
تۇردى:
— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، مەن چىقاي، —
دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.
كېچە. كۆزۈمگە ھېچ ئۇيقۇ كېلەر ئەمەس، چې
گىش خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن بېشىمنى قوللىرىم
ئۈستىگە قويۇپ تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ
ياتىمەن. كۆز ئالدىمدا بىر دۇنيا.
ئېچكىرىكى ئۆيدىن ئايالىمنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ
ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئاھ تارتىشلىرى ئاڭلىنىپ
تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇ ياتقان كارىۋات كېچىچە
غىچىرلاپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

# چۈشىنىش

بەختىيار قاتتىق يېيىلغان ئىشىككە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنى ئاچچىق ئەلەم ئىسكەنجىگە ئالغان بولۇپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرمانسىز هالدا ئاستا كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدى، لېكىن شۇ هامان ئۇنىڭ مېڭىسىگە قورقۇنچلۇق بىر گۇمان غىل - پال سايە تاشلاپ ئۆتكەندە ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

«ئۇ راستىنلا ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتەرمۇ؟ ئىككىمىز كەپكە شۇنچىلىك يامانلاپ - هە؟ ئاه، مېهرىگۇل، لېمانچە يېنىمىك مىجەز بولۇپ كەتتىڭىز؟ دۇرۇس، سىز ئاچچىقلانغاندا مەنمۇ ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم، بىراق، ئەڭ مۇهىمى، مەن كېيىنكى كۈنلەردە سىزدىكى تەمكىن، ئوماقلىق ۋە ماڭا بولغان ئامراقلىق بەلگىلىرىنى كۆرەلمىدىم، مەندىن شۇ قەدەر يىرىپ كەتكۈدەك نېمىلەرنى قىلغاندىمەن سىزگە؟...»

بۇ بەختىيار ئۈچۈن يېشىش تولىمۇ قىيىن بولغان بىر سوئال ئىدى. ئۇ لېۋىگە قىستۇرۇلغان تاماكىغا ئوت ياققاندىن كېيىن، كارىۋاتقا يانپاشلىدى. ئۇچقۇر خىي

يال ئۇنى مۇھەببەت گۈلزارلىقىدا سەيلە قىلدۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار ساداقەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاشىق ‑ مەشۇقلار جۈملىسىدىن ئىدى. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ يەنە شۇنداق ئۇنتۇلماس گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تويى بولدى. تويدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بالدەك شېرىن ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق نېمىشقىدۇر يېقىندىن بۇيان مېھرىگۈلدىكى جىددىي ئۆزگىرىش بەختىيارنى ئويغا سېلىپ قويدى. مېھرىگۈلنىڭ ئۈن ‑ تىنسىز ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر چاغلاردا مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان قاش ‑ كۆزلىرىنى سوزۇپ سادىسىز ئەيىبلەشى، رەنجىشى ئۇنى شۇنچىلىك ئازابلاشقا باشلىغان ئىدىكى، بىر نەچچە تال تاماكىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىۋەتكەندىن كېيىن:

— مېھرىگۈل سىزگە نېمە بولدى؟ — دېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

— كارىڭىز بولمىسۇن! — ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قولىنى سىلكىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى.

— سىز نېمانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىسىز؟ — دەيتتى ئۇ بەزىدە ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ئىش ‑ كۈشلىرىگە قولمۇ قول ياردەملىشىۋاتقان بەختىيارغا دوق قىلىپ، — خويمۇ زېرىكتىمغۇ!

بەختىيار ئېچىنىش ھەيرانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى ‑ دە، ئۆيدىن ئاستا غايىب بولاتتى. شۇن‑

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داقتىمۇ ئۇ يەنە ئەيىبلەشىمىز قالمايتتى، — شۇنچە كەچ كىرگىچە نەلەردە يۈردىڭىز، ماكانىمىزدەك؟ يالغۇز مەنلا تۇتقان ئۆيمىتى بۇ؟

بەختىيار مۇشۇ ئىشلارغا قاراپ بەزىدە مۇھەببەتنىڭ جىرىڭلاپ تۇرىدىغان جانان چىنىسىگە ئاستا - ئاستا دەز كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلدى...

بەختىيار ئۆي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا گويا قورقۇنچلۇق بىر چۈشتەك بىلىنەتتى. ئۇ پەرىشان ھالدا خىيال تورلىرىغا چىرمىشىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ۋە ئارقىدىنلا تام قوشنا نىساخاننىڭ بېشى كۆرۈندى. مېھرىگۈل، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپلا، — بايا ئىككىمىز تەگسۈن دېسەم بىردەمدىلا كىرىپ كېتىمىز، ماۋۇنىڭ بىلەن خۇمارىڭىزنى بىر بېسىۋالا.

نىساخان مېھرىگۈل ئورنىدا غەمكىن قاراپ تۇرغان بەختىيارنى كۆرۈپ سورىدى.

— مېھرىگۈل قېنى؟

— ئۇ... ئۇ...

— ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارمۇ نېمە؟

— ئۇ يامانلاپ كەتتى.

— نېمە دەيدىغانسىز، بولماپتۇ. پەقەتلا بولماپتۇ. ئۇ تېخى ... ھەي ... ئۇ تېخى...

نىساخان قولىدىكى بىر تەخسە قىچا، ئارپىدىيان،

لازا، سامساقلار بىلەن تەييارلانغان ئاچا سەينى ئۇس-
تەلىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ ئاچچىق - چۇچۇك، ئىش-
تاھا قوزغاتقۇچى پۇرىقى كېلىپ بەختىيارنىڭ دىمىغىغا
ئۇرۇلۇۋەردى، ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ ھامان «جىغ» قىلىپ
قالدى. ئۇنىڭ دەسلەپ قوشۇمىسىنى بىلىنەر - بىلىنى-
مەس تۈرگەن ھالدا ئىساخانغا تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمـ
سىرەشكە باشلىغانلىقىدىن بىر نەرسىنى سېزىۋالغانلىقى
ۋە سېزىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولاتتى.
— ئۇ، — بەختىيار تۇساتتىن تۇۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ
قەلبى گويا بۇلۇتلۇق تۇمانىنى يېرىپ ئۆتۈپ پارلىغان
قۇياشتەك تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىققا چۆمگەن ئىدى.
— شۇنداق، ئۇ ھازىر... ۋۇي سىز تېخى ئۇق-
مىدىڭىزمۇ؟
بەختىيار چاپىنىنىڭ يېڭىنى ئالمان - تالمان
ساپتى - دە، ئىساخانغىمۇ قارىماستىن تالاغا ئېتىلدى.
ئۇنىڭ قەلبى ئىزنجى قېتىم ئۆمرىدە سېزىلىپ باقمىغان،
ئاجايىپ ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە ھاياجانغا چۆمگەن
بولۇپ، قوشنىسىنىڭ «بەختىيار، ئىشىكتىن كىرىپلا
قېيىن ئانىڭىزغا ئۈچ قېتىم تازىم قىلىڭ جۇمۇ، بولـ
مىسا مېھرىڭىزلىنى قوشۇپ بەرمەيدۇ» دېگەن چاقچاقلىـ
رىنىمۇ ئاڭلىماي قالدى. ئۇ يۈگۈرۈيتتى. چىن قەلبىـ
دىن ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ خاھىشىغا لايىق بەخت
بېرەلمىگەنلىكىدىن ئازابلىناتتى. ناداملىقى ئۈچۈن ئۆ-
زىگە كايىيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۈگۈنكى «ماجرا»
نىڭ جەريانى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر

ھەپتىدىن بۇيان ئىسسىقسىز قالغان بەختىيارنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ، پۇت - قولى سىرقىراشقا باشلىدى. ئاتلىق - تۇرۇملىرىمۇ ھېچ ئاچقان يەرگە بارىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىر مېھرىگۈلنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى ۋە قوپال مۇئامىلىسىنى كۆڭلىگە ئالمىغاندەك يېلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئىچ - باغرىمىز قۇرۇشۇپمۇ كەتتى، سۇيۇق - سەلەڭ بىرەر نەرسە ئېتىپ ئىچمەيمىزمۇ؟

مېھرىگۈل ئانچە رازى بولمىسىمۇ لېكىن قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۈزۈلۈكسىز ئازار يېمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك قولغا - قول بولۇپ مېھرىگۈلگە ياردەملىشىشتىن ئۆزىنى تارتقان بەختىيار ئۈستەل ئالدىغا ئولتۇرۇپ قولىغا كىتاب ئالدى، گەرچە شۇ تاپتا ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان تاراق - تۇرۇق، جاراڭ - جۇرۇڭلار ئۇنىڭ پىكرىنى بۇزۇپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىۋاتقان بولسىمۇ ئۇ تىرىكمەستىن ئەرلىك بېسىقلىقى بىلەن ئامالىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

لېكىن ئۆيگە تولغان قويۇق ياغ بۇسىدىن دىمىغى ئېچىشىپ ئىختىيارسىز كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ ئارقىسىغا قاراپلا داڭ قېتىپ قالدى. ئوت! ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئوقتەك ئېتىلىپ باردى. قايسى كۆزى بىلەن كۆرسۇن، قازاندا لاۋۇلداپ ئوت يانماقتا. مېھرىگۈلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. «ئاپەت تېرىغاندەك ئىش قىپتىغۇ، ئۆزى بىردەمدە نەگە يوقالدىكىنە؟»

بەختىيار بۇنىڭدىن ئارتۇق ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى.
قازاننى كۆتۈرۈشى بىلەنلا تىپىرلاپ تولغىنىپ كەتتى
ۋە ئىلاجسىز يەرگە تاشلىۋەتتى. ھەر تەرەپكە ئۇچ‑
قۇن چاچراپ ئوت يېيىلدى. نەم يەرگە يېيىلغان ماي
پارىسلاپ كۆيۈپ ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. بەختىيار
بىر چېلەك سۇ تەييارلىدى — يۇ، كۆيۈۋاتقان ياغ‑
ئۈستىگە سۇ چېچىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېسى‑
گە ئېلىپ بۇ پىكىردىن يانايدى. ئەمما ئالدىراپ
قالغان ئىدى. ئىككى سەكرەپ كارىۋات يېنىغا كېلىپ
ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئالدىرىغىنىدىن قولغا ئىلەش‑
كەن يۇڭ ئەدىيالنى تارتىپ كېلىپ ئوت ئۈستىگە
تاشلىدى، ساپ يۇڭ ماي بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئۇل‑
غىيىپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۆزدىچىلا بىر ئاپەتنىڭ
يامراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تاقەتسىزلەنگەن بەختىيار
ئەدىيال ئۈستىدىن شارقىرىتىپ بىر نەچچە چېلەك سۇ
تۆكۈۋەتتى. چالا كۆيگەن ئەدىيال چىقىلغان قازاننىڭ
كۆيىسىگە ئىلىنىپ شالاق — شالاق سۇ ئىچىدە ياتات‑
تى. ئۆي ئىچىنى سېسىق كۆيۈك بۇسى قاپلاپ كەت‑
كەن ئىدى. ئۇ ئاستا ئېسىگە كەلدى ۋە بىر نەرسى‑
نىڭ خۇددى باغرىنى تاتىلاۋاتقاندەك ئارام بەرمەي‑
ۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئىككى قولى ۋاژىلداپ ئېچىشىپ،
مۇناقى ئۈزۈمدەك چىققان ئىدى. ئۇ ئاغرىققا چىداش‑
لىق بېرەلمەي قولىنى تۈزلۈققا چىلىدى. بەختىيار
ئەسەبىي سەزگۈلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاچچىقىنى كونت‑
رول قىلالماي تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى — دە، ئۆيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن ئاستا كېلىۋاتقان مېھرىگۈلگە ۋارقىرىدى:

— مېھرىگۈل!

مېھرىگۈل خۇش ياقمىغاندەك ئاستا مېڭىپ كەلدىيۇ، ئىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا بىر قولى بىلەن ئاغزىنى مەھكەم ئەتكەن پېتى ئىتتىك كەينىگە يانىدى.

— قازانغا ياغ قۇيۇپ قويۇپ نەگە يوقالدىڭىز؟ قاراڭ ئۆيى ئىچى نېمە بولۇپ كەتكەن — ھە؟ ئۆيگە كىرىڭ، — بەختىيارنىڭ قاتتىق ۋە كەسكىن ئېيتقان بۇيرۇق ئاھاڭى جاراڭلاپ كەتتى، ئىلاجىسىز قالغان مېھرىگۈل كەلگەن جايىدا چېپىپدە توختاپ، كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە ئاجايىپ سەسكىنىش ئالامەتلىرىنى نامايىش قىلىپ تىزغان چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئۆيگە كىردى — دە، دېۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ بېشىنى چۆمكىۋالدى. بۇ ھال ئەلۋەتتە بەختىيارنىڭ يۈرىكىگە تىغ بولۇپ قادالغان ئىدى. ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ «بەختىم» دەيدىغان بۇ ئائىلىدىن شۇنچە تېز بەزگەن مېھرىگۈلنىڭ قەلبىنى بۇرۇنراق چۈشەنمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلاندى. «بۇ ئەلۋەتتە ئادەم زېرىكتۈرۈشىنىڭ چارىسى» — دەپ چۈشەندى بەختىيار — «بۇ تويغۇزۇش، مەلۇم مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيۋاتقانلىقى ئۈچۈن تويغۇزۇش».

— سىزگە نېمە بولدى مېھرىگۈل، — دېدى بەختىيار ئامالىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ ئېھتىيات بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كې-

لىپ ئاستا ئولتۇرۇۋېتىپ، — مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

مېنى بىردەم ئۆز ئارامىمغا قويۇپ كۆزۈمگە كۆرۈنمىگىن! قوپاللىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن بەختىيار ئۈستىگە بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «ھەي ئىززەت قىلغاننى بىلمەيدىغان»، — دەپ ئويلىدى ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆز ئايالى ھەققىدە، — سېنى ياخشى كۆرۈشىمنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنى «ئىتتىرىۋەتسە يەر بولۇپ، تارتىۋالسا ئەر بولىدىغان رېزىنكە مىجەزلەرنىڭ قاتارىدا ساناپ مۇئامىلە قىلىشىڭغا يول قويمايمەن».

— بىز نېمە ئۈچۈن توي قىلدۇق، مېھرىگۈل؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئازراق قەدرى بولۇشى كېرەكقۇ؟ — ۋۇجۇدىدىكى خورلۇق غەزەپكە ئايلانغان بەختىيار ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — مېنىڭچە سىز ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنى خورلىدىڭىز، ھەتتا ئۇنى بۇزماقچى بولۇۋاتىسىز!

— ئۇھ، خۇدايىم، نېمىلەرنى سۆزلەپ يۈرىدىغانسىز، نېمانچە كۆزۈمگە كىرىۋالدىغانسىز، كاشكى شۇ تاپتىكى ھالىمنى چۈشىنەلەيدىغان بىرەر كىشى بولسا... — مېھرىگۈل ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۈن تارتىپ يىغلىۋەتتى.

— مەنچۇ؟ بۈگۈن مەن كۆڭلىڭىزدىكى ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالدىممۇ — ھە؟ ئەپسۇس مەن سىزنى باشتا ياخشى چۈشەنمىگەن — دە.

راستىنلا مېنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ بەختىيار؟ بوپتۇ، چۈشەنمىسىڭىز قېشىڭىزدا نېمە دەپ تۇراي؟ كېتەي!

مېھرىگۈل ياپراقتەك تىترەۋاتقان لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

مېھرىگۈل!

× × ×

— ياغ بۇسى، — دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى مېھرىگۈل ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ مېنى قىزىق قازاننى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلغان شۇغۇ. لېكىن بەختىيار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ «قازانغا قاراپ قويۇڭ» دېگىنىمنى ئاڭلىمىغاندۇ؟ ئۇ كىتاب بىلەن بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. مەندە نېمە ئامال، مەندە نېمىمۇ ئامال بولسۇن، ئۇ مېنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ لېكىن مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېنىق ئېيتىشىم كېرەك ئىدىغۇ.

— شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلدى.

— مېھرىگۈل! — بەختىيار ئىشىكتىن كىرىپلا توۋلىۋەتتى.

— بەختىيار! — ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ۋاپادار جۈپتىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندەك چەكسىز بەخت تۇيغۇسىدا ۋۇجۇدى زىلزىلىگە كەلگەن مېھرىگۈل يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — مېنى كەچۈرۈڭ بەختىيار.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان ياش
پۇشايمان يېگەن يۈرىكىنىڭ تەشنالىق بىلەن كەچۈرۈم
تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.
— مېھرىگۇل، — دېدى بەختىيار ئۇنىڭ قوندۇز-
دەك قارا چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ تۇ-
رۇپ، — كەچۈرۈش نەدە، سىز مېنى بەختكە ئېرىش-
تۈردىڭىز. سىزچۇ، مەندەك نادان يولدىشىڭىزنى كە-
چۈرەمسىز؟ — بەختىيارنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ
بۇرنى ئېچىشىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ مېھرىگۇل-
نىڭ يېقىمىدىن بۇيانقى ھالىتى، بولغۇسى ئانىنىڭ تې-
نىدە كۆرۈلۈۋاتقان پەۋقۇلئاددە جىددىي ئۆزگىرىش
ئالامەتلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى.



# ئازابلانغان يۈرەك

## 1

بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئاتىرىپ كەتكەن ئەكبەر ئىككى پۇتىنى لاخشىگىردەك كەرگەن ھالدا قولىنى بېلىگە تىرەپ، غەزەپلىك كۆز-لىرىنى ئايگۈلگە نەشتەردەك تىكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە ھاقارەتلەشلىرىدىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ ئېغىر خورلۇق ھەسرىتى چەككەن ئايگۈل قولىدىكى خېمىر يۇقلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ قويۇق كىرپىكىنى ئاستا كۆتۈ-رۈپ، بىر جۈپ مۇلايىم قارا كۆزىگە ياش ئالغان ھال-دا يولدىشىغا قاراپ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئارانلا ئېيت-تالىدى:

— ئەكبەر كەچۈرۈڭ، بۈگۈن ئىدارىدە...

گەپنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئەكبەر ئالدىغا بىر قەدەم قىستاپ كەلدى — دە، ئايگۈلنىڭ پېشانىسىدىن تۈرتۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال! «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دەپ قايسى ئاقىل ئېيتىپتىكىن؟ ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلدىم-غۇ، ئېسىت سەندەك بىغەرەز بىلەن ئۆتكەن كۈنۈم!



www.uyghurkitap.com

ئەكبەر سۆزلەۋېتىپ ئىككىنى قاتتىق سىقىمدىد
قوشنا - قولۇملارنىڭ ئاگلاپ قىلىشىدىن ئەنسىر
دومۇستىن ئۆلەي دەپ قالغان ئايگۈل ئارقىدا ئىكك
قەدەم داجىپ:
— مانا ھازىرلا... ئاشنى تەييار قىلاي — دېدى
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۆلدۈرلەپ تۇريان كۆزلىرى، يى
لامسىراپ تۇرغان چىرايى، كۆكۈل ئاغرىقىدىن ساقل
نمش ئۇچۇن چەكسىز يېلىنىپ - يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ يولدىشىنىڭ ئەلپا
زىدىن سەللا دىققەت قىلمىسا يېنىپ كېتىدىغان جى
دەل - ماجرا ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەن ئىدى.
—... تويدۇم سەندەك لامزەللىدىن. ئىككىنچى كۆ
زۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، چىق!... ئىتتىنىمۇ «چاغ» دې
كېتىدىغۇ!
— ...
ئايگۈلنىڭ لام - جىم دېمەي قورقۇمسىراپ قاراپ
تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەكبەرنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرل
دى - دە، كۆزى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ ئايگۈلگە
تاشلاندى، ئەندىككەن ئايگۈل ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچە
چاقماق چېقىلغاندەك زەرب بىلەن تەككەن مۇشتتىن
سېھوت يەرگە يىقىلدى.
— ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ئالدىمغا
بىر قاچا ئىسسىق تاماق قويۇشنى بىلمەيسەنۇ يەنە
ئىدارە - خىزمەت، پالان - پۇستان دەيسەنا... چىق...
ئىدارەڭگە تەگ... خىزمىتىڭنى ئەر قىل... ئىككىنچى

كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

ئادەم ئۆتكۈر تىغنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا دەسلەپتە ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك ئايگۈلمۇ دەماللىققا قۇلىقىنىڭ قاتتىق غۇڭۇلداۋاتقانلىقىدىن باشقا ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇ بارا - بارا بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تۇكۇرۇكىنى يۇتماقچى بولۇۋېدى تۇزلۇق سۇيۇقلۇق كۆڭلىنى ئاينىتتى. ئەسسىق قان قۇلىقىدىن ئېقىپ چىقىپ ئاستا يويۇنلىرىغا سىرغىدى...

ئايگۈل گويا سېزىمى كاردىن چىققان ئادەمدەك داڭ قېتىپ كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىگەر رەڭگىدە ئېششىپ چىققان قاپىقى ۋە تومپايغان ئۇستۇنكى لېۋى نازۇك چىرايىنى ئېچىنىشلىق ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ ياش قاپلىغان كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى.

«ئەكبەرنىڭ نەزەرىدە بۇ ئايال كىشى چوقۇم تارتىشقا تېگىشلىك بولغان جازامۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇچۇن يىغا بىلەن كۈلكە، ئازاب بىلەن خۇشاللىق بەرىبىرمۇ؟» بۇ سوئال ئايگۈلنى تاياق ئازابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىيناۋاتاتتى. «ئەكبەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى مۇشۇمۇ؟ ئۇ مېنى راستىنلا قوغلاۋاتامدۇ؟ بىر چاغلاردا ئۆزىنى ئوتلۇق ۋەدىلەر بىلەن سۆيگەن كىشى ئەمدى ئۇنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئۇرۇشقا پېتىنىۋاتامدۇ-ھە؟! نېمە كۈنىم ئۇچۇن شۇنچە...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال

قويا تتى.

ئەكبەر بولسا مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەتكە تولغان، ئەينىلەش ۋە سەكسەنىش ئىچىدە
غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئا
كۆلدىن ئالماي گويا ئۇلجىغا خىرىس قىلغان شىر
مۇرپىيىپ تۇراتتى.

— ئىچىڭىز ئاغرىماسۇن - ھە!... — دېدى ئۇ يەڭلىرى
شىمايلاپ يەنە.

ئايگۈل ئەمدى چىدىيالمىدى. خورلۇق، نا
ھاقارەتلىنىشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى قان قىلدى! ئۇنى
شۇنچە يالۋۇرۇشلىرى ئەكبەر ئۈچۈن بەرىبىر بولدى
چەكسىز سەمىمىي ساداقەت بىلەن ياخشى كۆرگە
يولدىشىنىڭ ئۇنى كۆرەر كۆزى بولمىسا؟

ن لغ ئايگۈل شۇ مىنۇتتا ئارتۇقچە ئېغىر - بېسىقلىق
ۋە چىدامسىزلىقنىڭ بەزىدە كىشى ئۈچۈن ھاقارەت ئېلىپ
كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ چىشىنى
چىشلىغا بېسىپ كاردۋاتنىڭ يان ياغىچىغا) ئېسىلىپ تۇ-
زۇپ قاتتىق تېپىك زەربىسىدىن سىر قىراپ ئاغرىۋاتقان
بېلىنى رۇسلىدى. ھەمدە ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئىچ-
ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى زورىغا بېسىپ،
چۇۋۇلۇپ يۈز - كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنىمۇ
تۈزەشتۈرمەستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئاسمان گۈمبىزىدە يامراپ كېلىۋاتقان قوغۇشۇن
رەڭلىك بۇلۇتلار ئېرىنچەكلىك بىلەن شەرققە ئاستا
سۈرۈلۈپ تولۇن ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇلغىيى

ئۇيغۇر كىتاب ئۇر بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىن يامغۇر تامچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن ئاراسلاپ ئايگۈلنىڭ يۈرىكە ئۇرۇلماقتا. ئەمما ئايگۈل ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ھالدا كوچا بويلاپ ياتقاق، كېچەپ كېلىۋاتاتتى. گويا ئازابلانغان يۈرىكىنى بوشاتماقچى بولغاندەك ئىنتىلىك ۋە كۆچلۈك نەپەس ئالاتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تىزتىزۋالالمىدى. ئاچچىق كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەككە يۆلەنگىنىچە ھەسرەتلىك خىيالغا چۆكتى...

«ئاھ! شور پېشانەم»... دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە ئېغىر خۇرسىنىپ، — تەقدىرنى ۋاپاسىز دەپ پەرياد چەككەنلەر نەقەدەر ھەقلىق-ھە؟! بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆز بېشىمغا كېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدىكەنمەن؟ قېنى مېنىڭ قايغۇسىز، خاتىرجەم ئۆتكەن باللىق چاغلىرىم، قېنى مەن ئارزۇ قىلغان بەختلىك ئائىلە؟

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ساۋاقدىشى نىجاتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن يازغان سۆيگۈ خەتلىرى، مەھەللىدىكى نۇردۇننىڭ ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قاراشلىرى، يېڭى خىزمەتتىكى تويغۇننىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەمىمىي ياردىمى ۋە قوللىشى، دوستلىرى تونۇشتۇرغان تۇرسۇن، شۆھرەتلەر... ئاتا-ئانىسى جاۋابسىز قايتۇرۇۋەتكەن ئەلچىلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئۇ چاغلاردا ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىنىمسىز تويغۇلار دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن مەغرۇر

تەبئەتلىك ئايگۈل غايەسىدىكى لايىقىنى ئۆز تارازىسى بويىچە ئۆلچەپ، باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغان ئىدى.

«يىگىت دېگەنچۇ مۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئوي- لايتتى ئۇ، — ئۆزىنىڭ خۇي تەبىئىتى، تەنىھەرىكەت- چىدەك بەستى، شەنئەتچىدەك قەددى - قامىتى، دول- قۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى، قۇرغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئويناق قاشلىرى، گارمۇنىنىڭ تىللىرى ئۇس- تىدە تالمايدىغان شوق بارماقلىرىدا «بالامىسكەن» كۈيى بىلەن قىزلارنى مۇھەببەت مەلىتىقىدا بەتلەپ، ئىشتىياق ئوقىدا ئېتىپ بىھوش قىلالىسا ھېساب!»

شۇ تۇپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئۇمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر ياشلاندى. قىزغىن سوزۇلغان قوللار ھاۋادا بوش قالدى. ئايگۈل ئاخىر ئۆز غايىسىدىكى كۈتكەن ئارزۇسىغىمۇ يەتتى. ئۇ بىر قېتىم دوستىنىڭ تويىدا تۇساتتىن ئۇچرىتىپ قالغان ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا تىكىل- گەن ئويناق كۆزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ نېپىز لەۋلىرىدە سۆيگۈ تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى. پۈتۈن ۋۇجۇدى چاق- ماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان مۇھەببەت ئوتىدا ياندى...

ئەمما ئايگۈل يىگىتلىكنىڭ چىن مەنىسى بولغان ھالاللىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئاتىدارچىلىقنى گويا ئۆز «شەرتى»گە تۇشقانلارنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىدىغاندەك ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. ئۇ ئەكبەر بىلەن تونۇشۇپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تويىنى

مۇ قىلىپ ئۆلگۈردى.

توي ئىشىغا كەلگەندە ئايگۈل «يىگىت كۆڭۈلدىكىدەك بولسا ئارتۇق قائىدە - يوسۇننىڭ نىمە ھاجىتى» دېگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، تويلۇق ئۈچۈن ئەكبەرنىڭ بېشىنى قاتۇرمىدى. خىزمەتكە چىققىلى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئۇرۇق - تۇغقانىمىز بۇ يىگىت ئايگۈلنىڭ ئىنساپلىق ئائىلىسىگە يېتىشىپ قالمىغان بولسا تويىنى تۈگەتكىچە نىمە رىيازەتلەرنى چېكەتتىكىن؟

— بىز مال سودىسى قىلىۋاتقىنىمىز يوق، كېيىن باللارنىڭ دىلى رەنجىپ قالمىسىلا ئەۋزەلى شۇ، — دېگەن ئىدى ئايگۈلنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلىپ. توي بولۇپ ئون ئايدىن كېيىن ئەكبەرنىڭ تويىدىن بۇرۇن قاچانلاردىدۇر قىلغان قەرزلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ بولدى.

— ئەگەر بۇ قېتىم كامانددىروپكىغا چىقمىغان بولساڭمىز يەنە بىرنەچچە ئاي جاپا تارتساقلا ئۆيىمىزنى خېلى قويۇلدۇرۇۋالغان بولاتتۇق، — دېدى ئايگۈل ئەكبەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سومكىغا جايلاشتۇرغاچ.

ئەكبەر بەش ئايدىن كېيىن كامانددىروپكىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆي ئىچى تونۇغۇسىز بېزەلگەن بولغاچقا ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. تامدىكى ئوتقاشتەك گىلەم، ئۇدۇل تامغا قويۇلغان دىۋان، دېرىزىلەرگە تارتىلغان نەپىس پەر-

دىلەر، ئىگىز - پەس ئىشكاپ ئۈستىگە ماھىرلىق بىلە
تىزىلغان فارفور بۇيۇملار ئۆيگە گۈزەل ھۆسن ك
گۈزگەن ئىدى.

ئەكبەرنىڭ ھەيرانلىق ئارىلاش سورىغان سوئال
غا ئايگۈل قىسقىچىلا جاۋاب بەردى.

— ئىش قىلىپ تېچىدىم - دە.

ئەكبەرنىڭ چىرايىغا بىر خىل پەرۋاسىز كۈلك
ئولاشتى. چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ راھەت بىلەر
دىۋانغا سوزۇلدى.

ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقان ئايگۈل بىر
كۈنى ھارغىنلىق بىلەن سورىدى:

— سىز قايتىپ كەلگىلىمۇ ئىككى ئاي بولدى.
مەن يەڭگىپ تۆت ئايغىچە يەنە قولىڭىزغا ماتاش
تەگمىگۈدەك.

— مەقسىتىڭ پۇلدا ئىكەندە، — زەردە بىلەن
گۆلەيدى ئەكبەر، — ياقا يۇرتتا يۇرۇپ زېرىكتۇق،
زېرىككەندىن كېيىن ئىچىشتۇق.

كارايىتى چاغلىقلا ئىشلارغا كايىپ يۇرۇشنى
ئۆزىگە ئادەت قىلمىغان ئايگۈل ئۇ شۇقچە ھېچنەرسە
دېمىدى.

تويدىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەر خۇددى ئېچىلىپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا توزۇپ كېتىدىغان باھار چېچەكلىرى
دەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى
ئەكبەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى.
ئۇ، ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان ئايگۈلنى يالغۇز تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويۇپ، نەلەردىدۇ يۈرۈپ، غەرق مەست بولۇپ يېرىم كېچىلەردە ئۆيىگە كېلەتتى ـ دە، ئايگۈلگە ئورۇنسىز ئازار بېرەتتى.

— ئۆيگە كىملەر كېلىپ كەتتى. ئەرلەر قەدەم باستىمۇ ـ يوق؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ئەكبەر، — ئايگۈل ئەلەمدىن پوكاندەك قىزىرىپ كېتەتتى، — ئاغزىڭىزغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمەڭ.

— ھىم، — ئەكبەر دىمىغىنى قېقىپ ئاچچىق تەنە قىلاتتى، — خوتۇن كىشى دېگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— نېمە دەپ ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك؟

— خوتۇن خەق دېگەنىنىچۇ سۇپۇرگىدىن كۆنلەشكىمۇ ھەقلىق.

ئەكبەرنىڭ ئورۇنسىز سوراقلىرى، قارىغۇ كۆندەشلىك بىلەن تولغان تېتىقسىز سۆزلىرى ئۇنى ئازابلايتتى، ئۇنىڭ قەلبى ئازابتىن پارە ـ پارە بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئەكبەرنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق قىلىدۇ دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى.

ئۇ تۇغۇت ۋاقتىنىڭ دەل شۇ ئازارلىق مىنۇتلاردا توشۇشىنى ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. يىغىدىن بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كۆزلىرى قىزارغان ئايگۈل بەل ۋە قورسىقىغا چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقنىڭ قىلىۋاتقان ھۇجۇمىدىن سەنتۈرۈلۈپ پۇكۇلگىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا يول ئالدى. پېشانىسىدىن تەر

قۇيۇلۇپ نېپىز لەۋلىرى قاتتىق چىشلەشتىن زەخىملە
دى، تۇغۇت كۈتۈش ئۆيىدە نەچچە سائەتلەپ ئىڭرى
دى، ئەمما ئايگۈل ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق بۇ مە
نۇتلاردا ئەكبەر ئۇنىڭ قېشىدا يوق ئىدى.
— ئەكبەرگە نېمە بوپتۇ، — دېدى ئايگۈلنىڭ
ئانىسى بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈنۈپ قويغانچە قاي
يولىماي يۈرگەن كۈيئوغلىدىن نارازى بولۇپ، — قار
سىنمۇ كۆرسەتمەيدىغۇ؟
— بەلكى خىزمىتى ئالدىراشتۇ، — ئايگۈل چا
دۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويدى. لېكىن ئاتا
ئانىسى ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بو
دى. ئۆزى تەنھا قالغاندا بوۋىقىغا ھال ئېيتىپ، ئۇ
نىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋېتەتتى
ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ چۈش ۋاقتى بىلەن ئەكبە
سوزۇلۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كەيپىنى چۈكۈرۈپ كى
يىشۋالغان ئىدى.
— ئەكبەر دىدارىڭىزغا زار قىلىدىغان بولدى
ڭىزغۇ! — دېدى ئايگۈل مەيۈسلەنگەن ھالدا ۋە دەر
ھاللا كېيىنى چاقچاققا ئۆرۈدى، — كېيىنچە ئوغلىڭى
نىزنى تونۇماس بولۇپ قالمىسۇن يەنە.
لېكىن ئەكبەر ئايالىغا ھومايدى:
— چۈنتەكتە پۇل بولمىسا قانداق قىلىمەن؟ بۇ
گەپنى ئاڭلاپ ئايگۈل خىجالەت بولدى.
— مۇنداق دېگىن، خاپا بولماڭ، مەن تېخى سىزنى
كەلگىنى يوق چېغى دەپتىمەن. مەن ھېچنەرسىدىن

قەستلىغىنىم يوق. خۇداغا شۈكرى، ئاتا - ئانام بار، هېچقانداق ئەندىشىدە بولماي كېلىۋېرىڭلار. غىزانىمۇ مۇشۇ ئۆيدە يەڭ.

ئەكبەر بىردەم ئولتۇردى ۋە نېمىگىدۇر ئالدىراپ چىقىپ كەتكەنچە ئايگۈلنىڭ ئۆيىگە يولىماي قويدى. ئايگۈل گەرچە ئەكبەرنىڭ بۇ ئىشىدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەكبەرنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغانلىقىنى، ئۆزىدىن باشقا بىرەر يېقىن ئادىمىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتتى. شۇڭا ئۇ يەڭگىپ 50 كۈن بولغاندا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بوۋىقىنى دىۋاندا ئېغناپ ياتقان ئەكبەرنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى.

— مانا سىزگە بىر ئوغۇل مۇكاپات.

پەرزەنت يۈزى كۆرگەن قايسىبىر ئاتا - ئانا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۆز پەرزەنتىدىن شادلانمىسۇن؟ ئەمما بۇ ئائىلىدە بولسا بالا جېدەل - ماجىرانىڭ سەۋەبچىسى بولدى.

— نېمە مىقىرىتىۋېرىسەن هەي، — دەپ دۆشكەلىدى ئەكبەر بىر كۈنى كېچىدە كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان هالدا بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداۋاتقان ئايگۈلنى، — ئۇيقا هارام بولدىغۇ كىشىگە، بىرسى ئالدىڭغا چاچاڭ قۇرۇپ چىقىمىغاندىكەن ئاپاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋەرسەڭ بولماتتى، — ئەكبەر بېشىنى يوتقانغا پۈركەۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — «ئۆزى كەتكەن يار، ئۆزى كەلگەن يار» دېگەندەك...

ئەكبەرنىڭ هېچبىر ئايىماستىن ئېيتقان بۇ گېپى

گويا زەھەرلىك تىغدەك ئايگۈلنىڭ يۈرىكىگە قادالدى
ئۇ بىردىنلا جىددىي تۇس ئېلىپ يەنە ئۆزىنى باسى
غەزەپلىك سېزىمىنى بىلدۈرمەسكە تىرىشىپ كاب
قىلمىدى.

... كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. لېكىن ھەربىر كۈن، ھەر
بىر سائەت ئايگۈل ئۈچۈن يىلدەك بىلىنىپ، كۆڭۈل
سىزلىك، ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ئۆيدى
بار - يوقى بىلەن ئەكبەرنىڭ قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى
ماتاشىنى بولسا ئايگۈلگە كۆرسەتمەستىن يوق قىلاتتى

ئۆركەش پاقلان بوۋاق بولغان مەزگىلدە ئايگۈل
نىڭ سۈتى بىردىنلا تارتىلدى. چۈنكى ئۇ غورىگۈل
قالغان ئىدى. «دەريادا بېلىق ئۇسسۇز دېگەن مانا
شۇدە، جاھاننىڭ شۇنچە كەڭرىچىلىكىدە» دەپ ئويلاپ
قوياتتى ئۇ بەزىدە، شۇڭا ئۇ، ماتاش تارقاتقان كۈنى
بالىسىغا قوشنىسىنى قارىتىپ قويۇپ ئالدىراپ ئىدارىغا
كەلدى. ئۇ، ماتاش سېلىنىدىغان لېپاپنى ئالدىراپ
ئېچىۋېتىپ پۈت - قولى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. ئۇ
نىڭ قولىغا پەقەت بىر پارچە ھۆججەت چىقتى. ئۇنىڭ
دا «ئايگۈلنىڭ تۇغۇتىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 300
يۈەن قەرز ئالدىم، ئەكبەر» دېيىلگەن ئىدى.

ئايگۈل يول بويى بىر تىنىمسىز كىرىمسىز قالغان
بۇ ئائىلىدە بىرنەچچە ئاينى قانداق قىلىپ ئەپلەپ-
سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئۆيگە قان
داق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ھېلىقى
ھۆججەت ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. ئايگۈلنىڭ

ـمارغايغان مۆكۈلۈك چىرايىدىن بۇ ئائىلىدىكى ئاۋازسىز قىسىلىشنى چۈشىنىپ يەتكەن قولۇم - قوشنىلار ئۇ توغۇپ ياتقان مەزگىلدە بۇ ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن قالايمىقان كېچىلىك ئولتۇرۇشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشتى. ئايگۈل گەرچە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ئىشلارنى ئەكبەرنىڭ يۈزىگە سېلىشنى لايىق كۆرمىدى. كارىۋات ئاستىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن هاراق بوتۇلكىلىرىنى سېتىپ ئوغلى ئۈچۈن شېكەر ۋە سۈت سېتىۋالدى.

قىزىنىڭ هالىدىن خەۋەر تاپقان ئاتا - ئانا نەۋرىسىنى يېنىغا ئەكەلدۈرۈۋالدى. ئەمما بۇمۇ ئەكبەرنى رازى قىلالمىدى. ئۇ بارغانسېرى تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەيدىغان، ئايگۈلنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇش هەتتا كۈلۈشلىرىدىنمۇ ئېۋەن تاپىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. هەتتا بىر كۈنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئايگۈلنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ «ئۆلۈكىڭنى سېتىپ تاپىەك ياتقىچە قوپۇپ كىيىملىرىمنى دەزماللاپ بەر» دەپ تۇرۇۋالدى. ئايگۈل لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بەردى. ئەكبەر چېچىنى مايلاپ، شىمىنى قىرلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئورۇنغا ئېتىپ كەچكىچە يىغلىدى.

... يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغان، ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامال كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى.

يول بويىدىكى تېرەككە يۆلەنگىنىچە قىمىر قىلماي



www.uyghurkitap.com

كۆرگان ئايگۈلنىڭ يۈزىدە دۇنيادىكى پۈتكۈل دەرد
ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەكس ئېتىۋاتقانىدەك كۆرۈ
لەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىدە ئەكسىچە نەسبەتە
لەپرەت سېزىمىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى سەزدى.
شامال قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ يامغۇر توختىدى
ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى سۈزۈلۈپ كەلمەكتە. پايانس
كۆكتە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا كۆز تىككىنىچە خى
يالغا چۆككەن ئايگۈل ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى:
«شامالنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن قارا بۇلۇت
لار ھەيدىلىپ كۆك يۈزى تازىلاندى. بۇ بىر مۆجىز
ەمەسمۇ؟ تۇرمۇشنىڭ يورۇق، بەختلىك تەرەپلىرىنى
كۆرۈشكە ئىمكان بەرمەيۋاتقان، ئۇنىڭدىن بەھرە ئال
دۇرمايۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى تازىلاشنىڭ چارىسى
تېپىلماسمۇ؟ بۇنىڭ چارىسى نېمە، ئاجرىشىشمۇ؟»
... بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي قەلبى
مەجنۇنتال ياپراقلىرىدەك تىترەپ، پاك سۆيگۈ ئىستە
كىدىن لەرزىگە كەلگەن، باھار غۇنچىسىدەك نازۇك،
قاش تېشىدەك پاك چاغلىرى ۋە كەرپىك ئىلماي سۈب
ھىنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتلىرى بولغان. ئۇ ئەنە
ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلاردا ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەتكە
تولغان بىغۇبار قەلبىگە ئېرىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە يى
گىت بىلەن ۋىسال شادلىقىدا خىيالى مۇڭداشقان. ئۇ
ۋاپا دەرياسىدا ئېقىپ غەرق بولۇشقا رازى ئىدىكى،
جۇدالىق، ۋاپاسىزلىق يولىغا ئاياغ بېسىشىنى خىيالىغا
كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئۆز ھەمراھ

ھا غەمگۈزار بولۇشقا، بىر ئۆمۈر خۇشاللىق بېغىشلاشقا ئەھدە قىلغان ئىدى. ئەمما تۇرمۇش ئۇنى نېمىلەرنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ؟ ئاھ، قېنى ئەمدى يۈرەك-تىكى ئاشۇ ئاتىلىق سەزگۈلەر! تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى!

سوغۇق شامال ئايگۈلنىڭ ئىچ - ئىچىگە ئۆتمەك-تە، ئۇ گويا مەست ئادەمدەك ئېغىر قەدەملىرىنى ئال-دىغا — تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيى تەرەپكە تاشلىدى...

## 2

ئايگۈل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگە-نىگە بىر يىلدىن ئاشتى.

ئاھ بىر يىل! قانچىلىك ئۇزاق - ئەلەملەر، قانچىلىك دەرد - ھەسرەتلەر بىلەن ئۆتكەن بىر يىل - ھە ئۇ؟!

ئەمدى ئۇنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرىنى ئىنچىكە قورۇقلار چىرماپ، ياڭاق سۆڭگەكلىرى چىقىپ قالدى. چىرايىدىكى خۇش تەبەسسۇم ۋە قىزىللىق كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى روھسىزلىق ۋە ئۇنسىز پىغان بەدىلىگە كەلگەن زەپىرەڭلىك ئىگىلىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۈتەلمىگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتا - ئانىسىدىن سۇ ئىچمىگەنلىكىدىن ئەمەس. بەلكى دەرد - ئەلەم ئۇنى قۇرۇتتەك ئىچىدىن يەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەرگە زارلاشمايدىغان، كىشىلەردىن

ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى: ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئۇچرىغان بۇ بەختسىزلىكىنى ئاڭلىغان بەزىلەر يوقلاپ كېلىپ كۆڭۈل ئېيتىشتى. بەزىلىرى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەلىتە سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇپ يۈرۈشتى.

ئايگۈل بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن ئېچىنىش، خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق ئالامەتلىرىنى كۆرسە، بەزىلەرنىڭكىدىن مەسخىرىلىك سوغۇق كۈلكە ئالامەتلىرىنى بايقاپ قالاتتى. شۇ ۋەجىدىن دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئازابلىناتتى.

لېكىن تۇرمۇش كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز. ئۇ تېنىمەي - تەمتىرىمەي، سەۋرچانلىق بىلەن دەرس ئۆتۈپ كىشىنى رېئاللىققا بويسۇنۇشقا، ئالدىغا ئۇچرىغانغا كۆنۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئايگۈلنىڭ كۆڭلىمۇ ئاستا - ئاستا تەسەللى تېپىشقا باشلىدى. كىچىككىنە ئۆركەشنىڭ ئانا مېھرىگە قانماي، گويا ئۇنى ئىزلەۋاتقاندەك ئۇيياققا - بۇيياققا تەلمۈرۈپ پىلدىرلاۋاتقان كىچىككىنە قارا كۆزلىرى ئۇنىڭدا ئوغلى ئۈچۈن، ئۇنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ياشاش ئىستىكىنى ئويغاتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن، مۇقەددەس ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ھەممە ھەسرەتلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاپ كەلمەكتە ئىدى.

3

ئايگۈل بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر قېتىم

زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇ ھازىر ئانىسىنىڭ ئۆلۈم قىشىدا بولۇشىغا، ئۇزىگە ھال - مۇڭ بولۇپ دەردىنى ئاڭلىشىغا نەقەدەر موھتاج ئىدى - ھە؟!

ئادەم كۆڭۈلدىكىدەك بىرىسىنى تېپىپ يوقادىن چىققۇدەك بىر دەرد ئېيتىۋالسىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالىدۇ! بىر سائەتتىن بېرى ئايگۈل دىۋاندا خاموش ئولتۇراتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ «داداڭ قايتىپ كەلگىچە تاماق قىلغاچ تۇرغىن» دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىدى. يىغىسىنى يوشۇرۇپ يېتىپ بىچارىلەرچە ئۇخلاۋاتقان ئۆركەشكە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۇمشاق، جانسىز چاچلىرىنى سىيلاپ مەگزىدىن سۆيدى. يۇزىگە تامغان ئىسسىق ياشتىن ئەندىكىپ كەتكەن ئۆركەشنى پەپىلىدى.

ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ. خەلىچىخان ئانىنىڭ چىرايى ئىچكەن، قاپاقلىرى چۈشكەن ئىدى. «دېمەك ئاپامۇ خەۋەر تېپىپتۇ» دە دەپ ئويلىدى ئايگۈل، ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى.

ئايگۈل ئەتىگەندە گۈش ئالغىلى چىققان ماگىزىندا گۈش ئالغۇچىلار كۆپ بولغانلىقى ئۇچۇن ئۆچىرەتنىڭ ئەڭ ئارقىسىغا بېرىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە ئاياللار ئايگۈلنى كۆرسىتىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى!

— قاراڭلا، ئايگۈل بەكلا ئوبدان قىز ئىدى. ئۆيىمىز ئۆي بولۇپ قالسۇن دەپ شۇنچە ئىنجىقلىقىنى تارتسا ئۆزىنى بىلمەي قالدى ئۇ ئەخمەق.

— ئايكۆل ئاڭلىغانمىدۇ؟

— ئاڭلىغاندۇ، قارىمامسىلەر، شۇنچە پەرىشان تۇرمامدۇ؟

— يەنە نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى؟ ھېلىقى ئەكبەر دېگەن بىغەرەز، ئايكۆلنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ پەيمانى توشۇپ قاپتىكەنمۇ دەيمەن، خەق بىلەن مۇشتلىشىپ بىر جانغا زامىن بولغىلى تاسلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ.

ئايكۆل بۇ ئاھانەتلىك گەپنى ئاڭلاپ تۇرالماي ئۆچىرەتتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يول بويى بۇ خەۋەرنى قايسى ئاغزى بىلەن ئاپىسىغا ئېيتىشنى بىلمەي بىئارام بولدى. ئويلىمىغان يەردىن ئاپىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىكەن.

يىغلاۋەرگەچكە ئايكۆلنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا ئويغا پاتتى. ئۆي ئىچىنى بىردەملىك جىمجىتلىق قاپلىدى.

— بۇ ئىشنى ئويدانىراق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، — ئاستا سۆزلىدى ئانا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

ئايكۆل ھەدېگەندىلا جاۋاب قايتۇرمىدى، دېمىسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ سوئال ئۇلى ئەتىگەندىن بېرى قىيىنىماقتا ئىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى، بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش ھەققىدە جىددىي ئويلىنىدىغان ۋاقتى كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچبىر پىكىر كەلمەيتتى. مې-ڭىسى خۇددى تۇمانلىق كۈندەك غۇۋا ئىدى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى-دە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا يەنە يالغۇز قالغۇسى، ھەممە ئىشلار توغرىسىدا ئال-دىرىماي ئويلاپ چىققۇسى كەلدى. ئۇ كوچىغا چىقتى. كۈزنىڭ جانغا ئارام سالىدىغان شامىلى ئايگۈلنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئالتۇندەك سارغايغان يوپۇرماقلار يېنىككىنە شىلدىرلايتتى. ئەتراپ شۇنچە جىمجىت، شۇنچە گۈزەل ئىدى. يېقىنلا بىر يەردىن كۆتۈرۈلگەن خۇشال كۈلكە ساداسى ئايگۈلنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئايگۈل ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى — كوچا ئوتتۇ-رىسىدا بىر جۈپ قىز-يىگىت بىر-بىرىنى قولتۇق-لاپ تەكشى قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار شۇن-چىلىك خۇش كەيپ ئىدىكى، ئايگۈل بۇ مەنزىرىدىن زوقلانماي تۇرالمىدى. «بەختلىك بىر جۈپلەر» دەپ پىچىرلاپ قويدى ئايگۈل ھەسرەت بىلەن، ئۇنىڭ خى-يالى ئىختىيارسىز ئەكبەر بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشقا ۋەدىلەشكەن ئۇنتۇلماس كۈنلەرگە كەتتى...

— ئېيتقىنا ئايگۈل، ماڭا ۋاپا قىلامسەن؟ — دەپ سورىغان ئىدى ئەكبەر بىر كۈنى ئايگۈلنىڭ گۈزۈن قارا چاچلىرىنى قولىدا ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— ...

ئايگۈل ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىنى كەينىگە يېنىكلىكىنە تاشلاپ شاققىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتكە يېرىم يۆلەنگىنىچە ئۇنىڭ قوۋزاقلىرىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

— دېمەك سەن... — ئەكبەر ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، — سەندە ئىشەنچ يوق ئىكەندە؟

— مېنى تولا رەنجىتمەڭ ئەكبەر، — ئايگۈل ئاۋازى تىترىگەن هالدا كۆزىنى ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا تىكىپ تۇرۇپ دېدى.

— بۇ نېمە گەپ، مەن سېنى نېمە دەپ رەنجىتتىم؟

— ئىشەنمىسلىكىڭىز بىلەن.

— بۇ ئىشەنمەسلىكتىن چىققان سوئال ئەمەس، — ئەكبەر يېنىك نەپەس ئالدى، — پەقەت سېنىڭ قەلبىڭنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈنلا...

— ئىشەنگەن ئادىمىدىن بۇنداق ئورۇنسىز سوئاللارنى سوراش هاجەتسىز.

ئەكبەر هاياجانلاندى. قىزنىڭ ناز ئارىلاش كۆلكە يېغىپ تۇرغان ئوماق چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايگۈلگە بولغان چەكسىز ئامراقلىقىنى نېمە بىلەن ئىپادە قىلىشنى بىلمىگەندەك، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنى ئاستا كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دېمەك ۋەدەڭ چىن ئىكەندە؟

ۋەدە؟ — ئايگۈلنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى ھىمىرىلىپ سوئال بىلەن ئەكبەرگە تىكىلدى، — ئەكبەر، ۋەدىدىن ۋاپا كۈتمەي ۋاپا ئىچىدىن چىن ۋەدىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك.

— ئايگۈل...، — ئەكبەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى. ھاياجاندىن ئۆزىنى توختىتىشقا ئاجىز كەلدى - دە، ئايگۈلنى باغرىغا مەھكەم باستى.

4

چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەن ئەكبەر تۈرمە سولاقخانىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مەيۈس ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان بولۇپ، باش - ئاخىرى يوق چىگىش ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بېشى ئېغىرلىشىپ پەسكە ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ تارتىپ ھەسرەتلىنىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئۇ ھەممىنى ئويلىدى. ئويلىغانسېرى تەپسىلىي ئويلىدى، ئادەتتىكى ئەمگەك كۈنلىرى ئۇ ئىشقا بېرىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇشقا ئۆزىنى زورلايتتى. لېكىن بۈگۈنكىدەك دەم ئېلىش كۈنىدە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك غېرىبلىق يېتەتتى، ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا يەككە - يېگانە سېزەتتى. ئەكبەرنىڭ ئۆلپەتلىرى ئۆز كومپانىيىسىدە ئەكبەردىن ئىبارەت بىر يېلەنچۈكمۇ بار بولغانلىقىنى

ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىمكىن؟ گۈلـدىن ـ گۈلـگە شاختىن ـ شاخـقا قونۇپ ئۆگـىنىپ قالـغان ھېـلىقى «كېپىنەك» قىزلار ئەمدى قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندۇ؟

ئەكبەر ھەممىسى توغرىلىق ئويـلـىدى: ئايـگۈل، ئۆركەش، يار ـ بۇرادەرلەر...

راست، ئۇنىڭ تولىمۇ بەختلىك بۇ ئائىلىسى، مېھـرىبان ئايالى، ئوماق ئوغـلى بار ئىدى ـ ھە؟ شۇنـداق، ئۇ تېخى بۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئىدى! ئەكبەر ـ نىڭ خۇشاللىقى ئۇلار ئۇچۇن بەخت، خاپىلىقى ئۇلار ئۇچۇن قايغۇ ـ ھەسرەت ھېسابلىنىدىغان. ئەمدى ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟... بەلكىم ئايگۈل سوتقا بېـرىپ ئاجرىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندۇ.

ئەكبەرنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئايرىلىش جۇـدالىقى، پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تاتىلايتتى. بۇ تۇيغۇلار ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر قايـنام پەيدا قىلىپ ئۇنى غەرق قىلىۋەتتى. ئۇ خىيالەن تـېپىرلايتتى...

ـــ ئەكبەر! ـــ تۈرمە نازارەتـچىسىنىڭ چاقىرىـشى بىلەن ئۇ كۆكۈلسىز ئويلىرىدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ـــ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ بىرەيـلەن سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئەكبەر تېڭىرقاپ قالدى. «بۇ كىم بولۇشى مۇمـكىن ئاخىر؟ ئايـگۈلمۇ؟ ياق! ئۇ بۇ يەرگە ھەرگىز دەسسىمەيدۇ. ئۇنداقتا كىم بولۇشى مۇمكىن؟» ئەكبەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈۋاتقان سوئال ۋە گۇ-
مانلارنىڭ ھەيدىشى بىلەن ھەيرانلىقتا تولغان كۆز-
لىرىنى سىرتقا تىكىپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
دەرۋازا سىرتىدىكى كىچىك مەيداننىڭ شەرق تەرىپى-
دىكى ئېرىق بويىدا پاكىز ۋە رەتلىك كىيىندۈرۈلگەن
ئۆركەشنى كۆتۈرۈپ ئايگۈل تۇراتتى.

— ھە؟! — ئەكبەر ئايگۈلنى كۆرۈش بىلەنلا
داڭ قېتىپ توختاپ قالدى. بىر يىلدىن ئارتۇق تاش-
لىۋېتىلگەن، مۇھەببىتى ۋە قەلبى دەپسەندە قىلىنغان
ئايگۈل ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك مۇلايىم-
غىنە كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئايگۈل... — ئەكبەر بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ
قىلالمىدى. تامىقىغا بىر نەرسە قاپلاشقاندەك نەپەسى
بوغۇلدى، — ئايگۈل...

ئەكبەر يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. لېكىن دې-
مەكچى بولغانلىرى يۈرىكىدە قېتىپ قالغاندەك سۆز-
لەشكە قۇربى يەتمىدى.

— ئوغلۇم، دادىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ! — كۆز
قارىچۇقلىرىغا نېپىز بىر قەۋەت ياش پەردىسى تارتىل-
غان ئايگۈل قولىدا پىلتىڭلاپ شوخشىۋاتقان بالىسىنىڭ
بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئېيتتى. ۋىلىقلاپ كۈلگەندە
ئىككى دانە سەدەپتەك چىشى پارقىراپ كۆرۈنۈپ
قالىدىغان ئۆركەش نېمىلەرنىدۇر دەپ گوگۇلداۋاتاتتى.
ئۇنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تەلپۈنۈشى ئەكبەرنىڭ
ئىچىنى كۆيدۈرۈپ قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئاتىلىق مېھرى-

مۇھەببەت ئۇيغاتتى.

— ئوغلۇم، مېنىڭ جان - جىگەرىم، — دېدى ئۇ ئۆركەشنى مەھكەم قۇچاقلاپ. ئوغلىنىڭ ئىللىق ھىدى ۋە يۇمشاق مەگزى ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى، كۆز-لىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— تامىقىڭىز سوۋۇپ قالىدۇ، بالىنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى ئايگۈل مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

ئەكبەر ئۆركەشنىڭ مەيدىسىدىن بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈردى ۋە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ يېشىنى سۈرتۈۋالدى.

— چۆچۈرىگە ئامراق ئىدىڭىز، — دېدى ئايگۈل بىر چىنە ھورى پۇرقىراپ چىقىپ تۇرغان ئاشنى ئەك-بەرگە سۇنۇۋېتىپ، — بايىلا ئىشخانىڭىزلاردا ئىسسىتىپ چىقتىم.

ئايگۈلنىڭ ئېيتقىنى راست. پىننە - كۆكلەر بىلەن ئۈستى بېزەلگەن، سۇيى خام قىيما، لازا - پەمدور-لار بىلەن قىزارتىپ تەييارلانغان چۆچۈرە ئەكبەرنىڭ ئېسىگە چۈشسە ئەتكۈزۈپ ئىچمەي كۈنى كەچ بولماي-دىغان، لېكىن بۈگۈن بۇ ئاشنى ئەكبەر گويا يىگىنە يۇتۇۋاتقان ئادەمدەك تولىمۇ قىينىلىپ ئىچتى.

— كىيىملىرىڭىزنىمۇ ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئايگۈل يوغان بىر بوپىنى ئەكبەرگە سۇنۇپ.

ئەكبەر بوپىنى ئىككى قوللاپ ئالدى. نېمىشقىدۇر قوللىرى تىترەيتتى. مانا ئۇنىڭ ھەمىشە كىيىپ يۈرۈش-نى ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلەكلىرى، چاپان - شىم-لىرى، يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان نەچچە قۇر ئىچ كىيىم...

www.uyghurkitap.com

راست، بىر چاغدا مۇنۇ سۇر چاپانىنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قېلىشۋېدى، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈگمە قادىلىپتۇ، چىرايلىق دەزماللىنىپتۇ.

ئەكبەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تۇتەپ كۆيۈۋاتقان كۆسەيدەك ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ ئېچىشاتتى. پۇشايمان ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە نادانلىق، ئايگۈل ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھىغا نىسبەتەن نەپرەتلىنىدىغان، ئېچىنىدىغان بىر ھېس تۇغۇلدى.

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشقان ئىدى. ئۇ كېتىۋاتقان ئايگۈلنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن - تىنسىز تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى. ئايگۈل ئىشىك بويىدا توختاپ ئاخىرقى قېتىم كەينىگە قايرىلدى. ئەكبەر شۇ چاغدا، پەقەت شۇ چاغدىلا ھىجران ۋە جۇدالىقنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئۇ ئايگۈلنىڭ بىر چاغلاردىكى «ئۆمۈر بويى سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى.

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى ئىسسىق ياش بىلەن تولدى. ئۆزىنىڭ زادى مۇشۇنداق جازالىنىشقا ھەق! ئۇ ئەمدى ھاياتىنىڭ بۇ جازاسىغا ياۋاشلىق بىلەن تەن بېرىدۇ. ئۇ قانۇننىڭ ئەمەس، ئاشۇ ۋاپادار جۈپتىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆز گۇناھىنى بالدۇرراق يۇيۇپ، كەچۈرۈم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ!

# كۆز ۋە تەبەسسۇم

## 1

ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي، يەرگە دەسسەيمۇ، دەسسىمەيمۇ دېگەن نازاكەت بىلەن كېتىپ بارغان گۈلى يىگىتلەر ئالدىدىن شۇنچىلىك مەغرۇر قىياپەتتە ئۆتەتتىكى، ئۇنىڭ كويىدا يۈرگەن يىگىتلەر ئۇنىڭ «لاپ» ئېتىپ بىر بېقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يېڭىچە پىلانلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشەتتى. ئەمما يىگىتلەرنىڭ مۇنداق قىزىقىشلىرىغا گۈلىنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، «ئوھوش، — دەپ ئويماقتەك ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئۇزۇن قاشلىرىنى ھىمىرەتتى ئۇ، — خىيالىنى تېپىپ چۈيلەسۇن!»

يىگىرمە ئۈچ ياشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان گۈلى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ كۆپ تەكرارلىغان جۈملىلىرىنىڭ بىرسى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس. ئۇ تېخنىكومدا ئوقۇش ھاياتىنى باشلىغاندىن ئېتىبارەنلا يىگىتلەرنىڭ تەكلىپ - تەلەپلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ قىرچىلىپ كەتكەن. بولۇپمۇ، ساۋاق-

دىشى تالىپنىڭ ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلىپ يېزىپ تۇرىدىغان تەكلىپ خەتلىرى ئۇنىڭ جېنىغا شۇنچىلىك تەگكەن ئىدىكى، ئۇ سومكىسىدا، پارتىسىدا، كىتابلىرى ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇمايلا يىرتىپ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتەتتى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بولسا، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە يىغىلىپ قالغان بۇنداق خەتلەرنى يىغىشتۇرۇپلا ئېلىپ، يولدىن ئۆتكەچ ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تالىپنىڭ مۇھەببەت توغرىلىق ئېغىزلىنىشى خۇددى «قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا، سەگەز چاپانغا مەشۇت ياقا» دېگەندەك ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان بىر ئىش ئىدى. تالىپنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزهار قىلىۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن نومۇس قىلغان گۇلى ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشنىڭ ھەرخىل چارىلىرىنى ئىزلەپ كۆرگەن ئىدى.

— مەن خېلى ۋاقىتقىچە ئاتا-ئانام قېشىدا تۇرۇپ ئۇلارنى بېقىشنى ئويلىدىم، — دېدى گۇلى بىر كۈنى تالىپ يالغۇز ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە يەنەمۇ ئوبدانراق ئويلىنىشىپ بېقىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېدىڭىز، ئۇلار مېنىڭمۇ ئاتا-ئانام ئەمەسمۇ؟ بىللە باقايلى، — دېدى تالىپ.

— مېنىڭ تېخى يولۇم ئېچىلمىغان، ئالدىمدا توي قىلمىغان ھەدەم بار، — دەپ يەنە باھانە كۆرسەتتى گۇ-

لى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— ... ھېلىغۇ بىر ھەدىڭىز بار ئىكەن، ئۇن ئاكىڭىز بولسىمۇ كۈتمەن — دەپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇلايىمغىنە كۈلدى تالىپ.

— ئوھۇش، ئوشۇق گەپكە نېمە ھاجەت، مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭ، خەت يەۋەتىپ ئاۋارە بولماڭ، يولۇمنى توسماڭ. نېرى تۇرۇڭا!— گۈلى ئاچچىقلاندى - دە، قوللىرىنى سىلكىپ كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ قانچىلىك بويۇن تولغىشىدىن قەتئىينەزەر تالىپنىڭ خەتلىرى گويا شارقىراپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك توختىماستىن كېلىۋەردى. گۈلنىڭ دىلى تالىپقا ئوخشاشلارنىڭ خېتىگە ئېرىپ كەتمەيتتى، قىزنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئۈمىد شولىسى دائىم دېگۈدەك ئەگىيتتى، ئۇ كېلەچىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. «ئەلۋەتتە ئوتنىڭ چېچىكى، سۈنىڭ سۈزۈكى ماڭا نېسىپ بولىدۇ، مەندە باشقا قىزلار مەڭگۈ قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان دەسمايە — ئايدەك گۈزەل چىراي تۇرسا، بىرەر كىچىك ماشىنىنىڭ خىزمىتىمدە بولۇشى قانچىلىك ئىشتى؟ گۈزەللىكنىڭ ئۆزى بەخت - سائادەتنىڭ ئەلچىسى...» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ كۆز ئالدىدا تالىپ پەيدا بولغان ھامان قاش - قاپاقلىرىنى سۈزەتتى: «چىراي شەكلىغۇ يامان ئەمەس، لېكىن كىشىنى خۇش قىلىشنى بىلمەيدۇ، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان، ئۇن ئېغىز گەپكە بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىدىغان مۆرىمەس.»



بىر كۈنى گۈلى خىزمەتتىن قايتىپ چوڭ كوچىدا كېتىۋاتقاندا ساۋاقدىشى پەرھات ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى - دە، ئىتتىك كېلىپ ئالدىنى توستى:

— گۈلى بىز بەش يىللىق ساۋاقداشقۇ؟

— شۇنداق.

— سىز تالىپنى چۈشەنمەيۋاتسىز. ئۇ تولىمۇ ياخشى يىگىت جۇمۇ!

— ...

— گۈلى، ئۇنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىسىزغۇ؟

— رەنجىمەڭ پەرھات، مەن ئۇنىڭ خىلى ئەمەس.

گۈلى كەمسىتىش ئالامەتلىرىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بېشىنى تولغىدى - دە، يولىغا ماڭدى.

— توختاڭا، — پەرھات ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى، — تالىپتەك ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىلى سىزگە خىل بولمىسا...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى سۆزلىمەڭ.

گۈلى ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭماقچى بولدى، ئەمما پەرھات ئۇ كۆتۈرۈۋالغان مىغىزرەڭ سومكىنىڭ بېغىغا قولىنى ئۆتكۈزۈۋالغاچقا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— گۈلى، سىز يەنە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ. تالىپ ياخشى يىگىت.

— قويۇۋېتىڭ. گۈلى ئاچچىق بىلەن سومكىنى

تارتتى، تولا نومۇسۇمنى كەلتۈرمەي.

— نېمە دەۋاتىسىز، تالىپتەك ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىتكە ئېرىشەلىسىڭىز بەختىڭىز ئىدى.

گۈلى ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. غەزەپ بىلەن سومكىنى تارتىۋىدى، پەرھات قويۇۋەتمىدى، گۈلى ئۇنىڭ بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرۇشنى ھار كۆردى. سېكۇنت تۇرۇشقا تاقىتى تۈگىگەن ئىدى. شۇڭا يېنىدىن ئايرىمايدىغان چىرايلىق سومكىسىنىڭ مەردىن كەچتى — دە، مېڭىپ كەتتى. قولىدا پۇلاڭشىپ قالغان سومكىنى نېمە قىلارىنى ۋە نەگە قويۇشنى بىلمەي، گاڭگىراپ قالغان پەرھات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— سومكىڭىزنى تۇتۇڭ! — دەپ ۋارقىراپ قالدى...

2

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى تاغ سىنىككىگە ئويناپ چىققان گۈلى قايتىش ئۈچۈن يېزا ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئاپتوبۇسنى ساقلاپ تۇراتتى. يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسى، كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بىرقانچە پارچە بۇلۇت، بۇلۇتلار ئاستىدا شوخ ئۇچۇپ يۈرگەن قارلىغاچلار گۈلىنى پۈتۈنلەي گەسىر قىلىپ بىر خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كەتكەن ئىدى.



گۈلنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان يولۇچىلارنىڭ قاتارىدا تۇرغان، ئۇچىسىغا قاراتقۇل سۇس چاقماقلىق سارجىدىن كاستۇم — بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقىۋالغان، پۇتىغا ئەينەكتەك پارقىرىتىلغان قارا شىبلىت كىيگەن، ئەزايىدىن چەيدەسلىك ۋە شوخلۇقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، ئېگىز بويلۇق كېلىشكەن بىر يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. قولىدىكى سومكىسىنى ئوينىتىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان پېتى يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان قىز بىردىنلا ھوپپىدە قىزىرىپ، ئۆزىنى قانداق يىغىشتۇرۇۋېلىشنى بىلمەي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ماڭلاي چاچلىرىنى ئوڭشاپ قويدى، ئاندىن جۈرئەت قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى — دە، يىگىتكە يەنە بىر قېتىم قارىدى. يەرلىك ئاھالە بىلەن تۈپتىن پەرقلىق ھالدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم قامەتلىك بەستىگە خوپ ياراشقانىنىڭ ئۈستىگە، ئاق پىشماق كەلگەن كۆركەم چىرايىنى شۇنچە ئاچقان ئىدى. «ۋاھ، ئۇنىڭ يالتىراق كەڭ پېشانىسىگە قونغان ئورغاقتەك قاشلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ قاپقارا يوغان كۆزى دەل گۈلىنى كۆزلىتىپ تۇرمامدۇ؟» گۈلى يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئوڭلىغان بولۇپ، كۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا تىرىشتى. ئەمما بىر ھەۋەس ۋە ئىختىيار ئۇنى يىگىت تەرەپكە قاراشقا

مەجبۇر قىلاتتى. ئەنە، يىگىتنىڭ قەدەملىرىمۇ گۈلى
تەرەپكە قاراپ ئاستا تاشلاندى. ئۇ گۈلنىڭ ئالاقزادە
بولۇپ كەتكەن قىياپىتىگە قاراپ، مېيىغىدا كۈلگىنىچە
باش لىڭشىتتى، گۈلىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن كۈلۈپ
قويدى.

— شەھەرگە كىرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

گۈلى يىگىتكە يېنىنى قىلىپ تۇرغان چاغدا، قولاق تۈۋىدىن دېگۈدەك چىقىۋاتقان بۇ شىۋىرلاشنى ئاڭلىدى.

— ھەئە.

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟

— ياق، تاغاملارنىڭ ئۆيىگە ئويناپ چىققان ئىدىم!

— مۇنداق دەڭ، قارىسام يېزا قىزلىرىغا زادى ئوخشىمايسىز، ئۆيىڭىز؟

— شەھەردە، قارىياغاچ كوچىسىدا.

— بەللى يولىمىز بىر ئىكەن، مەنمۇ شۇ كوچىنىڭ بېشىدىكى مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتىمەن.

يىگىت قىزنىڭ ئالمىدەك قىزىل مەڭزىگە، نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى. گۈلى بۇ قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزىنى يىگىتتىن ئېلىپ يىراق ئېتىزلارغا ئاغدۇردى. يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى قەستەن بەرۋاسىزلىققا سېلىپ تۇردى. كېيىن ئاستا سورىدى:

— ئۆزىڭىز قەيەردىن؟



— ئۈرۈمچىدىن.

گۈلىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، يىگىت بولسا خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ بەرگەن ھەربىر جاۋابىدىن بىر خىل رەڭ ئېلىۋاتقان رۇخسارىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى.

— ئۈرۈمچىگە بارغانمىدىڭىز؟

— ياقەي.

— قالتىس شەھەر جۇمۇ ئۇ، بېرىپ ئويناپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

— مېنىڭمۇ ئوتتەك بارغىم بار ئىدى، بىراق يالغۇز قىز شەھەر ئاتلاپ ئويناپ يۈرسە كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟

— نېمە بولماقچىدى، ھەممە گەپ مەدەنىيەتسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ دەڭا. بولمىسا جۈپ بولۇپ بارمامدۇقىيا؟!

— ۋىيەي، گۈلى ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە ئىزىدا بىر پىرقىرىۋەتتى. خۇددى يۈرەك بېغىشىغا بىر زەخمەك ئۇرۇلغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. يىگىتنىڭ قاراشلىرىدا ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان جانلىنىش ۋە تەشنالىقنى بايقاپ، بەختكە چۆمۈپ كۈلۈمسىرىدى.

ئاپتوبۇس كەلدى، ئۇلار بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى.

— ئىنژېنېرمەن، تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيمەن، — دېدى يىگىت ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

گۈلنىنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمايلا قالدى: «ۋاپادىر خۇدا، ئەگەر بەختنى يار ئەيلەپ مۇشۇنداق ئىنسانلار بىلەن رىسقى قېتىلغىلى نېسىپ قىلسا، ئۆلسەم ئارمان قالماس ئىدى كىشىدە» دېگەن خىياللار بەخش ئەتكەن ئىلھام بىلەن ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، توختىماي ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلدى.

— تۇرمۇشلۇق بولمىغاندەكلا كۆرۈنىسىز، — دېدى يىگىت چوڭقۇر ئويغا پاتقان قىزنى ئاستا نوقۇپ، — پەرىزىم خاتا بولمىسا.

— ئالدىراپلا تۇرمۇشلۇق بولىدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن، — گۈلى بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىل جاۋاب بەردى، — ھەممە تەرەپتىن ئويلاشماي بولمايدۇ — دە.

يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ گۈلنىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە پەملىۋالغان ئىدى. «گۈلى توي قىلمىغان، بويىنى باغلانمىغان قىز.»

— شۇنداق، — دېدى يىگىت قىز تەرەپكە ئېڭىشىپ پىچىرلاپ، — بۇ مەسىلىدە ئىككىمىزنىڭ قارىشى ئوپئوخشاش ئىكەن، بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى، يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەنمۇ بويتاق يۈرمەمدىم. بولمىسا ئۈرۈمچى دېگەن قىزنىڭ ماكانى، نى - نى سەتەڭلەر: «پەرۋانە بولاي» دەپ پۇتىمىزغا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ، لېكىن «كۆزگە سىغقان، كۆڭۈلگە سىغار» دەپتىكەن. نەزەر كۆزىمىز ھېچكىمگە ئاغماي ئۆتۈپ كەتتىغۇ - تاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندەك مۇھىم خىزمەت ئىشلەيدىغان ئادەمگە



ئىشەنچلىك، ئەخلاقلىق قىز بولمىسا بولمايدۇ — دە.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان گۈلنىنىڭ بەدەنلىرى نېمە ئۈچۈندۇر بوشىشىپ كەتتى. يىگىتنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزىگە ئۇرۇلغاندا ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن سېزىلىپ باقمىغان تولىمۇ شېرىن، مەست قىلغۇچى بىر ھېسسىياتنىڭ ئاستا - ئاستا ئويغىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. «بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش، دېگەن شۇمىكىنا؟ — دەپ ئويلىدى، — ئۇ مەندە ئويغانغان مۇھەببەتمىكىنا؟»

شۇنداق قىلىپ، شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ گۈلنىنىڭ ھېسسىياتىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۇنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ قويغان تەكلىپىگە ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا رازىلىق بىلدۈردى. شۇ كېچە ئۇ كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىدى.

قىزنىڭ كەيپىياتىدا كۆرۈلگەن ئالاھىدە ئۆزگىرىشنى دەرھال بايقىغان ئاتا - ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خۇشال بولدى ھەم ئەنسىرەشتى. بولغۇسى كۈيئوغلىنى چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئۇلار مىڭ تۈرلۈك خىياللارنى قىلاتتى. بۇنداق باش - ئاخىرى يوق سوئاللارنىڭ بارىغا گۈلى قىسقىلا قىلىپ «قايغۇرۇش ھاجەتسىز، مەن ئۆز بەختىمنى تاپتىم، ئارمىنىم شۇ ئىدى» دەپلا جاۋاب بەردى. ئۆز پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىنى ئىزلىمەيدىغان، ئۇنىڭ بەختىگە كۈلمەيدىغان ئاتا - ئانا بارمۇ؟ گۈلنىنىڭ زور ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇلارنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. مە-

جەزىددىكى بىر خىللىقنى ساقلاپ يۈرىدىغان گۈلنىڭ بىراقلا جېنى ئېچىدىگە سىغماي، گاھ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ، گاھ قاقاقلاپ كۈلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن «شەخسىي تۇرمۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغان ئاتا - ئانا ئۇنى ئۆز يولىدىن بىرقەدەممۇ توختىتىپ تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، قىزىنىڭ بەخت - تەلىيىگە مىڭ قەترە شۈكرى قىلىپ، تويىغا رازىلىق بېرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلى يىگىت بىلەن تونۇشقاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا يىگىرمە كۈنگە بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى، بۇ جەرياندا گۈلى چىن ئەقىدە بىلەن كۆڭۈل قويغان كىشىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولۇشتىن يالتىيىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ يىگىتنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى گويا ئۇنىڭ ئىتائەتمەن خىزمەتكاردەك جان - دىلى بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى. «قاچانكى سەن بىرسىنى ياخشى كۆردۈڭ، شۇندىن ئېتىبارەن سەن ئۇنىڭ قۇلى» دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان - دە.

— ئەگەر بۇ يەرگە كېلىپ سىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىمنى بىلگەن بولسام، تويىمىزنى پادىشاھ مەلىكىسىدەك ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق قىلغاچ كېلەر ئىكەنمەن، — دېدى يىگىت قىزنىڭ ئانىسىنىڭ تويغا رازىلىق بەرگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — خىزمەت بىلەن تەييارلىقسىزلا كېلىپ قالغىنىمنى قاراڭ.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟



— تويىغا ھازىرچە ئالدىرىمىساق، ئۈرۈمچىدە نەچچە تويغا يەتكۈدەك تەييارلىقىم بار، كېيىنچە ئەل-جامائەت ھەيران قالغۇدەك...

— ماقۇل، — قىز ئالدىراپ يىگىتنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ماڭا كېرىكى سىز ۋە سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزلا.

يىگىت خىيال سۈرگەچ گالستۇكىنى توغرىلاپ قويغاندىن كېيىن قىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

— گۈلى، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بولسىڭىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا ئۆزگىچە بىر خىل پاسوندىكى كىيىملەرنى كۆرىسىز، رەخ - پەخ دېگەننىڭ تۈرى، چىرايلىقلىقىغا گەپ سىغمايدۇ، ئەگەر سىز شۇنداق كىيىنىدىغان بولسىڭىز، كۆرگەنلەر سىزنى «كۆكتىن چۈشۈۋالغان چولپانمىكىن» دەپ قالمىسا مانا مەن، — يىگىت گۈلىنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم ياغقان چىرايىدىن سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ گېپىنىڭ ئايىغىنى ھېچ ھودۇقماستىن ئېيتىۋەردى، — تويلۇق كىيىم - كېچەكنى مۇشۇ يەردىلا ئالاي دېسەم ھېچ ياراتقىم كەلمەيدۇ. سىزنىڭ بۇ ئايدەك جامالىڭىزنى ئۇنداق قالاشمىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈشنى خالىمايمەن. بۇ يەردىكى رەختلەردىن كىيىم تىككۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئۇلارنى نومۇسىڭىز كېلىپ چۆرۈۋېتىسىز، شۇڭا، ھازىرچە ئۆزىڭىزنىڭكىنى كىيىپ تۇرسىڭىز، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، نەچچە قۇر دې-

سىڭىز شۇنچە قۇر تىككۈزسەكمىكىن دەيمەنا؟

كۈلى ئۆزىنى گاھ ۋال - ۋۇل نۇر چېچىپ جۇلالىنىپ تۇرغان زەر لىباسلار ئىچىدە، گاھ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ پىكوردىسىنى قورچاقتەك كۆرسىتىدىغان ياۋروپا كىيىملىرى ئىچىدە كۆردى.

— شۇنداق قىلايلى، مەنمۇ بۇ كونا پاسونلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، — دېۋەتتى ئۇ ئالدىراپلا.

كۈلى يىگىت بىلەن كېلىشكەن مەسىلىلەر توغرىلىق ئاتا - ئانىسىنى قايىسى يول بىلەن بولمىسۇن كۆندۈردى. قىزنىڭ مەيلىنى چىقىش قىلغان ئاتا - ئانىلارمۇ بۇ مەسىلىلەردە بەك تاقىشىپ تۇرۇۋالمىدى. چۈنكى ئۇلار قىزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان تەرسا مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە چوڭلاردىن بىرقانچە يىلەننى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇلۇپ قويۇلدى. قىز ئۆز يېنىدىن پۇل خەجلەپ دوستلىرىنى چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. ھەممىگە، ھەقىقىي توي كېيىن، يىگىت ئۆرۈمچىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ياز ئۆتۈپ، ئالتۇن پەسىل كۈز كەلدى. بىر كۈنى يىگىت ئىدارىدا ئىنتايىن مۇھىم خىزمىتى چىقىپ قېلىپ، جىددىي تېلېگرامما كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا جايلارغا يەنە تەكشۈرۈشكە ماڭىدىغانلىقى سەۋەبىدىن گۈلىنى ھازىرچە ئۆرۈمچىگە ئېلىپ



بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھىجران ئازابىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان گۈلى ياپراقتەك تىترەپ، سۆيگۈگە قانمىغان تەشنا يۈرىكىنى مۇجۇغىنىچە ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

— بېرىپلا خەت يېزىڭ، — دېدى قىز ئۇنى سېلىپ يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ.

— چوقۇم يازىمەن، — دېدى يىگىت جاۋابەن، — بېرىپلا يازىمەن.

گۈلى ئۆزىنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىنى تەقدىم قىلغان ئادىمى بىلەن مەغرىپتىن - مەشرىققا دەشتى - چۆللەرنى بېسىپ سەپەر قىلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئوتتا بىللە كۆيۈپ، سۇدا بىللە ئېقىشقا مىڭ جان بىلەن رازى ئەمەسمىدى؟ ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ يەردىغۇ!

گۈلى ئۆزىنى يىغىدىن ئاران توختاتتى. ئىششىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپىقىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىگىتكە مۇلايىم باقتى.

— ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ كېتىشنى ئۇنتۇماڭ، توغرا ھازىرلا يېزىپ بېرىڭ، سىز يېتىپ بارغىچە ئالدىڭىزدا مېنىڭ خېتىممۇ بېرىپ بولار.

— دېدىمغۇ، ئادرېسىم تەتقىقات ئىدارىسى، — يىگىت چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ پەرۋاسىز سۆزلىدى، — بىزنىڭ ئايرىلىشىمىز ئۇزاق بولمىغاندىكىن، ھازىرچە خەتنى ساڭا مەنلا يېزىپ تۇراي، خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا قايتىپ كېلىپ، مەھەللىگە يەنە چوڭ

توي بېرىپ سېنى ئېلىپ كېتىمەن ئەمەسمۇ؟

گۈلى ئۆز ماشىنىغا ئەكەلدۈرۈپ قويغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى يىگىتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، تەييارلىغان سوۋغا ـ سالام ۋە يولدا كېرەكلىك خىراجەتلەرنى يوغان سومكىلارغا ئوبدان جايلاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن بېكەت دەرۋازىسى ئالدىدا، بارغانچە ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسقا، ياق، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان يىگىتكە تەلمۈرگىنىچە قاراپ، قىيمىغان هالدا ئۇزىتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى بىر يەغا ئۆرتەپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس يان يولغا بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولغاندا ئۇ هالسىزلىنىپ تامغا يۆلەندى. مانا شۇ مىنۇتتا ئۇ زېرىككەن چاغلىرىدا مۇنداق چەللا غىڭشىپ قويىدىغان قايسى بىر ناخشىدىكى «تونۇشۇش مۇشكۈل ئەمەس، ئايرىلىش بەكمۇ يامان» دېگەن مىسرالارنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى.

3

گۈلىنىڭ باغرى ھىجران ئازابىدا قانغا تولاي دېدى، ئەمما دۇنيادا شۇنداق بىر خىل ئازابلارمۇ بولىدۇكى، بۇ ئازاب قانچە ئۇزاق داۋاملاشسا، ئادەمنى شۇنچە لەززەتلىك سېزىم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ۋە ئازابلىغۇچىغا بولغان مېھرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ شۇنچە سېغىندۇرىدۇ. يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان ھەمراھىنىڭ



خىيالى گۈلىنى بەزىدە شۇنداق ئازابلىسا بەزىدە خۇشاللىقمۇ ئېلىپ كېلەتتى: ئاخىر ئۇ كىم بىلەن توي قىلىۋالدى؟ چاقىرسا ئېيتى، تۇتسا سېپى بار، تەقى ـ تۇرقى ۋە چىراي شەكلى بىر كۆرگۈچىنى مەھلىيا قىلغۇدەك يىگىت. ئۈرۈمچىدە — تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئىنژېنېر. بۇ گۈلىنىڭ پەخرى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئارزۇسىغا يەتتىمۇ. قېنى ئەمدى، گۈلىنىڭ كارامىتىنى كۆزى بارلار كۆرۈپ، قۇلىقى بارلار ئاڭلاپ قالسۇن. يېقىن كەلگۈسىدە ئۇنى ۋىژىلداپ ماڭىدىغان قارا پىكاپ ئىچىدە كۆرىدۇ تېخى!

ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىككەن، يولدىشىنى سېغىنغان گۈلىنىڭ ئەنە شۇنداق مۇڭلۇق دەقىقىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدا بىر بالداق كۆتۈرۈلۈش بولغان ئىدى. دەرۋەقە، مۇھەببەت كىشىگە گۈزەللىك، جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ. ئۇ ئەمدى كوچىلاردا ھۆر پەردەك ياسىنىپ، ئەتراپىغا تەبەسسۇم بىلەن باققان پېتى شۇنچە ئەركىن ماڭاتتىكى، كىشىلەر توپى ئىچىدە بەزىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن، بەزىلەر ھەسرەت بىلەن، يەنە بەزىلەر ھەسەت بىلەن قاراپ قېلىشاتتى.

— تەلەي دېگەن باشقا نەرسە ھە،— دەپ تامغاقلىرىنى چاكىلدىتاتتى بەزى قىزلار،— ئەتە ـ ئۆگۈن مانا ئۇ ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ، ھەرھالدا بەختى ئېچىلدى.

— ۋاي ـ ۋۇي ئۈرۈمچىلىك دېگەن قۇۋۇ كېلىدۇ،— دېيىشتى يەنە بەزىلەر،— شۇنداق مەرتىۋىلىك

www.uyghurkitap.com

چوڭ كادىر ئىكەنۇ. ئۇرۇمچىدەك بىر چوڭ شەھەردىن
قىز تېپىلمىغاندەك بۇ يەرگە كېلىپ ئۆيلەنگىنى نېمە
سى، كۆرىمىزغۇ تېخى ئاخىرىنىڭ يا سايرامدىن يا
قايىنامدىن چىققىنىنى.

— كاساپەت ئەجەب قولدىن چىقىپ كەتتا-
دەيتتى بەزى يىگىتلەر، — شۇنچە گۈزەل قىزنىمۇ
تارتقۇزۇپ قويدۇق...

گۈلى بولسا بۇرۇنقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ
نازاكەتلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك لەۋلىرى
ۋە بۇلاقتەك كۆزلىرىدە بىر شادىيانە كۈلكە جەۋلان
قىلسا، سۇزۇك چىھرىدىن ئىپتىخارلىنىش، ئىشەنچ بەل-
گىلىرى كەتمەيتتى.

گۈلى نېمە ئۈچۈن كۈلمىسۇن؟ ھاياتىدا تاسا-
دىپىي پەيدا بولغان بۇ يىگىت ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن
مۇھەببەت گۈلزارىغا ھېچ دەخلىسىز قەدەم تاشلاپ
كىرىپ، خۇش پۇراق گۈللەردىن خالىغانچە ئۈزۈپ ئوي-
نىغان تۇرسا! گويا چۈشتەك ئۆتۈپ كەتكەن بۇ كەچ-
مىش ئۇنى لەززەت دۇنياسىغا غەرق قىلىپ، شېرىن
خىيالىي ۋىسال بۆشۈكىدە ئەللەيلىتىۋاتتى!...

لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر - بىرىگە ئوخشىماي-
دىغان مىش - مىش پاراڭلار بۇ كىچىككىنە شەھەردە
خۇددى شامال ئۇچۇرغان توزغاقتەك ھەر تەرەپكە يې-
يىلدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئېچىنىش بىلەن تىكىلسە، بە-
زىلەر مەسخىرە ئارىلاش ھېجىيىاتتى، مەيلى نېمە بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر، گۈلى ئۆز يىگىتىنى كۈتۈۋەردى.



بىر چوڭقۇر ئەقىدە ۋە ھەر دەقىقە يۈرىكىگە شېرىن
ئازاب سېلىپ جىمىغا ئارام بەرمەيۋاتقان تەلمۈرۈش
بىلەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتتى.

لېكىن، خەت - خەۋەرسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
ئايلار گۈلىنىڭ تاقىتىنى تاماملاپ بارماقتا ئىدى. يۈ-
رىكىدە مۇھەببەت كويى توختاۋسىز چاراڭلاپ، قەلبى-
دە ۋىسال تەشنالىقى گۈلخاندەك يېنىپ تۇرىدىغان گۈلى
ئەمدى كۈتۈۋېرىشكە قۇربى يەتمەيۋاتقاندەك مۇڭلى-
نىپ، بارا - بارا سېغىنىش ئىلكىدە نالە قىلىشقا باش-
لىدى. ھىجران ئازابىدىن پەيدا بولغان زەپىرەڭلىك
چىرايىدىكى نۇر ۋە قىزىللىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.
ئىشەنچ بىلەن ئېگىلمەي كەلگەن بويىنى قىسىلدى.

ۋاقىت دېگەن ئاجايىپ، ھە؟ دۇنيادىكى قايسى
بىر ئىش ئۇنىڭ بىلەن باغلىق بولمىغان. تىلسىماتمۇ
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشكارىلىنىپ بېرىۋاتىدىغۇ!..
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئەمدى گۈلىنىڭ يۈرىكىگە دەھشەت-
لىك قورقۇنچ سېلىپ ئۇنى ئەندىشە ۋە گۇمانىنىڭ
چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئىتتىرىپ تىپىرلاتقىلى تۇردى. ئۇ
ھەر كۈنى سەھەرلىكى ئۇيقۇدىن كۆزىنى
ئاچاتتى - دە، كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان قانداقتۇر
غەشلىكنى ھېس قىلاتتى. ئاندىن قوللىرىنى بېشىنىڭ
ئاستىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئۇزاقتىن-
ئۇزاق خىيال سۈرەتتى... كۈتۈش بىلەن ئۆتكەن
ئۇزاق ۋاقىت ئۇنىڭ مەغرۇر قەددىنى ئەگدى، چىرا-
يىدىكى كۈلكىنىڭ ئۆچمەس جىلۋىسىنى تارتىۋېتىپ،

ئۇنىڭ ئورنىغا پەرىشانلىق، ئەندىشە تۇيغۇسى بەردى
تاڭ شەپىقىدەك لالىرەڭ مەڭزىگە ياش شەبنىمى قون
دى. كۆزىدە ئازابلىنىش — ھەسرەتلىنىش ئالامىتى
ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بولدى.
كۈز كېتىپ قىش كەلدى. قىش كېتىپ ئەتىياز
ئىككىن يولدىشىدىن خەۋەر يوق. «ھېچ بولمىغاندا ھا-
ياتلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان ئىككىلىك خەت ئەۋەتىپ
ئامانلىقتىن دېرەك بەرسىچۇ كاشكى، خىزمىتى ھەرقانچە
چە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆز ئائىلىسىگە خەت يېزىش
ئۈچۈنمۇ ئازراق ۋاقىت چىقىرىش تامامەن مۇمكىنغۇ؟...»
ئويلىغانسېرى ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، چىدام-
تاقىتى تۈگىگەن كۆڭلى ئاخىر ئۆرۈمچىگە بېرىپ ئۇنى
ئىزلەپ تېپىش قارارىغا كەلدى. تەييارلىق قىلىپ،
بىر كۈنى سەھەرلىكى يولغا چىقتى. ئۈچىنچى كۈنى
ئۆرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. كۆز ئېچىپ كۆرمىگەن ياقا
يۇرتقا كېلىپ ئادەم ئىزلاش شۇنچە ئاسان ئىشمۇ،
دەيسىز! ئادەم مىڭ — مىڭ قاتنايدىغان بۇ ئاۋات چوڭ
شەھەردە، كىمنى تونۇپ، كىمنى تېپىش مۇمكىن؟ كاش-
كى، قايسى تەتقىقات ئىدارىسى ئىكەنلىكىنى سورىۋال-
غىنىدا بولسىچۇ؟ كىچىككىنە بوپىسىمۇ قولتۇقلىۋالغان كۆڭلى چۈ-
كىنلىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك بېشى قېيىپ، نەگە بې-
رىشىنى بىلمەي تۆت ئەتراپقا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى،
كۆڭلى ئاۋۋال بىرەر مېھمانخانىغا چۈشۈش قارارىغا
كەلدى. چۈنكى ئۇ نىشانسىز، ئىزلەيدىغان ئادىمىنىڭ
ئادرېسىنى تېخى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ كۈنـ



مۇك يول ئازابى ئۇنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەن
ئىدى. كۆڭلى كېتىۋېتىپ ئاچلىقتىن كۆرە ئۇسساپ، چاڭقـ
قاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. تەشنالىقى بېسىلغۇدەك بىر
رەر نەرسە ئىچىش مەقسىتىدە قايناق بازار تەرەپكە
بۇرۇلدى.
تەرەپ — تەرەپتە قىزغىن سودا قىلىۋاتقان ئاش-
پەز، ناۋاي، قاسساپ، باققاللارنىڭ قىزىق بېيىت، قوش-
شاقلار بىلەن ئۆز ماللىرىغا خېرىدار چاقىرىپ تۇۋلاش-
لىرى كوچىنى بىر ئالغان ئىدى. بازار ئارىلاپ كېتى-
ۋاتقان كۆڭلىنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىزلا «قارت» قىلىپ
قالدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي يەنىمۇ دىققەت بىلەن
لەن قۇلاق سالدى... ئۇنىڭغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلا-
نىۋاتقاندەك قىلدى. «بىر چاغلاردا ئۇنىڭ قۇلىقىغا
ئوتلۇق سۆيگۈدىن ۋەدىلەر بېرىپ، ئىشقى — مۇھەب-
بەتتىن دەرىلەر ئېيتقان ھېلىقى يىگىتلەر شۇ شۇ-
ئاۋازنىڭ پەسەيتىلىشى ئەمەسمىكىنا؟!...» ئىشقىۋاز
سەنئەتكار ئورگىنىشتىر ئورۇنلىغان ياڭراق مۇزىكا سا-
دالىرى ئىچىدىن راۋاب ياكى تەمبۇرنىڭ خاس ئاۋا-
زىنى ئايرىپ ئالالىغاندەك، كۆڭلىمۇ بۇ ۋاڭ — چۇڭلار
ئارىسىدىن تىۋىزاقتىن بېرى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ
كېلىۋاتقان، ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش بولغان بىر ئاۋازنى
بايقاپ قالدى، بۇ ئاۋاز كۆڭلى يېقىنلىشىپ قالغان
كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى — شۇ يەردىكى ئادەملەر توپى
تەرىپىدىن كېلىۋاتاتتى. كۆڭلىنىڭ قەدەملىرى ئۇنىڭ
ھالسىزلانغان گەۋدىسىنى ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە سۆ-

رەپ كېتىشىۋاتاتتى. ئادەم ئېيتمىدىگەن ئەقىللىلىك ئۇلا
داقلا يەنە ئېيتمىدىگەن ئەخمەق نەرسە- ھە؟ گۈلنىڭ قۇ
لىقى ھازىر يۈز بېرىدىغان رېئاللىقنى ئاللىقاچانلا ئۇنىڭ
غا خەۋەر قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى يەنىلا
ئالداپ ئىشەنمەسلىككە تىرىشتى.

«مۇمكىن ئەمەس، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ئۆز
ئۆزىگە، — زادىلا مۇمكىن ئەمەس. مەن بەلكى ئوخشاش
قاندۇرمەن. جاھاندا ئوخشاشلىق دېگەن تولا گەپقۇ!»

گۈلى بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ، قولىغا
بىر تۇتام كىنو بېلىتى تۇتقۇزۇلۇپ: «ياخشى ئورۇننىڭ،
بىر كوي» دەپ ۋارقىراۋاتقان كىشىنىڭ يېنىغا يېقىن
لاشتى. بۇ بېلەتچى گۈلىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا
گۈلى ئۇنى تېخىچە ئېنىق كۆرمىگەن ئىدى.

پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋال-
غان بۇ ساتارمەن ئەتراپىغا ئولاشقانلارنىڭ ئىچىدىن
«نېمانچە قىممەت؟» دەپ سورىغانلارغا «چەت ئەلنىڭ
قالتىس كىنو ماۋۇ، ئالمىساڭ نېرى بارە!» دەپ ھەر
بىر ھورپەيگەندە، بېشىغا قىڭغىر قوندۇرۇۋالغان كەپكە-
سى پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تەۋ-
رەپ كېتەتتى.

يول بويىدىكى دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان
گۈلى ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى. ئۆزى
ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس ۋە قىممەتلىك بولغان
نەرسىسى — غۇرۇرى ۋە پەخرى بولغان سۆيگۈسىنى
ئاسانلا ئېلىپ كەتكەن، مۇھەببەت دەرۋازىسىنى بىر



چېكىپلا قىزغىن ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن، ئۇنى بىلگەر قارا
شىدا كۆيدۈرۈپ، ئىككىنچى قارىشىدا سۆيدۈرگەن بۇ
«ئىنژېنېر يىگىت»نىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى كۆرگەن
گۈلنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، جان قالمىغان بەدىنى
بوشىشىپ، تىزلىرى پۈكۈلدى. ئۇ يېنىدىكى دەرەخنى
تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئالدىدىكى ياتاققا گۈپ قىلىپلا
يىقىلغان بولاتتى...

4

كىشى بېشىدىن ئۆتكەن بەزى ئىشلارنىڭ بىر
قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ
قىلىدۇ — ھە! ئەپسۇسكى، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان
رېئاللىق كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاپ، ئاچچىق ھەس-
رەتلەر بىلەن تولدۇرىدۇ.

ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن ئۈچ ئايدىن بېرى
گۈلنىڭ يېشى قۇرۇمىدى. بۇ ئېچىنىشلىق ئاچچىق كەچ-
مىش گويا ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ يۈرەك-
باغرىنى تىلاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەلەم ۋە ئۆكۈنۈش
ئىلكىدە كۆيەتتى. قەلبىنى چۈشكۈنلۈك ئاياغ ئاس-
تى قىلاتتى. ئۆز تەقدىرىنىڭ مۇنداق ئۇزۇنلاشتۇرۇل-
غانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى! «ھاياتتا مېنى
راستىنلا ئۇسسۇلغا سېلىپ ئويناتتىمۇ؟ مەن راستىنلا
كىشىلەر ئالدىدا بىر پەردىلىك كومېدىيە قويۇپ بەر-
دىممۇ؟» گۈلى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى مەھكەم

مۇبتىلىپ كاردۇۋاتقان ئۆزىنى تاشلايتتى. يەنە ئورنىدىن تۇ
رۇپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى سىقىمدىنسىنچە بولتۇرۇ
رقالايتتى. ئۇنىڭ بارلىقى — غۇرۇرى، ئارزۇ - ئۈمىدى
قىزلىق ئىپتىخارى قېنى؟... ئۇ نەچچە قېتىم ھاياتىنى
قول ئۈزۈش قىلارىغىمۇ كەلگەن، ھەم بۇنى ھېچ
كېلەلمىسىمىز بىجىرەلگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىل
گەن ھەرقانداق تەسەللى - نەسىھەتلەر ئۇنىڭدا يېڭى
ئارزۇ ئويغىتىپ، ئۇنىڭ قاقشىغان يۈرىكىگە ئارام بې
رەلمەيتتى. پەقەت، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېقىنقى كۈن
لەردىن بويان تولا مىدىرلايدىغان بولۇۋالغان كىچىككىنە
جانلا ئۇنى بۇ يولدىن توختۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ دوختۇرخانا كارىۋىتىدا كۆزلىرىنى مەھكەم
يۇمغان ھالدا قىمىر قىلماي ياتاتتى. «ھەي يېتىمچە
لاپ تۇغۇلغان شور پېشانە بالام، مەن پەقەت سېنىڭ
قارا يېتىم بولۇپ كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈنلا، سېنى دەپلا
ياشاپ قالدىم. يىراق - دادىسىز يۇرۇپ قىسىلغان بوي
نۇڭنى، سارغايغان چىرايىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن
نەقەدەر ئازاب. جاھاندا سەن ئۈچۈن قانات قاقىدى
غان ئانىڭىز ئاناڭدىن باشقا كىم بار؟ سەن ئارزۇ بى
لەن تۆرەلمەپ تەشنالىق ئۈستىگە تۇغۇلغان بوۋاقلارغا
ئوخشىمايسەن، سېنىڭ جىسمىڭ ئالدانغان ھۆججەير
لەردىن پۈتۈلۈپ، ئامالسىزلىقتىن يەرگە چۈشكەن،
سېنى ھاياتتا يەنە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كۈتۈپ
تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن...»

گۈلى خىيال دەھشىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ مۆك



دىگەن ھالدا ئىرغىپ تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى
ئۇنىڭ سەللا كۆتۈرۈلگەن ھالسىز گەۋدىسى قاندىقتۇر
بىر بېسىمدىن يەنە ئىسسىق ئورۇنغا قايتتى.

— تىنچ يېتىڭ، — دېدى بىرسى تۆۋەن، ئەمما
يۇمشاق ئاۋازدا.

گۈلى ئۆز يەلكىسىنى يېنىككىنە بېسىپ تۇرغان
كىچىكلا قوللارنى ھەمدە بۇ قوللاردىن ئۆز بەدىنىگە
تۇتاشقان ئۆتۈۋاتقان ئىسسىق ھارارەتنى سەزدى. ئۇ
چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى... ئەجەبا، ئۇ نىمە ئۈچۈن كەل-
دى؟ بۇ چۈشكۈن ھالىمنى تاماشا قىلىش ئارقىلىق پۈ-
تۈن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ياكى مۇبارەك-
لەيمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كېلىشى زادى
مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىغان گۈلى:

— كېتىڭ، — دېدى ئارانلا. ئۇنىڭ ئاۋازى تو-
لىمۇ تۆۋەن ۋە زەئىپ ئىدى.

ئەمما، قانچە قېتىملاپ گۈلى تەرەپتىن رەنجىشكە
ئۇچرىغان بىر كىشىنىڭ كۆزى ئاۋۋالقىدەكلا پاك مۇھەببەت
ۋە سەمىمىي ئەقىدە كۆڭلىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

گۈلىنىڭ كۆزلىرى نىمىشقىدۇر ئاختۇرۇپ تالىپقا
تىكىلدى. تالىپ بولسا يەنە بۇرۇنقىدەكلا گەپ - سۆز-
سىز تۇنجىقماي تۇراتتى. قولىدىكى بىر سومكىدا شىپ-
خىدىن ھازىر ئۈزۈۋېلىنغاندەك قىزىرىپ پىشقان ئالما.
چىرايىدا بولسا، ئىللىق تەبەسسۇم بار ئىدى. گۈلى-
نىڭ كۆزىگە مۆلدۈر ياش كەلدى، ئۇنىڭ چاناقلىرىغا
پاتماي كەلكۈندەك يامراپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق يېشى
چۇۋۇلغان چاچلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com



# گۈلئايىم

## 1

يېڭى يىل ھارپا ئاخشىمى.

گۈلئايىم ئەڭ ئاخىرقى بىر تەخسە سەينى ئېلىپ كىرىپ مېھمانخانىدىكى يۇمىلاق تاماق شىرەسىدە قويغاندىن كېيىن، قولىنى پەشتامىغا سۈرتكەچ تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۆرۈكتەك سارغايتىپ پىشۇرۇلغان تېبىلىق، قازان كاۋىپى، قورۇلغان توخۇ... ئەنە، شەپقەتنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغدا پىشۇرۇلغان گۆش كۆمىلاكچىسى. بۇنى كۆرسە شەپقەتنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپلا كېتىدۇ، كۆك لازا بىلەن قورۇلغان توخۇ گۆشىچۇ تېخى، بۇنى گۈلئايىم شەپقەتكىلا ئاتاپ قورۇدى. ئۇ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق بىلەن بىر بوتۇلكا شامپان ئېلىپ قورۇمىلار قاتارىغا تىزدى، ئىككى رومكىنى چايقاپ پەتنۇسقا دۈم كۆمتۈردى. ئاندىن پېشىنى مەمنۇنلۇق بىلەن لىكشىتتى - دە، سائەتكە قارىدى. «شەپقەتنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتىغۇ، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ بوسۇغىدا پەيدا بولسا قانداق ياخشى بولاتتى — ھە؟...» ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزۈۋالغان گۈلئايىم ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشۇپ بۇلۇڭدىكى ئۈنئالغۇنى ئاچتى. پاھ، دۇناي ۋالىسى! گۈلئايىم مۇزىكىنىڭ يېقىملىق كۈيىگە مەست بولغان ھالدا شەپقەتنىڭ تامدىكى رەسىمىگە تىكىلگەن پېتى ئۇنىڭ بىلەن خىيالى مۇڭدىشىپ كەتتى.

— ئېيتىڭا بەخت دېگەن نېمە؟

— سىز بىلەن بىرگە بولۇش چەكسىز بەخت.

— راستمۇ؟

— ئالەم گۇۋاھ بولسۇن.

گۈلئايىم ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان شەپقەتنىڭ رەسىمىگە كىچىككىنە مۇشتۇمىنى تەڭلىدى.

— شوخلۇق قىلماڭ، جېمىڭ.

— سىز بىلەن بىرگە بولسام جېنىم ئۇچمىغا پاتمايدۇ.

گۈلئايىم لالىدەك رەڭ ئالغان مەڭزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. كۈلۈمسىرىدى - يۇ، ئېسىگە بىر نەرسە چۈشكەندەك يەنە دەرھال سائەتكە قارىدى، شەپقەتنىڭ ئادەتتە ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىدىن خېلىلا ئۆتكەن ئىدى. بۈگۈن «يېڭى يىل ھارپىسى ئىكەنلىكى ئېسىدىن چىقىپ قالدىمىكىنە؟» ياق، تېخى ئەتىگەندىلا ئۇلار چاي ئۈستىدە بۇ توغرىلىق بىر-

ئۇنداق مەسلىھەتلەشكەن تۇرسا. «كۈتەي، بەلكى، يول
ىدا كېلىۋاتقاندۇ، ھازىرلا پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى
ئاڭلانمامدۇ تېخى.» گۈلئايىم ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ
دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ
ياتقان كوچىغا قارىغىنىچە تۇردى. كۈتۈش بىلەن
ئۆتكەن دەقىقە، سېكۇنت، مىنۇتلارنى ئۆتكۈزمەك نە
قەدەر تەس — ھە؟ گۈلئايىم كوچىغا قاراۋېرىپ كۆزى
تالدى. پۇتىمۇ ئاغرىدى. ئاخىر بولالماي ياتاق ئۆيگە
كىرىپ كارىۋاتقا يامپاشلىدى. بېشىنى ياستۇققا قويۇش
بىلەنلا ھەر خىل تەشۋىشلىك خىياللار مېڭىسىنى چۇل
غۇۋېلىپ تېخىمۇ بىئارام قىلدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش
ئۈچۈن كىتاب جازىسىدىن قولىغا چىققان بىر كىتابنى
ئالدى، ئەمما بۇ قۇرۇقتىن — قۇرۇق ۋاراقلاش بولۇپ
قالدى. ئاخىر تېلېۋىزور ئېسىگە كېلىپ ئۇنى ئاچتى.
بۈگۈن ھەممە قاناللاردا يېڭى يىلغا بېغىشلانغان
نومۇرلار كۆرسىتىلىۋاتاتتى. بۇ ئويۇنلار گۈلئايىمنىڭ
قۇت - تېتىلىقىنى نەچچە بالداق ئۆرلىتىۋەتتى. «ئىدارى
سىدە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىش بولۇپ قال
دىمۇ - نايا؟» دېگەن ئوي كاللىسىغا كەچكەندە، گويا
پۈتۈن ئىشنىڭ سىرى يېشىلگەندەك كۆڭلى سەل ئارامىغا
چۈشتى. «توغرا، بۈگۈن تولا ئىدارىلەردە يېڭى يىلنى
كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭغا ھايال بولۇپ
قالغاندۇ بەلكى. قېنى، كۈتۈپ باقاي» دېدى ئۇ ئۆز
ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ. ئارىدىن خېلى ئۆتتى. ئەمما،
شەپقەتتىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىر



كۈن كەچكىچە قىلغان ھەشەملىرى بىكار بولدى. شەيلىرى،
شورپىلىرى مۇزلاپ، تەمى ئاللىقاچان كەتكەن ئىدى. «ھەر
قانچە كاتتا زىياپەت بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەمدى
قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟» گۈلئايىممۇ ئىككىلىنىشكە
بىر دەم بولسىمۇ دەرقەمتە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشى ئۈچۈن
ئاشۇنداق زىياپەتنىڭ مېھرىدىن كەچكەن ئەمەسمىدى؟
گۈلئايىمنىڭ تەقەززالىقى تۇرۇپلا ئەندىشىگە ئالماشتى.
«باشقا بىرەر ئىش بولۇپ قالدىمۇ - يا؟» گۈلئايىم
ئۈستەل ئۈستىنى داستىخان بىلەن يېپىپ قويدى. سىرت
قا قۇلاق سېلىۋېدى، ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانمىدى. ئۇ
ئالدىراپ بالكونغا چىقتى. سىرتتا ئاللىقاچان قاراڭغۇ
چۈشكەن ئىدى. ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلىغان، ئەت
راپ تۇتەكلىشىپ كەتكەن. يىراقلاردىكى چىراغ يورۇقى
بۇ قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە كۈچى يەتمەيۋاتقاندەك
غۇۋا پىلدىرلايتتى. گۈلئايىمنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچ
چەيدى. ئۇ ئېگىز يولغا سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما يولدا
بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ
ئۆيگە قايتىپ كىردى. شەپقەت ئەتىگەن «ئىشتىن چۈش
شۇپلا قايتىپ كېلىمەن. بىر ياققا كېتىپ قېلىپ مېنى
ساقلىتىپ قويمايمەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ مانا ھا
زىر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىدىن ئىككى سائەت
ئۆتۈپ كەتتى. گۈلئايىمنىڭ ئەمدى ئۆيدە ساقلاپ تۇر
رۇۋېرىشكە تاقىتى يەتمەي ئالدىراپ كىيىم ئاسقۇچتىن
پەلتوسىنى ئالدى، دەل شۇ چاغدا تۆۋەندىكى پەلەم
پەيدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. گۈلئايىم تونۇدىكى

ئۈزۈنكىغا شەپقەتنىڭ ھەربىر قەدەم تىۋىشلىرىنىمۇ تونۇي-
تتى. ئۇلار بوسۇغىدا ئۇچراشتى.
— ئەجەب كېچىكىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى گۈلنا-
يىم شەپقەتنىڭ پەلتوسىنى يېشىشكە ياردەملەشكەچ.
— يىغىن دەگە، شۇ تۈگىمەس يىغىن، بولمىسا
ھەممىنىمۇ بەك ئالدىرىغان ئىدىم.
شەپقەت يالغان ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ گۈلنايىمغا
تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتىشى ئىدى. ئۇ بۈگۈن
ئىدارىدىن، ئادەتتىكىدىنمۇ بۇرۇنراق چىققان، لېكىن
يولدا تويۇقسىز قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. پۈتۈن
ئەزاسىدىن چىلىق - چىلىق تەر قۇيۇلۇپ ماغدۇر-
مادارى قالماي، كوچىدا تاكى ئاغرىق قويۇپ بەرگىچە
ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئادەتتە ئۇ گۈلنايىمغا كۆڭۈل-
نى غەش قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى دېمەيتتى، شۇ-
ڭا بۈگۈنمۇ ئىشنىڭ راستىنى يوشۇردى. گۈلنايىم دەر-
ھال ئىسسىق چاي دەملەپ كىرادى. ئاندىن مۇزلاپ كەت-
كەن تاماقلارنى قايتىدىن ئىسسىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
قاپىقى رەنجىشى شەپقەتنى كۆرۈش بىلەنلا ئاللىقاياق-
لارغا تاراپ كەتكەن ئىدى. شەپقەت بولسا گۈلنايىم-
نىڭ ئالدىدا ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشىپ چىشىنى
چىشلىگەن ھالدا خۇشال ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى
ئىككىسىنىڭ تويى ھارپىسىدىكى رەسىمگە چۈشتى، ئۇ رە-
سىمگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. ئاندىن، يۇمشاق كەشىنى
شىپىلدىتىپ تەخسە كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كېلىۋات-
قان گۈلنايىمغا نەزەر ئاغدۇردى. ئىككى يىل ئىچىدە



نەقەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ كەتكەن-ھە؟ رەسىم-
دىكى گۈلنايىم بىلەن ئىككىسى خۇددى ئانا - بالىدەك
پەرقلىنىپ كېتىپتۇ، شەپقەت گۈلنايىمنىڭ ئەگرى-دوغاي
كۆك تومۇرلار يۆرتۈپ چىققان ئورۇق قوللىرىغا قارا-
غان ھالدا ئويغا پاتتى: «قېنى ئۇ بوۋاقلارنىڭكىدەك
يۇمشاق، ئۇگە - ئۇگىلىرىنى زىناق قاپلىغان بودرۇق
قوللار؟ قېنى ئۇ قان تېپىپ تۇرغان سۈزۈك مەڭىز-
لەر؟» شەپقەت گۈلنايىمنىڭ قىڭراقتەك چىقىپ قالغان
بۇرنىغا، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە، ئورۇقلاپ تاتارغان
يۈزىگە سەپسالدى. «شۇنداق. ئۇ گۈزەل ئىدى. ئىككى
يىلدىن بېرى مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە ئېقىپ
ئاشۇ ھۆسنىدىن ئايرىلدى. مەن ئۈچۈن كۈلۈپ، مەن
ئۈچۈن يىغلىدى، مېنىڭ خاتىرجەملىكىم ئۇنىڭ ئارامى،
مېنىڭ ئارامىم ئۇنىڭ بەختى بولدى.» شەپقەت گۈلنا-
يىمغا قارىغانسېرى ئىچى سىيرىلىپ، يۈرىكى ئېزىلدى.
گۈلنايىمنىڭ شەپقەتنى نازۇ - نېمەتلەرگە تەكلىپ
قىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى:
— قېنى ئېلىڭ، ئىسسىقىدا! — دېدى گۈلنايىم
خۇددى قەدىرلىك مېھمان ئالدىدا تۇرغاندەك خۇش
خۇيلۇق بىلەن. — ئالسىڭىزچۇ، مانا، ماۋۇ قىلتىرىقى ئەڭ
ئاز ياخشى يېرى.
شەپقەت بىر رومكىنى قىزىل ھاراق، يەنە بىر
رومكىنى شامپان بىلەن تولدۇرۇپ شامپاننى گۈلنايىم-
غا تۇتتى:
— قېنى، كۆتۈرۈڭ گۈلنايىم.

گۈلئايىم ئورنىدىن تۇرۇپ رومكىنى قولىغا ئالدى.
— تويىمىز بولغان كۈنى ئىچكەن ئىدۇق، — دې-
دى ئۇ قىزارغان هالدا.

— ئېسىڭىزدىن چىقماپتۇ - دە، — شەپقەت هايا-
جانلاندى، — ئۇ چاغدا سىز يۈزىڭىزنى توسۇۋېلىپ بىر
ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىغان ئىدىڭىز، قېنى ئەمدى،
شۇ گۇناهىڭىز ئۈچۈن نۆۋەت سىزنىڭ بولسۇن.
— بوپتۇ، ئەمىسە بۇنى مەڭگۈلۈك مۇهەببىتىمىز
ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— مەڭگۈلۈك مۇهەببىتىمىز ئۈچۈن!
ئىككى رومكا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جىرىڭلىدى،
ئۇلارنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. شەپقەت هەدەپ
گۈلئايىمنى يېيىشكە زورلايتتى، بىراق ئۆزى هېلى ئۇنى،
هېلى بۇنى چۇقچىلاپ قويۇپ، گۈلئايىمنىڭ كۆزىنى غە-
لەت قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىشىنى
چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى.
— تېتىمايۋاتامدۇ - يا؟ — دېدى گۈلئايىم شەپ-
قەتنىڭ ئىشتىهاسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.
— ياقەي، كېلىۋاتسام ئاغىنىلەر تۇتۇۋېلىپ ئۇنى-
مىغىنىمغا قويماي ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق،
— سىزە، يىغىنغا قاتناشتىم دەپ يالغان ئېيتىپ،
ئەسلى ئولتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپتىكەنسىز - دە، —
گۈلئايىم ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى، — ئۇنداق
بولسا مەيلى، ئاچلىقتىن توقلۇق يامان دەپتىكەن.
ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئۇستەلنى بىر تە-



رەپكە سۈردى، ئەڭ ياخشى لېنتىدىن تاللاپ ئۇنئال-
غۇغا سالدى - دە، شەپقەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— يا تاماققا ئىشتىهايىڭىز يوق، يا ئويۇنغا
سىزگە ساقلاپ تۇرسام تارتمايدىغان ئوخشايسىز، كې-
لىڭ، ئوينايلى.
ئەسلى شەپقەتنىڭمۇ بۈگۈنكى كۈننى كۆڭۈلدىكى-
دەك ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى. بىراق بارغانسېرى ئەدەپ
كېتىۋاتقان ئاغرىق ئۇنىڭ روهىنى سۇندۇرۇپ بېرىۋاتات-
تى، گۈلئايىمنىڭ شۇ قەدەر خۇشال كەيپىنى بۇز-
غىسى كەلمەي زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— بۈگۈن سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى كۆرەي دېۋې-
دىم، — دېدى ئامالسىزلىقتىن.
گۈلئايىم ماقۇل بولۇپ دەرهال لېنتا يۆتكىدى ۋە يار-
شىملىق نەپىس هەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.
چوڭقۇر مۇهەببەت بېغىشلىغان شادلىق ئىچىدە ئۇلار
ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. سائەت
يېڭى يىلغا داڭ ئۇرغان دەقىقىدە ئۇلار ئىككىنچى روم-
كىنى كۆتۈرۈشتى - دە، ئاندىن بىر - بىرسىنىڭ تىنى-
قىدا مەست بولغان هالدا يېتىپ قېلىشتى. گۈلئايىم
يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن،
بىركەمدە ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ شەپقەتنىڭ ئورنىنىڭ بوش
تۇرغانلىقىنى كۆردى. كارىۋاتنىڭ يېنىغىلا قويۇلغان
ئۇستەلدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان شەپقەت ئېچىپ قويۇل-
غان كىتابلاردىن نېمىلەرنىدۇر ئاختۇرۇپ يازماقتا ئىدى،
گۈلئايىمنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى: قەلبىدە ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

ئىسپەتەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى قوز-
غىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياش
سىرغىشقا باشلىدى. ئىككىسى يىلدىن بۇيان نۇرغۇن
ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆتتى. گۈلئايىم
ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئارامخۇدا دەم ئالغىنىنى كۆرمى-
دى، ئۇنىڭ ھامان مۇشۇنداق كىتاب ئۈستىگە مۈكچىيى-
گىنى مۈكچەيگەن. توغرا، ئۇ ئىنسانىي بۇرچىنى چۈشەن-
گەن ئىنسان. ئۇ خۇددى شامدەك ئۆزىنى كۆيدۈرۈش،
خورىتىش ھېسابىغا باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلماقچى،
مۇشۇ يولدا ئۇ يۈرەك قېنىنى بىر تېمىم، بىر تېمىم-
دىن سەرپ قىلىپ، بۇنىڭ ھېسابىغا ئۆزى قۇرۇپ، تۈ-
گەپ كېتىۋاتىدۇ، ئاھ خۇدا. مۇشۇنداق ئىنسانلارنىڭ
ئۆمرىنى ئۇزاق قىلغايسەن، بۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ
بەختى ئۈچۈن ياشايدۇ! ئەگەر توغرا كېلىپ قالسا
ئۇنىڭ ئۆلۈم نۆۋىتىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۈستۈمگە
ئالسەن، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزاق قىلغايسەن!

گۈلئايىم مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئاستىغىنە شەپ-
قەتنىڭ چىرايىغا سەپسالدى: ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ
كەز باغلىغان، كۆزى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ، ئەتراپى
سەل كۆكەرگەن، قوۋۇزلىرى گويا چىشى چۈشۈپ كەت-
كەندەك ئىچىگە تارتىشىپ قالغان ئىدى. پېشانىسىدىن
بولسا تەر تەپچىپ تۇراتتى. گۈلئايىم چۆچۈپ
كەتتى. «شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا دىققەت
قىلمىغاندىمەن - ھە؟ — دەپ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى
ئەيىبلىدى گۈلئايىم. — راست، ئۇنىڭ كەيپىياتىدا خېلى



ئۆزگىرىش بار. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى
بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بىسپەرۋا
يۈردۈم؟ ئۇنى ئەتە چوقۇم دوختۇرغا ئاپىراي.» گۈل-
ئايىم شەپقەتكە ئىسسىق چاي دەملەپ بېرىش ئۈچۈن
ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

2

— ياقەي، دوختۇرغا بارغۇدەك ئىش يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ، تەكشۈرۈپ باققانىڭىزمۇ زىيىنى
يوق.

— نېمانداق كۆزۈمگە كىرىۋالدىغانسىز، بۈگۈن
جىددىي ئىشىم بار دەيمەن.

— ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ، سىز بىلەن بىزدىن
ئاشىدۇ تېخى.

— راستلا بۈگۈن دوختۇرغا بارغۇدەك ۋاقتىم
يوق. بارمايمەن دېگەندىن كېيىن بارمايمەن!

مەنمۇ سىزنى دوختۇرغا ئاپارماي قويمايمەن!

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئېيتىشقىلى تۇرغان
گۈلئايىم ئاخىر شەپقەتنى ماقۇل كەلتۈردى.

ئەنە، نۆۋەتچى دوختۇر. شەپقەت ئۇنى كۆرۈش
بىلەنلا يۈرىكى «جىغ!» قىلىپ قالدى. ئۇ، گۈلئايىم-
نىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ يىگىت
بىلەن يۈرگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدى. ئەمما تۇر-
مۇش يولىدا بولىدىغان بۇ نورمال ئىشلار ئالىقاچان

شەپقەتنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. — يۇ-
ئەجەبا بۈگۈن يۈرىكى نېمانچە ئەنسىز سوقىدىكەن؟
ئۇلار سالاملاشتى، دوختۇر كېسەلنىڭ ئەھۋالى
ھەققىدە تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن، شەپقەتنى ئومۇ-
يۈزلۈك تەكشۈرۈشكە رېتسېپ يېزىپ بەردى. شەپقەت-
قان تەكشۈرتتى، رەسىمگە ئالدۇردى، يەنە بىر بۆ-
لۈمدە شەپقەت ئاڭلىمىغان ھەم كۆرۈپ باقمىغان تەك-
شۈرۈشلەردىن ئۆتتى. چۈشكە يېقىن تەكشۈرۈشلەرنى
تۈگىتىپ بىرمۇنچە قەغەزلەرنى ھېلىقى دوختۇرنىڭ ئال-
دىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇر قەغەزلەرنى كۆزدىن كە-
چۈردى — دە، گۈلئايىمنى ئىچكىرىدىكى ئۆيگە چاقىرىپ
كىرىپ كەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن گۈلئايىم چە-
رايى ئۆڭگەن ھالدا قايتىپ چىقتى.

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى شەپقەت كې-
تىۋېتىپ. — ئادەتتىكى ئاشقازان كېسىلىكەن، ۋاقتى-
ۋاقتىدا دورا ئىچىپ بەرسە ساقىيىپ كېتەندۇ، دەيدۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ گۈلئايىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا
قارىماي ئىدارىسىگە كەتتى.

ئۇ كەچتە ئۆيگە كەلگەندە گۈلئايىم تېخىچە قاي-
تىپ كەلمىگەن ئىدى، شەپقەت ئالدىراپ يەڭلىرىنى
تۈردى. ئۇنىڭ قولىدىن گۈرۈچ تامىقىدىن باشقا تاماق
ئېتىش كەلمەيتتى. «مەيلى نېمىلا بولمىسۇن تەييار تا-
ماق ھاردۇقنى چىقىرىدۇ» دەپ ئويلىدى شەپقەت ۋە
بىر سائەتكە قالمايلا ئاشنى تەييار قىلدى. گۈلئايىم
تېخىچە يوق ئىدى. ئادەتتە ئۇلار تاماققا بىر- بىرنى



ساقلىشاتتى. بىراق بۈگۈن شەپقەتنىڭ گۈلئايىمنى ساق-
لاپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتى يوق. ئۇ يەنە ئىدارىگە بېرىپ
يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ
تەييارلىقىنى قىلىشى كېرەك. شەپقەت ئاخىر تامىقىنى
يېدى — دە، گۈلئايىمغا خەت قالدۇرۇپ قويدى. «گۈل،
ساقلىسام كەلمىدىڭىز. جىددىي ئىشىم بولغاچقا سىزگە
قارىمىدىم، كەچۈرۈڭ. تاماق مەشىنىڭ ئۈستىدىكى كورىدا.
ئىسسىقىدا يەڭ. بۈگۈن سەل كەچ قايتىشىم مۇمكىن،
مېنى ساقلىماي ئۇخلاۋېرىڭ.»

شەپقەت ئالدىراپ چاپىنىنى كىيدى — دە، ئۆي-
دىن چىقتى. كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئايىغى خېلىلا بېسىقىپ
قالغان، ئاپتوبۇس ئىچىمۇ خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغان
ئىدى. ئۇ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ئۆزىنىڭ نۆ-
ۋەتتىكى تەتقىقات ماقالىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرات-
تى. ئاپتوبۇس ھېلىقى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزى تۇساتتىن ئەتىگەنكى دوختۇر
بىلەن پاراڭلاشقان ھالدا چىقىپ كېلىۋاتقان گۈلئايىمنى
ئىلغا قىلىپ قالدى. شەپقەت قايرىلىپ دىققەت بىلەن
سەپسالدى، ياق شۇ ئۆزى. دوختۇرخانا دەرۋازىسىنىڭ
ئۈستىگە ئېسىلغان رەڭگا — رەڭ چىراغلار بىلەن كوچا
چىراغلىرىنىڭ يورۇقى ئۇلارنى مانا مەن دەپ ئاشكارى-
لاپ تۇراتتى. شەپقەت ھەيران بولدى. «گۈلئايىم
ئۆيگە قايتماي نېمە قىلىپ يۈرىدىكىنە؟» شەپقەتنىڭ
پىكرى بىر دەملىككە بۆلۈندى. ئاپتوبۇس ئۇ ئىككىسىنى
يىراقتا قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

شەپقەت ئىشخانىسىدا تۆپتەۋەرا ئۈچ سائەت ئىشلىدى. بېلى تېلىپ، كۆزى ئېچىشىپ تورلاشتى. ئەما ئۇ ئىشنى پۈتتۈرگەن ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھارغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ يېنىكلەپ قالدى.

شەپقەت ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى. كۆڭۈللۈك ئۆي، گۈلنايىمنىڭ قىزغىن مۇھەببىتى گويا بىر پارچە تۆمۈرنى شىددەت بىلەن ئۆزىگە تارتقان ماگنىتتەك شەپقەتنىڭ قەدىمىگە سۈرئەت بېغىشلىغان ئىدى. «يالغۇز زېرىكىپ قالغانمىدۇ ياكى قورقۇپ تامدىغاندۇ؟» يول بويى گۈلنايىم ئۇنىڭ خىيالىدىن بىرمىنۇتمۇ نېرى كەتمىدى. ئۇ گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ مېڭىپ دېگەندەك ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. چىراغ ئۆچۈك ئىدى. «ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى شەپقەت ۋە گۈلنايىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىراغنى ياندۇردى — يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن خەت ئۆز جايىدا، تاماق سوۋۇپ قېتىپ كەتكەن، ئۆيدە گۈلنايىم يوق ئىدى. شەپقەت نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدى. «بۇ نېمە ئىش، ھېلىقى دوختۇر بىلەن ھە!؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن!؟» شەپقەتنىڭ بويى شۈركىنىپ كۆڭلىدە ھەر نېمىلەر كېچىشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە سىرتتىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى — دە، ھايال ئۆتمەيلا گۈلنايىم خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ



مۇنكىمسىنى ئىلگەككە ئاستى — دە، سافادا جىمجىت ئولتۇرۇپ، تاماكا ئوراۋاتقان شەپقەتكە قاراپ سۆزلەپلا كەتتى.

— كەچ قالغانلىقىم ئۈچۈن خاپا بولۇپ قاپسىز-دە، شۇنداقمۇ؟ تاماكا چەككەننىڭ ئورنىغا بىر تال كەمپىت شوراڭ، — ئۇ شۇنداق دېدى — دە، بېرىپ شەپقەتنىڭ ئاغزىدىكى ئەمدىلا تۇتاشتۇراي دەپ قىستۇرۇۋالغان تاماكىنى تارتىۋالدى.

شەپقەت گۈلنايىمغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان، بىراق نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى.

— ئەجەبمۇ كەچ قالدىڭىز؟ — سورىدى شەپقەت ئاستا.

— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىۋېدىم، تۇتۇۋېلىپ يەقەتلا ماڭغىلى قويمىدى.

ھېچ ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شەپقەتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاتىرىلىپ كەتتى. تا مۇشۇ دەقىقىگىچە ئۇ گۈلنايىمغا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشەنگەچكە، بۈگۈنكى «پەۋقۇلئاددە ئۇچرىشىش» توغرىلىق ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىغان ھەم گۈلنايىم توغرىلىق ھېچقانداق باشقىچە خىيالدىمۇ بولمىغان ئىدى: كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋاب شەپقەتنىڭ غۇرۇرىغا بىردىنلا قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ ئىچ — ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان غەزىپىنى بېسىپ تىترىگەن ھالدا:

— شۇنداقمۇ!؟ — دېدى ئاران.

— بولمىسا، سىزنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دەپ بەك ئالدىرىدىم.

— مۇنداق دەڭ! — شەپقەتنىڭ مېڭىسى يەنە بىر قېتىم زىڭىلداپ كەتتى. ھەيرانلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدى، ھەي شەپقەت، مۇھەببەت كۆزىنى قاپىرىغۇ. قەلبىنى سەزمەس قىلىۋەتكەن، شەپقەت! سېنىڭ «پاكلىق ئىلاھى» سانىلىپ چوقۇنغىنىڭ مۇشۇ گۈلئايىممۇ؟ ئۇ بىرقانچە قېتىملاپ مۇشۇنداق «ئائىلە سۆھبىتى» باھانىسى بىلەن كەچ قالغاندا، سەن ئۇنىڭدىن زەررىچە گۇمان قىلمىغان ئىدىڭ، چۈنكى سەن ئۇنى قەلبىڭ تەختىگە «ساداقەت سۇلتانى» قىلىپ تىكلىگەن ئىدىڭ. سەن ئۇنىڭ ئوبرازىنى قۇياشنىڭ پاك نۇرى بىلەن بېزەپ قارىدىڭ. ئەپسۇسكى ئۇ...

مۇنداق دەڭ! — دەپ تەكرارلىدى شەپقەت ئاچچىق كۈلۈپ.

شەپقەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گۈلئايىم چۆچۈگەن، ھولۇققان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ شەپقەتكە قاراپ قالدى. شەپقەت ئېنىق كۆردى. گۈلئايىمنىڭ كۆزلىرىگە سىر يوشۇرۇنغان، بۇ سىر شەپقەت ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەنسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىپادىسى بىلەن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. شەپقەت باشقا گەپ-سۆز قىلماستىن ياتاق ئۆيگە چىقىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋاتقان خىيالى ئۇنى گاھ دەھشەتلىك قاينام ئىچىگە سالسا، گاھ زەربە بىلەن قىر-



غاقلارغا ئۇراتتى. شەپقەت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ گۈلئايىمنى ئالدىغا سېلىپ ئاتالمىش «ئائىلە سۆھبىتى» بولغان جاينى تاپتۇرۇپ رەسۋا قىلماقچىمۇ بولدى. بىراق سىكۇنت ئۆتمەي بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، قايتىپ ئورنىغا ياتتى. گۈلئايىمنىڭ بارلىق گەپلىرى ۋە سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇردى.

ئەتىسى شەپقەت تولىمۇ ھارغىن ھالەتتە ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بۈگۈن خىزمەتكە بارغۇدەك ھالى يوق ئىدى. گۈلئايىم تەييارلاپ قويۇپ كەتكەن چاينىمۇ ئىچمىدى. ئىچىنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقان چىگىش خىياللاردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، بالكونغا چىقتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئالەم رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن، ئەتراپنى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز تۇمان قاپلىغاندەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ:

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ پەسكە قارىدى. بۇ، دەرۋازا تەرەپتىن كىرىپ كېلىۋاتقان قوشنىسى رەيھاننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ شەپقەتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە سورىدى، — گۈلئايىمنى دورىغا ئەۋەتكەن ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، — شەپقەت ھەيران بولدى، — قانداق دەيسىز؟

— ئوكۇل سالدۇرغىلى دوختۇرخانىغا بارغانتىم، گۈلئايىمنى شۇ يەردە كۆردۈمغۇ؟

شەپقەتنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. كۆز ئالدىنى نامەلۇم بىر سىنىڭ سايىسى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ يىقىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشكىلى تاس قالدى، گويا تۆت ئەتراپىدىن قورشاپ يامىشىپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك يالقۇن ئۇنى ئۆرتەپ تاشلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، تو مۇرلىرى چىڭقىلىپ كەتتى. ئۇ قوشنىسىغا لايىقىدا سۆز ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆيگە يېنىپ كىردى.

گۈلئايىم چۈشلۈك تاماققا كەلگەندە شەپقەت ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۆي ئىچى كۆكۈچ تاماكا ئىسى بىلەن تولغان ئىدى.

— بۈگۈن مىجەزىڭىز قانداقراق؟ — دېدى گۈلئايىم سومكىسىنى ئىلگەككە ئېلىپ ۋە دەرھال كېلىپ شەپقەتنىڭ قولىدىكى تاماكىنى تارتىۋالدى، — ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇنى ئېغىزغا ئالمىسىڭىزچۇ!

گۈلئايىم تاماكىنى ئوچاققا تاشلىۋېتىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىش ئارىسىدا شەپقەتكە يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. ئەندىكىپ كۆزىنى قاچۇراتتى، ئۆزىچىلا چۆچۈيتتى، قويغان-تۇتقىنىنى ئۇنتۇپ چايداننىڭ ئاغزىنى چۆگۈنگە كۆمتۈرەتتى. قازاننىڭ تۈۋىقىدا مەشنى ياپاتتى. تورمۇشتا تەرتىپلىك، ئىشلىرى تولىمۇ ئىدىتلىق گۈلئايىمنىڭ بۇ ھەركەتلىرى شەپقەتنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

— بايا تېلېفون بېرىپ ئالالمىدىم، يوقمىدىڭىز؟ — دېدى شەپقەت ئاخىر قەستەن.

— يا... ياقىي... نەگە باراتتىم. دەرسكە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىم بولسا كېرەك.



كۆزىگە قان تولۇپ، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەن شەپقەت چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. —

گۈلئايىم بولسا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ ئەمما كۆزلىرىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھودۇقۇش ئالامەتلىرى ئۇنىڭ ساراسىمە ئىچىدە سەكپارە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. گۈلئايىم كۆزىنى شەپقەتتىن ئېتتىك ئېلىپ قاچتى. ئەمما شەپقەت ئېتىلىپ كەلگىنىچە گۈلئايىمنى مۈرىسىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى:

— ماڭا بىر قارىغىنا!

— نېمە؟

— مېنىڭ كۆزۈمگە قارا دەيمەن!

— نېمە بولدىڭىز؟ — گۈلئايىمنىڭ كۆزلىرى ھودۇقۇشتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ساڭا قىلغان ئەقىدەمنىڭ جاۋابى شۇمۇ؟! — شەپقەت ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ئامبۇردەك تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق سىلكىشلىدى.

گۈلئايىم ئۈن قاتالمىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىچ-ئىچىدىن بۇلاقتەك قايناپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي بېشىنى كەينىگە بۇرىغانچە ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

— ماڭا قارىغۇدەك يۈزۈڭ قالمىدى، شۇنداقمۇ؟ ئېيتە. سەن زادى نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟ — غەزەپتىن تىترىگەن شەپقەت گۈلئايىمنى قاتتىق سىلكىپ

ئۆزىگە قاراتتى.

— سىز... نېمە بولدىڭىز؟ — گۈلئايىم بوغۇلۇپ قالدى.

شەپقەتنىڭ بولسا چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

گۈلئايىم بېشىنى كۆتۈرۈپ شەپقەتكە تىكىلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شەپقەتنىڭ يۈزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالماقچى بولۇۋىدى، شەپقەت دەرھال يۈزىنى بۇرىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى نېمە ئۈچۈندۇر گۈلئايىمغا ھار كەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ كۈچلۈك بىر ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە شەپقەتنىڭ ياغرىغا ئېتىلدى. بىراق شەپقەت ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىردى. گۈلئايىم تۇرۇپلا قالدى. ئۇ شەپقەتنىڭ ئەپىردەت ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى — دە، كەينىگە قايرىلىپ بارماقلىرىنى چىشلىگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— گەپ قىل دەيمەن!

— شەپقەت مەن...

— تىلىڭنى چاينىماي سۆزلە!

گۈلئايىم لىۋىنى چىشلىدى. ئېيتسۇنمۇ - يا؟ ھەممىنى ئاشكارىلاپ، يۈرىكىنى چاك ئېتىۋاتقان بۇ ئازابتىن بىر ئار بولسىمۇ يېنىكلىسۇنمۇ؟ بىراق، بۇنداق قىلىش ... قاراپ تۇرۇپ... ياق... ياق، ھەرگىزمۇ ئېيتمايدۇ، ئۇ ھازىر جىم تۇرۇشقىلا مەجبۇر، بۇ شەپقەت ئۈچۈن! شەپقەت گۈلئايىمغا قاراپ غەزەپلەندى. ھەيران



بولدى، ئېچىندى، دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن، ۋاپا ئۈچۈن جاپا قىلىدىغان ئەھلى پەلەكتىن غەزەپلەندى. تاغدەك ئىشەنگەن، بارلىقىنى بېغىشلىغان ئادەمنىڭ ئالا كۆڭۈل چىقىپ قېلىشى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. پاك ۋە ساپ مۇھەببىتىنى ساختا سۆيگۈنىڭ قۇربانى قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئېچىندى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ھايات ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر قۇش ئىدى. بۇ قۇشنىڭ بىر قانىتى ياخشى كۆرۈش بولسا، يەنە بىر قانىتى ئىشەنچ ئەمەسمىدى! ئىشەنچنىڭ بەربات بولۇشى بۇ قۇشنىڭ بىر قانىتىنى ئۈزۈۋەتتى. دېمەك، مۇھەببەت قۇشى پالەچ ھالغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھايات ئاسمىنىنى بېسىش قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەلەم زەردابىغا تولدى. ئۇ گۈلئايىمنى ئۆزىنىڭ ھاياتى، خۇشاللىقى، ئىپتىخارى دەپ چۈشەنگەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا بارىنى ئاتىغان ئىدىغۇ! ئاشۇ ساپ ھېسسىيات ئۇنى ھەتتا كائىناتقا مەنسۇپ بولغان ئىللىق ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىنىمۇ گۈلئايىم ئۈچۈن قىسىنىدىغان ھالغا چۈشۈرگەنىدى؟

— ئىپلاس! — شەپقەت گۈلئايىمنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، — يوقال، سەندىن ئەمدى ھېچنەرسە كۈتمەيمەن!

شۇندىن كېيىن شەپقەت گۈلئايىمغا قارىماس بولدى.

گۈلئايىم ئىشتىن قايتقاندىمۇ ئۆيگە جۈرئەتسىزلىك بىلەن كىرەتتى. ھەر كۈنى بىرمۇنچە دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ شەپقەتتىن ئىچىشنى ئۆتۈنەتتى. شەپ‍

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەت بولسا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق
مۇئامىلىسى — ھەربىر قارىشىدا زەرب بىلەن سانچى-
لىۋاتقان غەزەپ خەنجىرى، ھەر سۆزىدە ياغدۇرۇۋات-
قان لەنەت ياڭغۇرى، ھەربىر تىنىقىدا چىقىۋاتقان
نەپرەت يالقۇنى، ھەربىر ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىۋات-
قان يىرگىنىش ۋە بىزارلىق گۈلئايىمنىڭ غۇرۇرىغا
تەگدى، ئازابلىدى، بىراق شەپقەتكە يول قويدى.
ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى،
تاپا - تەنىلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سالدى، نەپرەتلىك
قاراشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى، ئۇ بۇنداق قىلىش بى-
لەن ئائىلىسىدە پەيدا بولغان سوغۇقچىلىقنى يوقاتقىلى
بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى گۈلئايىمنىڭ شەپ-
قەت ئالدىدا ئاۋۋالقىدىنمۇ نەچچە باراۋەر كۆيۈپ -
پىشىپ كۈتۈشلىرى شەپقەتكە گويا يۈرىكىگە زەھەر-
لىك تىغ سانچىپ قويۇپ، تەبەسسۇم بىلەن شاراب
تەڭلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار توغ-
رىسىدىكى پاراڭ ئەتراپقا يېيىلدى. كىشىنى چۆچۈت-
كۈدەك تۈرلۈك گەپلەر تارقالدى.

— ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتكۈدەك.

— بىر - بىرىگە ئاق بولمىغاندىن كېيىن ئاج-
رىشىدۇ - دە.

— ھېلىقى دوختۇرنىڭ خوتۇنى سوتقا ئەرز قىپ-
تۇ.

— ئۇ دوختۇر بىلەن گۈلئايىم بۇرۇن يۈرۈپت-
كەنمىش، شەپقەت ئاغرىپ قېلىش بىلەنلا گۈلئايىم ئۇ-



نىڭ بىلەن قايتا تېپىشىپ، ئېلىشىپ - تېپىشىپ كېتىپ-
بوپتۇ.

...

بۇ گەپلەر شەپقەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ يەتكەن-
دە، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك
تۇيۇلۇپ، ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.
ئۇنىڭ بارلىق ئىشەنچىسى تۈپ يىلتىزىدىن قىرقىلدى.
شەپقەتنىڭ نەزەرىدىكى گۈلئايىمنىڭ ئوبرازى ئەمدى
تولىمۇ يىرگىنىشلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى.
شەپقەت ئەرلىك غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا ھەرقان-
داق بەدەل بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان ئەرلەردىن
بولغاچقا، ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ سەۋر قىلالمى-
دى.

ئاق نەرسە كىر كۆتۈرمەيدۇ، نازۇك بۇيۇم ئا-
سان چېقىلىدۇ، شەپقەتنىڭ پاكلىق ۋە ھالاللىقتىن ھا-
يات تاپقان مۇھەببىتى ئۆزىگە يات نەرسىنى سىڭدۈ-
رەلمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە پاكلىقنىڭ يوقىلىشى بى-
لەن مۇھەببەتمۇ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندەك
قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزى ئۆچتى.
«ئايال زادى گۈلئايىمدەك بولىدىغان بولسا، ئۆمرۈم
بويى بويتاق ئۆتىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە قەسەم
قىلىۋەتتى ئۇ.

گۈلئايىم، شەپقەتنىڭ قارارىنى ئاڭلاپ ھۆركىرەپ
يىغلاپ تاشلىدى، ئايىغىغا يىقىلدى.

— ئايالىڭىز سۈپىتىدە كۆرمىسىڭىزمۇ مەيلى، —

دېدى ئۇ ئاخىر، — مالىيىڭىز بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلاي، مېنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز.

— چۈشەندىم، ناھايىتى ئوبدان چۈشەندىم! — دېدى شەپقەت ئۆزىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، — سېنىڭ كىر باسقان قەلبىڭدە ساختا سۆيگۈدىن باشقا يەنە نېمە بار ئىدى؟

— جېنىم شەپقەت، خۇدا ھەققى ماڭا ئىشىنىڭ، سىزگە خىيانەت قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. — گۈلئايىم گويا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ شەپقەتكە ئۆتۈنۈش بىلەن يېلىنىپ تەلمۈردى.

— ئەمدى سەن بىلەن جېدەللىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق! — شەپقەت گەپنى ئۈزدى.

3

گۈلئايىم ھەكتىپىگە كۆچۈپ بارغانىنىڭ ئەتىسى مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى، مۇدىرنىڭ قاپىقى چۈشكەن، ئىلگىرىكى مۇلايىم، قىزغىن مۇئامىلىسى قاياققىدۇر يۈتكەن ئىدى.

— گەپنى ئۇدۇللا ئېيتىۋېرەي، — دېدى مۇدىر گۈلئايىمنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۆتكۈر نەزەرى بىلەن قاراپ، — بىز ھازىرغىچە سىزگە ئىشىنىپ كەلگەن. بىراق ئىشلار بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولمىدى. قولاققا يېتىۋاتقان گەپلەر ئادەمنى



چۆچۈتىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايمىز، بىراق سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇ دوختۇر خوتۇنلۇق ئەر.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گۈلئايىمنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— مۇدىر، ئۇ...

— بولدى، چۈشەندۈرمەيلا قويۇڭ، — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، بىزنىڭ ھەممە گەپتىن خەۋىرىمىز بار، سىزنىڭ دوختۇر بىلەن نەلەردە يۈرگەنلىكىڭىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار، سىلەر بۇرۇن يۈرگەن بولساڭلار ئۇ دېگەن ئاللىقاچان ئۆتۈپ تۈگىگەن ئىشلار، بۈگۈنگە كەلگەندە، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئارىلىشىدىغان ھوقۇقىڭىز يوق!

مۇدىرنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال چىقتىكى، يەرگە قاراپ ئولتۇرغان گۈلئايىم سەسكىنىش بىلەن بېشىنى كۆتۈردى:

— مۇدىر... مەن... مېنىڭ...

— سىز ھازىر يالغۇز ياتاققا كۆچۈپ كەلدىڭىز، — مۇدىر قول ئىشارىتى بىلەن گۈلئايىمنى گەپ قىلغۇزمىدى، — تەشكىل سىزدىن خاتىرجەم ئەمەس، چۈنكى، بۇ يالغۇز سىزنىڭلا ئەمەس، مەكتەپنىڭمۇ ئابرويى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىڭ، ئەگەر تەشكىلنىڭ كۆيۈنۈپ قىلىۋاتقان مۇشۇنداق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىمەن دېسىڭىز، ئۇ چاغدا قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرەرسىز.

گۈلنايىم گەپ قىلىشقا تەمشەلدى، بىراق مۇدىر گەپىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ شەپكىسىنى كىيدى، ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قولتۇقىغا قىستۇردى. گۈلنايىم گەپ قىلىشقا ئۈمەللىگەن لېۋىنى چىشلىدى - دە، بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. گۈلنايىم شۇ ماڭغانچە مەكتەپ ئارقىسىدىكى چوڭ كوچىغا چىقتى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى بىلمىگەن ھالدا نىشانسىز مېڭىۋەردى. ئەمما ئۇ ئايلىنىپ يۈرگەن كوچىلار ئادەمدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر كوچىلارنىڭ ئىنسى - جىنسىز بولۇشىنى خالاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئۇدۇلىدىن دوستى گۈلنار چىقىپ كەلدى. گۈلنايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈش بىلەنلا ئۇنىڭ قەلبىدىكى بايىقى بىزارلىقنىڭ ئورنىنى موھتاجلىق ھېسسىياتى ئىگىلىدى. راست، ئۇ ھازىر كۆڭۈل كۆكسىنى چىرماپ ياتقان سىرلىرىنى ئېيتىپ، سەل يېنىكلىۋېلىش ئۈچۈن سىرداشقا موھتاج ئىدى. گۈلنار ئۇنىڭ سىرداشى، ئۇلار شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئورتاقلىشىپ كەلگەن ئىدى. مانا، ئاشۇ سىرداش دوستلۇققا موھتاجلىق يەتكەن پەيتتە! گۈلنايىم قەدىمىنى ئاستىلىتىپ توختاشقا تەمشەلدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن گۈلنار گۈلنايىمغا قاراپ بېشىنى خالار - خالىماس لىڭشىتىپ قويۇپلا، ئېتىبارسىز بىر قىياپەتتە ئۆتۈپ كەتتى. گۈلنايىمنىڭ بەدىنى توك تەپكەندەك يېقىمسىز سېزىم بىلەن جىغىلداپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆپكىسى ئۇرۇلۇپ، لەۋلىرى تىترىدى، ئۇ ئېغىر غەشلىك ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كەلدى ھەم چىراغنىمۇ ياقماستىن ئۈستەل ئالدىدا ئىڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغىنىچە تاڭ ئاتقۇزدى، ئۇ يەكشەنبىنىمۇ مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولار ئىدى، ئەمما ئۈستەل ئۈستىدە كۆزگە تاشلىنىپلا تۇرغان قىزىل باغاق ئۇنى جابدۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ «ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا، دچاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما، دەپتىكەن» دەپ ئويلىغان پېتى ئېغىر كەۋدىسىنى ئاستا رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى.

توي قىزىپ كەتكەن ئىدى. گۈلنايىم باشلانغان ئۆي مېھمانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇ ئاياغقىلا سىغدالدى. ئۇنىڭ ھازىر توي ئوينىغۇدەك رايى يوق. بۈگۈن ئۇ پەقەت ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن، توغرىراقى رەسمىيەت ئۈچۈنلا كەلگەچكە ئۆز خىيالى بىلەن ئىشتىھاسىز ئولتۇراتتى. باشقىلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان ئىدى. بىراق گەپنىڭ تېمىسى ئۆزى ئۈستىگە يۆتكەلگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، يۈزى چوغقا قاقلانغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— گۈلنايىم دەپ ئاڭلاشقان بولغىنتىلا، قايسى بىر مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى، — دېدى قورايدەك ئورۇق بىر ئايال قىرقىراق ئاۋازدا ئەتراپىدىكىلەرگە تەكشى قاراپ، — تووۋا، شۇنداقمۇ ۋاپاسىز ئادەملەر بولىدىكەن، ئېرى ساق ۋاقتىدا ئۆي تۇتۇپتۇ، ئاغرىپ قېلى-

شى ھامان دەرھال خېتىنى ئاپتۇ، بىز بولساق يۈدۈ‍
يۈرۈپ باقاتتۇق.

— ياق ئىش ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كۆكۈش لەۋلىرى ئارقىغا سەل قايرىلىپ تۇرىدىغان، مەڭزىسى كۆك سىيادا مەڭ چېكىۋالغان بىر ئايال ئەتراپىغا تېخىمۇ مەغرۇر قاراپ، — گۈلئايىم خەققە بۇزۇلغان گەپ، ئايالى بار بىر دوختۇرغا بۇزۇلۇپ، ئېرى ئۆيىدە ئاغرىپ ياتسا، ھەر كۈنى شۇ دوختۇرنىڭ قېشىدىن كەلمەيدىش، ئىككىسىنىڭ كوچىلاردا تەپ تارتماي يېتىلىشىپ يۈرگىنىنى خەق كۆرۈپتۇ.

— دوختۇرنىڭ خوتۇنى تۇتۇۋاپتىمىشقۇ، — دېدى قاياقتىندۇر بىرسى. بۇ سوئالغا يەنە بايىقى سىيا مەڭلىك ئايال جاۋاب بەردى.

— رەسۋا قىلىۋەتتى، چاچ — مېشىنى يۇلۇپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتتى. ھالقىسىنى بىر تارتىۋېدى، قۇلىقىمۇ يىرتىلىپ كەتتى.

— ئەن سېلىنىپ قويۇپتۇ — دە، دەپ كۈلدى بىرنەچچە يەلەن بىر — بىرىگە قاراپ.

— ھېلىقى دوختۇرنىڭ خوتۇنىنىڭ يىغىسى، — دېدى مەڭلىك ئايال چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتىدۇ. گۈلئايىم دېگەنغۇ تايىنلىقلا بىر نېمە، لېكىن ئەر كىشى بۇزۇلغاندا كۆزىگە تېزەكمۇ ئالتۇن كۆرۈنۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەممە گەپ شۇ گۈلئايىم دېگەن گەزنە يۈز‍
دە، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ — دە.



— ئايالىلارنىڭ شەنىنى بۇلغاپ...

...

گۈلئايىم ھەرە ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغاندەك ئازابلىنىپ ئۆز — ئۆزىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. يۈرىكى ئىچىگە سىغمايۋاتقاندەك تىنىقى ئېغىرلاشتى. پۈتۈن بەدىنىنى چىلىق — چىلىق تەر باستى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ ئۆيىدىن چىقىۋالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئادەمزاتسىز باياۋانغا كەتكۈسى، جېنىنىڭ بېرىچە، كۆكسى بوشىغۇچە، ھارغىچە ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاران — ئاران تۇتۇپ ياتاققا قايتتى. ئۇ نېمىدىندۇر غەزەپلىنەتتى، تىت — تىت بولاتتى، بوغۇلاتتى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىقنىمۇ ئويلىدى، بىراق ئىنسانچىلىقتا يەنىلا ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆتمەن دېيىش مۇمكىنمۇ؟ لېكىن ئارىلىشىش، بولۇپمۇ ئايالىلار بىلەن بولغان ھەربىر ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىزلىك، غەشلىك سېلىۋەردى. مانا قوشنىسى خالىدەمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ئىش بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئولتۇرۇشىدا ئېنىق ئاشكارا بولدى. ئىشىكتە پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن گۈلئايىم پەيدا بولۇشى بىلەن سورۇننىڭ تۆرىدە خۇش — خۇي ئولتۇرغان خالىدەنىڭ چىرايى بىردىنلا قەغەزدەك ئاقىرىپ، قېشى تەرتىپسىز سەكرەپ كەتتى. ئۇ قىيسىيىپ كېتىۋاتقان ئاغزىنى ئۆمەللىگەچ

ئېرىغا لاپپىدە قارىدى - دە، ئۇنىڭ ساقسىلىق بىلەر
ئاۋارە ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلى جايىغ
چۈشۈپ يېنىك نەپەس ئالدى. ئاندىن قولى بىلەر
ئاغزى - بۇرنىنى دالدا قىلغان هالدا، گۈلئايىمنىڭ
باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ تۇرۇپ، ئىككى يېنىدا ئول
تۇرغانلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلاشقا باشلىدى.
ئاشۇ هېچ ئەيمەنمەستىن قاراپ تۇرغان كۆزلەردىن
يېنىۋاتقان ئۆچلۈك ئوتنى گۈلئايىم ئېنىق كۆردى،
لېكىن ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. گۈلئايىمنىڭ بۇ
پەرۋاسىزلىقى خالدەنىڭ كۆڭلىگە ئېغىنىمۇ غەۋغا سالدى.
«نېمە قويۇپتۇ بۇ تولغا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزى
بىلەن ئۆزى تېرىكىپ، — قەدىرلىگۈچىلىكى بولسا ئې
رى قويۇۋەتمەيدۇ.» خالدەنىڭ نەزەرىدە ئەرلىك بو
لۇش ئادەمزاتقا قانات چىقىرىپ ئاسمانغا ئۇچۇش
نېسىپ بولغاندەك ئاجايىپ چوڭ ئىش بولغاچقا، ئۆزد
نى تول ئاياللار ئالدىدا خۇددى تاشلار ئارىسىدا نۇر
چېچىپ چاقناپ تۇرغان گۆھەرگە ئوخشاتقۇسى كېلەت
تى.

بۈگۈنكى سورۇن گۈلئايىمنىڭ يېقىن دوستىنىڭ
ئۆيىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مېهمانلار بىلەن سالام
لاشقاندىن كېيىن ساھىبخانىغا ياردەملەشتى. ئاشخانا
ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن مېهمانلارنىڭ قېشىغا چى
قىپ ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئالما
تىزىلغان قەندەلنى ئېلىپ مېهمانلارغا بىر باشتىن ئال
ما تۇتتى.



— ئېرىمغا تۇتماڭ جۇمۇڭ، — خالدە تۇرۇپتى
كەلگەندە قولىنى ئالمىغا ئۇزىتىۋېتىپ گۈلئايىمغا قا-
راپ شۇنداق دېدى. گۈلئايىم ئۇنىڭغا قارىدى. خالى-
دەنىڭ قارىسى يۇقىرىغا تارتىلىپ تۇرىدىغان كۆزلى-
رىدىن مەسخىرە ۋە ئۆچلۈك بىلىنىپ تۇراتتى.
— نېمىشقا؟ — گۈلئايىم پەرۋاسىزلا سورىدى.
— ئۇمۇ سىزگە ئالما تۇتۇپ يۈرمىسۇن دەيمە-
نا! خى... خى... خى... — گۈلئايىمنىڭ بېشى پىررىدە
قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. خالدە ئۇنى مېھ-
مانلارنىڭ كۆزىچىلا چايانىدەك چېقىپ، ئۇنىڭ ئازابلى-
نىشىدىن لەززەت ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. «غەيۋەت قىلى-
سا قىلىۋەرسۇن، نېمىلەر دېيىلمىگەن جاهان بۇ. بىراق
بۇنداق يۈز تۇرانە هاقارەتلەشكە نېمە هەققى بار؟»
گۈلئايىمنىڭ يۈرىكى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئاغرىپ
كەتتى.
— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى گۈلئايىم ئۆزىنى
سەل ئوڭلىۋالغاندىن كېيىن خالدەگە ئۇدۇل قاراپ. —
ھېلىغۇ ئالما ئىكەن. ئېرىڭىز يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ
تۇتسىمۇ قارار كۆزۈم يوق. چۈنكى ئېرىڭىز سىزدىن
باشقىسىغا ئەرزىمەيدۇ.
گۈلئايىم گېپىنى تۈگىتىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى.
ئۇنىڭ ئىچى خېلى بوشاپ قالغان ئىدى. كۈتۈلمىگەن
بۇ گەپتىن خالدە خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ
كەتكەندەك قاتتىق ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ
چىرايى تاتىرىپ مۇردىنىڭ تۇسىنى ئالدى، چاندۇر-

ماسلىق ئۈچۈن كۆلمەكچى بولۇۋېدى، قولاشمىدى. ئۇ
نىڭ گۈلئايىمغا نىسبەتەن ئۆچلۈكى تېخىمۇ كۈچەي
دى. بىراق ئۇ ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پېتىنالم
دى.

ئۇزاق ئۆتمەي گۈلئايىم ئۆز سىماسىنىڭ بارا-بارا
قارا تۇمان ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قى
لىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەك
شۇنداق تېز كۆپەيدىكى، ئولتۇرۇشنىڭ مەززىسى گۈل
ئايىم توغرىسىدىكى گەپ، پاراڭنىڭ تېمىسى گۈلئايىم،
غەيۋەتنىڭ قىزىقى ئۇنىڭ شىكايىتى بولۇپ قالدى.
ئۇ ئىلدام پىچىرلاپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان نېپىز - تۇم
لەۋلەرنى، ئۇمچەيگەن تۇمشۇقلارنى، ئالىيىپ سوزۇلۇ
ۋاتقان قاپاقلارنى ھەر قەدەمدە ئۇچرىتىپ تۇراتتى.
بەزى ئاياللار گۈلئايىمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا سىن
چى كۆزلىرىدە سوئال بىلەن قارىسا، بەزىلىرى ئۆز
ئەرلىرىنىڭ كۆزىدىن نېمىدۇر ئاختۇرۇپ ئاۋارە ئىدى.
ئۇلارغا ئۇنىڭ ياسىنىشى غەرەزلىك، كۈلكىسى ساختا
تۇيۇلدى. يېڭى كىيىم كىيسە يۈزىدىن - يۈزىگە «بىز
بىر ئەرنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرغاندىكىن خەقتەك
كىيەلمەيدىكەنمىز» دېگۈچىلەر چىقتى. ئۆزىنى تۈزەش
تۈرۈپ يۈرسە «ئولتۇرسا - قوپسا ئەرنىڭ غېمى، ئەر
ئاۋارىچىلىقى» دەپ كۈلۈشتى. ياتىقىغا كىرىپ چىققان
بېرەرسىنى كۆرۈپ قالسا، كۆز بېقىشىپ «بۇ يەنە
كىمكەن؟» دەپ كۇسۇرلاشتى، سەللا يوقاپ كەتسە
يارغان - تۇرغان پىرىنىڭ سورىقى بولىدى. كۈنلەر-



نىڭ ئۆتۈشكە ئەگىشىپ ئۇ خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى.
ئائىلىسىدە مۇھەببەت دەرزى بارلارنىڭ كۈندىشى ئاتالدى.

گۈلئايىم جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان شۇنچىۋالا غەۋ-
غانى پەسەنتىگە ئالمىغاندەك پەرۋاسىز يۈرەتتى. ئەمما
كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىقاتتى. ئۇ قاچانلاردا
ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھەربىر كېچە
ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم ھەسرىتىدىنمۇ ئازابلىقراق ئۆتەتتى.
ئۇ بىرقانچە قېتىم شەپقەتنىڭ ئۆتەر يولىدا ئۆزىنى
دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى كۆردى. شەپقەتنىڭ ئو-
رۇق گەۋدىسىگە، ياداڭغۇ چىرايىغا، ئېغىر قەدەم ئې-
لىشلىرىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. شۇ مىنۇتلاردا شەپقەت-
نىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارغۇسى، ئۇنىڭ پەشلىرىنى
كۆزىگە سۈرتۈپ، بوينىغا ئېسىلىپ، پۇخادىن چىققۇچە
يىغلىۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ شەپقەتنىڭ
مىجەزىنى، ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن قايتمايدىغان مەغ-
رۇر تەبىئىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇنداق قىلىشقا
پېتىنالمىدى.

گۈلئايىم كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلغاچقا
خىزمەتتىكى جۇشقۇنلۇقىنىمۇ يوقاتتى. خىزمەتداشلىرى-
نىڭ مۇئامىلىسىدە پاسىل پەيدا بولدى. گۈلئايىمنىڭ
ئارقىسىدىن ئېيتىلىپ يۈرگەن گەپلەر خۇددى ئېچىتقۇ
سېلىنغان خېمىردەك بارغانسېرى ئېچىپ ۋە يوغىناپ
ئادەم ھاڭ - تاڭ قالغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ باردى.

ئۇنىڭ ئىسمى گۈلئايىمدىن تۇلئايىمغا ئۆزگەردى.

«تۇلئايىم، تۇلئايىم!» گۈلئايىم ئۆزىگە قويۇل-

ھامان بۇ يېقىنى ئىسمىنى ئاڭلىغان كۆڭلى گويا بىر قاب...
ھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئازابلىنىپ نەپەس ئا-
لالماي قالدى. ئۇنىڭغا بىر كېچە شۇنداق ئۇزاق
ھەم زۇلمەتلىك تۇيۇلدى.

ئاشۇ كىشىلەرگە قاراش، ئاشۇ كىشىلەر بىلەن
ئالاقە قىلىش نەقەدەر ئازابلىق - ھە؟!
«كېتەي، يىراقلارغا كېتەي!»

4

مۇھەببەت قالدۇرۇپ كەتكەن ئېغىر جاراھەت
ھېلىدىن-ھېلىغا قاناپ، شەپقەتنىڭ باغرىنى چىدىغۇسىز
ئازاب بىلەن تولدۇردى. گۈلئايىم بىلەن بىرگە ئۆت-
كەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر بىردە ئۇ-
نىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئۇيقۇسىنى ئوغرىلىسا، بىردە
تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن پەرياد چېكىشكە مەجبۇر قى-
لاتتى. ئەسلى ئۇ بۇ ھەسرەتلەردىن بىر يولىلا خالى
بولىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى، بىراق، بۇ ئۇنچىلىك
ئاسان ئىش ئەمەسكەن. غۇرۇر ۋە نومۇس ھاقارەتلەن-
گەن ھېلىقى مىنۇتلارنىڭ ئەسلىمىسى شەپقەتنى ھارام
گۆش چاينىۋالغاندەك سەسكىندۈرەتتى. تۇرمۇش ئۇ-
نىڭغا قاراڭغۇ كېچىدەك كۆڭۈلسىز ھەم قورقۇنچلۇق
بىلىنەتتى. ئۇ ئەمدى ھەرقانداق ئايالغا ئىشەنمەس
بولدى، ئايال زاتى ئۇنىڭغا شەيتاندەك ئېزىتقۇ، تۈل-
كىدەك ھىيلىگەر كۆرۈنەتتى. شۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىزلىك



تىن كېيىن ئۇ كېسەللىك تۇتقاندا گۈلئايىم ئەكىلىپ
قويغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، دوختۇرخانىغا قەدەم باس-
ماس بولۇۋالغان ئىدى. بىراق ئاخىرغىچە شۇنداق
قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئاشقازىنىنىڭ تۇيۇقسىز قات-
تىق سانجىپ ئاغرىپ كېتىشى شەپقەتنى دوختۇرخانىغا
كېلىشكە مەجبۇر قىلدى.

— ئاشقازىنىم... — دېيەلىدى شەپقەت ئارانلا.

— بۇرۇنمۇ ئاغرىغانمۇ؟

— ھەئە، يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالدى...
ۋاي... ئاستىراق... دوختۇر ئۇنىڭ كېسەل ئارخىپىنى
ئالدۇرۇپ، تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، شەپ-
قەتكە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى. بۇ قاراشتا ھەيران
قېلىش، ئىشەنمەسلىك ۋە تەئەججۇپ ئېنىق ئىپادىلى-
نىپ تۇراتتى.

— سىز بۇ كېسەلگە قارىتا قانداق داۋالانغان
ئىدىڭىز؟

— ۋاقتى - ۋاقتىدا دورا ئىچىپ، يېمەكلىككە
دىققەت قىلدىم. شۇ، بىراق يەنىلا...

— ئەجەب ئىش، راك مۇشۇنداقلا ساقىيىپ كەت-
سە - ھە؟ — دوختۇر بۇ گەپنى ئۆزىدىمۇ تۇيمىغان
ھالدا ئۈنلۈك دەپ سالدى.

— نېمە دېدىڭىز، راك!؟ — شەپقەتنىڭ چىرايى
بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق دەپ دىئاگنوز قويۇلۇپتى-
كەنغۇ؟

— ياق، ھېچقاچان ئۇنداق دەپ دىئاگنوز قويۇلمىغان،— دېدى شەپقەت قورقۇمسىراپ،— كېسەل ئارخىپى ئالمىشىپ قالدىمۇ - يا؟

— ياق، دىئاگنوز قويغۇچى بىزنىڭ باش ۋراچ ئىكەن. سىز رەنجىمەي بىردەم توختاپ تۇرۇڭ.

دوختۇر چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى دوختۇرنى باشلاپ كىردى.

شەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاق خالاتلىق كۆشەندىسىنى تونۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ ۋۇجۇدنى ھەرقانداق نىقاب ئىچىدىنمۇ تونۇۋالغان بولاتتى. خام سېمىز كەلگەن ئېگىز بوي دوختۇرغا ئۇ سەسكىنىش بىلەن بىر تىكىلدى - دە، گويا نىجاسەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مېڭىشقا تەرەددۇتلەندى. بىراق ئۇ مېڭىپ ئۈلگۈرگىچە باش دوختۇر نۆۋەتچى دوختۇر سۇنغان كېسەل ئارخىپىدىن ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ، شەپقەتكە بىر قارىۋالدى - دە، ئۇنى جىددىي تەكشۈرۈشكە بۇيرىدى.

شەپقەت ھېچنېمىگە قارىماي چىقىپ كەتكەن بولاتتى، بىراق بۇ يەردە تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان «راك» سۆزى ھەمدە دوختۇرلارنىڭ جىددىي كەيپىياتى ئۇنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى، قورقۇنچ ۋە تەھدىت ئىچىدە قويدى. شۇڭا ئۇ كۆرۈنمەي قايتىش نىيىتىدىن يېنىپ، تەكشۈرۈشكە چىقتى.

شەپقەت ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا



چۈشۈرۈلدى. ھەر خىل تەجرىبە سىناقلار ئىشلەندى. دوختۇرلار بارلىق دىئاگنوز قەغەزلىرىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بىرىگە قارىشىپ قالدى.

شەپقەتنى ۋەھىمە باستى.

— دېمەك بىزنىڭ دەسلەپ، «راك» دەپ قويغان دىئاگنوزىمىز خاتا ئىكەن،— دېدى باش دوختۇر ۋراچ،— ئەسلى ئاشقازان يارىسى ئىكەن، ھازىر كېسەل ياخشىلىنىپ پەقەت كىچىككىنە يارا ئورنىلا قالغان.

— نېمە؟ شەپقەت ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى، ماڭا راك دەپ دىئاگنوز قويۇلمىغان. ئۇ چاغدىمۇ يېنىك ئاشقازان ...— ئۇ كېيىنكى ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا باش ۋراچ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى:

— باياتىن بېرى تونۇماپتىمەن، سىز كۆلئايىمنىڭ يولدىشى ئەمەسمۇ؟ توغرا، ئېسىمگە كەلدى، سىز بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز،— قېنى ئولتۇرۇڭ، پاراڭلىشايلى.

شەپقەت ئۈچۈن نەقەدەر تەس - ھە؟ ئۇ قانداق قىلىپ شۇنچە يىللاردىن بېرى نامىدىنمۇ يىرگىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىنساننىڭ ئالدىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئولتۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا مەجبۇر قىلىۋاتقان نەرسە پەقەت ئۇنى تېڭىرقىتىپ قويۇۋاتقان قانداقتۇر «راك» سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ خەۋەرسىزلىكى.

www.uyghurkitap.com

— راست، بۇ ئىشتىن سىز خەۋەرسىز — دېدى باش ۋىراچ شەپقەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋېتىپ. — ئەمدى ئېنىق ئېسىمگە كەلدى، ئۇ چاغدا گۇلنابىم مەن بىلەن بۇ ئىش توغرىلىق سىزگە ئېيتماسلىقنى كېلىشكەن، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزگە قويۇلغان دىئاگنوزدىن خەۋەرسىز، — دوختۇر چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن، شەپقەتكە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى، — سىزنىڭ ئايالدىن ئاجايىپ تەلىيىڭىز بار ئىكەن. مەن گۇلنابىم بىلەن شۇنچە يىل بىللە ئوقۇپمۇ ئۇنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن، — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دوختۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى، — ئۇ كىچىكىدىن تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ياخشى قىز بولىدىغان. ئۇنىڭ بۇ تەرەپنى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ تاكاممۇللىشىپ بېرىپتۇ. سىز كېسەل بولغان شۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئاققۇزغان كۆز ياشلىرىغا قاراپ ھەيران قالدىم. بۇنداق ۋاپادار ۋە مېھرى - شەپقەتلىك ئايالغا ئېرىشىش ئەرلەرنىڭ بەختى. بۇ بەختكە ھەممىلا ئەرنىڭ ئېرىشەلىشى ناتايىن. مېنىڭ سىزگە ۋە سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرگە ھەۋىسىم كەلدى. شۇ چاغدىلا سىزگە «ئاشقازان راكى» دەپ دىئاگنوز قويغانلىقىم ئۈچۈن مەن قاتتىق ئېچىندىم. شۇڭا مەن گۇلنابىمغا بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتا ئۈنۈمى ياخشى بولغانلىقى دورا، ئوكۇللارنى تېپىپ بېرىشكە، بۇ توغرىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىزلىنىپ كۆرۈشكە ۋەدە بەردىم. مەن سىزنىڭ ياتاقتا يېتىپ



داۋالىنىشىڭىز ھەققىدە تەكىتلەپ بەرگەندە ئۇ قوشۇلمىدى، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى تۇيۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرىدى. كېسەل ئازابىڭىزغا ئۈمىدسىزلىك ئازابىنىڭمۇ قوشۇلۇپ قېلىشىنى خالىمىدى. بىز سىزنى داۋالاشتا يوشۇرۇن ئىش كۆرىدىغان بولدۇق. دەسلەپكى كۈنلەردە مەن ئۇنى داۋالاش تەجرىبىسى مول بىرنەچچە مەشھۇر دوختۇرلارنىڭ يېنىغا بىللە ئاپاردىم. ئۇ ئۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى ھەم ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولۇۋاتقان دورىلارنى ئېلىپ كەتتى. بىراق نېمە بولدىكىن، كېيىن كەلمەيلا قويدى. مەنمۇ ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىپ قالدىم، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بىلىم سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ھەمدە تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرقەدەر قالاقلىقىدىن بۇ كېسەلگە خاتا دىئاگنوز قويۇلۇپ قالغان ئىكەن. ھازىر سىزدە بۇ كېسەلنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى بايقالمىدى. پەقەت كىچىككىنە يارا ئورنىلا قاپتۇ. ئۆزىڭىز داۋالانسىڭىز ساقىيىپ كېتىسىز. قانداق، گۇلنابىم ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — باش ۋىراچ سۆزىنى تۈگىتىپ شەپقەتكە تەبەسسۇم بىلەن باقتى، شەپقەت بولسا جايىدا چەكچەيگەن پېتى قېتىپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن گۇلنابىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلىرى بىرمۇ بىر تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟ — دېدى شەپقەت ھەيرانلىق بىلەن تېڭىرقاپ.

شەپقەت دوختۇرغا قارىدى. دوختۇرنىڭ خاتىر-
جەملىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى غەرەزسىز نۇر
شەپقەتنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى مۇز بولۇپ قاتقان
يۈرىكىگە باھار ئاپتىپى بولۇپ چۈشمەكتە ئىدى. ماي-
ماق كۆرۈنگەن پۇت خاتا يولدا ماڭىدۇ دەپ كىم
ئېيتالايدۇ؟ كېسەل ئارخىپى، ئەينى ئەھۋال بىلەن
بىرمۇ بىر ماس كېلىپ تۇرغان چۈشەندۈرۈشلەر،
سەممىيلىكتىن بەلگە بېرىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز...
شەپقەت بىردىنلا ئۆز قىلمىشىغا ھەيران قالدى، چۈ-
چۈپ كەتتى. كۆز چاناقلىرى كېرىلدى. دۇنيادا بەزى
كىشىلەر ئۆتكۈزگەن ئاشۇ تەنتەكلىك، ئالدىراقسان-
لىق خاتالىقنى شەپقەتمۇ تەكرارلىغان بولسا ـ ھە؟
شەپقەتنىڭ كۆڭۈل قاراڭغۇلۇقىدا چاقماق چېقىپ،
كۆز قارىچۇقلىرى ئەكسىدە ئوت كۆرۈندى. ئۇ ئورنى-
دىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ساداقەتتى بەدىلىگە قان
يىغلاپ ئۇزاق كەتكەن گۈلئايىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
قايتىدىن ئالتۇن نۇركەبى سىڭىپ كىردى.

شەپقەت ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىقرار بولۇشقا
مەجبۇر بولدىكى، ياقۇت قۇياشتىن نۇر ئېلىپ چاقنى-
غاندەك، شەپقەتمۇ گۈلئايىمنىڭ مۇھەببىتى بىلەن
كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى تولۇقلىغان ئىكەن. شۇ
يىللاردىن بېرى بەختلىك ئائىلىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ
بويىنى قىسىلدى، شۇنداق چاغلاردا ئۇ گۈلئايىمنى
ئەسلىمەي تۇرالايتتىمۇ؟ چۈنكى مۇھەببەت كۆزنى
يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئۈچۈپ غايىب بولىدىغان نەرسە



ئەمەس، بەلكى يۈرەكتىكى ھارارەت. شۇڭا ئۈچ
يىلدىن بېرى شەپقەت گۈلئايىمنىڭ بۇرۇنقى پاك
سىماسىنى ھەمراھ قىلىپ، ئۇنىڭ خىيالى بىلەن
بىللە، ياشاپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئاشۇ سىما ئۇنىڭ
روھىغا سىڭىپ كەتكەن. روھ بەدەنتەن ھاياتلىقتا
قانداقمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالىسۇن، ئۇ پەقەت بىر
جانغا مەنسۇپ! شەپقەت چۈشەندى: ئۇنىڭ تومۇرىدا
ئېقىۋاتقىنى گۈلئايىمنىڭ يۈرەك ھارارىتى ئىللىتقان
قان ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىسسىقلىق يوقالسا ئۇنىڭ
جىسمى مۇزلار ئىكەن.

«ئاھ گۈلئايىم!» شەپقەت دەرھال جابدۇندى ـ دە
گۈلئايىم ئىشلەيدىغان مەكتەپكە باردى. بىراق گۈل-
ئايىم ئالىمقاچان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت
ناھىيىلىرىدىن بىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى.

5

«ھەي...!» ـــ شەپقەت ئۆزىچە ئۇلۇغ كىچىك
تىنىپ خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ تۇرۇپ كۈلۈمسىرەيتتى،
تۇرۇپ ھاياجان ئىلكىدە كۆزىگە ياش ئالاتتى. ئاپتو-
بۇسنىڭ كۈچلۈك سىلكىنىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈ-
ۋەتتى. ئۇ بىردەم ئېسەنكىرىگەندىن كېيىن، يەنە
گۈلئايىم بىلەن خىيالى مۇڭدىشىشنى داۋاملاشتۇردى:
«كەچۈرگىن، جېنىم! ساڭا بىر بېقىش ئۈچۈن
بەيتۇل ھەرەمگە بېرىپ ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەپ،

ۋۇجۇدۇمنى كەۋسەر سۈيىدە چايقىشىم كېرەك ئىدى،
بىراق ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىم ئۈچۈن سەن
كەچۈرمىگىنچە خۇدا كەچۈرسىمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كە-
چۈرمەيمەن. شۇڭا مەككىگە ئەمەس، ئالدىڭغا ماڭدىم،
ھاياتىم سەن بىلەن مەزمۇن تاپقان، ئارزۇيۇم سەن
بىلەن چېچەك ئاچقان ئىدى. چۈشەندىمىكى، ھازىرغىچە
سۈرگەن ئۆمرۈم بىر تەڭ، سەن بىلەن بىللە ئۆت-
كۈزگەن ئاشۇ ئىككى يىل بىر تەڭ بولغان ئىكەن،
ئەپسۇسكى، بۇنى ھېس قىلىشتا تولىمۇ كېچىكتىم،
مېنى دەپ ماڭغان يولۇڭغا تۈكۈرۈپ، ئىشەنچ بىلەن
باققان كۆزۈڭگە نەپرەت بىلەن قاراپ، سە-
نى ئۆتۈنۈشىڭنى رەت قىلىپ، جان كۆيەرلىكىڭدىن
گۇمانلىنىپ يۈرىكىڭنى ئازابلىغانلىرىمنى ئويلىسام،
ۋۇجۇدۇمغا دوزاخ ئوتى تۇتىشىدۇ. مەن نېمىشقا
سېنىڭ ئاشۇ قۇياشتەك ئىللىق ۋە پاك قەلبىڭنى
كۆرەلمىدىم — ھە؟ گۈلئايىم، سەن تومۇرۇمغا قېپ-
قىزىل قان بولۇپ قوشۇلغان، قەلبىم ئېتىزىغا باھار
يامغۇرىدەك سىڭگەن ئىكەنسەن. بىراق مەن ئەقىدەڭ-
نى جازالىدىم، ساداقىتىڭنى خارلىدىم. مەن خىيانەت-
كار، ئالدىڭدا ئەبەدىي خىيانەتكارمەن. مەن ئەمدى
سەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس،
سېنىڭ كرىستالدەك پاك ۋە غۇبارسىز ۋۇجۇدىڭ
ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئەرزىمەس ئىكەنلىكىمنى ھېس قىل-
دىم. پەقەت ۋىجدان قامچىسىنىڭ چايانىدەك چېقىپ
تېگىشى بىلەنلا، ئالدىڭغا كېتىۋاتىمەن. ئەگەر ماڭا



بىرقېتىم كەچۈرۈم سوراش پۇرسىتىنى بەرسەڭ مۇنۇ ئۆت-
نىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن ئۆمرۈمگە يەتكۈدەك مۇكا-
پات بولغان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن پۇشايمان ھەس-
رىتىدە ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئارام تېپىشى ناتا-
يىن. ئەمما بۇ قەلبىمنىڭ بۇيرۇقى، ئازابلىق يۈرىكىم-
نىڭ ئۆرتىنىشى، ھەسرەتلىك كۆڭلۈمنىڭ ئىلتىجاسى!
گۈلئايىم سەندىن نېمە دەپ ئەپۇ سوراشنى، سېنىڭ
قاراشلىرىڭغا قانداق چىداپ تۇرۇشنى بىلمەيمەن.
باھاردەك گۈزەل چاغلىرىڭ مېنىڭ ئەخمىقانە نادان-
لارچە قىلىقلىرىمنىڭ سەۋەبىدىن بىھۇدە كەتتى. ھايات-
لىق يولۇڭغا تىككەن تاشلىرىم، ئۈمىدىڭگە غەۋغا
قوشتۇم. تەقدىر دەپتىرىڭگە بەختسىزلىك بەتلىرىنى
يازدىم، ئارزۇ - ئۈمىدىڭگە زامىن بولۇپ، غۇرۇرۇڭغا
پەشۋا ئۇردۇم. «مۇھەببەت ئۈچۈن» دەپ سوققان
يۈرىكىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن جاراھەتلەندۈردۈم. سېنىڭ
مەن ئۈچۈن بەرگەن ھاياتىي بەدەل ھېسابىغا ئېرىش-
كەنلىرىڭ مانا شۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ساڭا يۈز
كېلىشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچاي؟ لېكىن ۋىجدان بۇي-
رىقى، يۈرەك ئۆتۈنۈشى مېنى ھەيدەپ ماڭدى، ئايى-
غىڭغا بېرىپ يىقىلىش مەن ئۈچۈن ئارام ۋە راھەت...
بۇ سەپەر شەپقەت ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ قاق
بىر ھەپتە ئاپتوبۇستا تىك ئولتۇردى. ھارۋىدا يېرىم
كۈن ماڭدى، يول ئازابى دەستىدىن دەرمانى تۈگەپ
يىقىلىپ قالايلا دېدى. ئەمما بىر ئىستەك — گۈلئايىم-
نى ئىزلەپ تېپىش ئىستىكى خۇددى ھاسا تاياقتەك

ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بىر ئىنىلىش ئۇنى تارتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھارۋىكەشنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە يەنە بىر سائەتكە يېقىن يول مېڭىپ گۈلئايىم ئىشلەيدىغان مەكتەپنى تاپتى.

شەپقەت مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئەتراپقا سەپسالدى. ئاپئاق ئاقارتىلغان بىر نەچچە كورپۇس سىنىپ، سىنىپلارنىڭ ئالدىغا گۈل تېرىلغان، مەكتەپنىڭ ئوتتۇرىسىمۇ چوڭ ئايلانما گۈللۈك بار ئىدى، شەپقەت بىردىنلا روھلاندى. دەل شۇ پەيتتە مەكتەپ دەرۋازىسىغا يانداش سېلىنغان ئىشخانىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك، بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغان 50 ياشلار چامىسىدىكى ئورا كۆز ئادەم ئىدى. ئۇ، شەپقەتنىڭ تەقى - تۇرقىدىنلا ئۇنىڭ يىراق جايدىن كەلگەنلىكىنى پەملەپ، سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى:

بىرسىنى ئىزلەپ كەلگەن ئوخشىماملا؟

شەپقەت جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى - يۇ، بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ گېلىنى ھاياجان بوغۇۋالغان ئىدى. ئەگەر بۇ كىشى گۈلئايىمنى ھازىر چاقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا قىلسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشقا، گۈلئايىمغا قاراشقا قۇربى يېتەرمۇ؟ گۈلئايىمچۇ؟ ئۇنىڭغا قانداقراق پوزىتسىيە تۇتار؟ شەپقەتنى شۇنچە كۆپ تاغ يېرىپ، داۋان ئېشىشقا يېتەكلىگەن جاسارەت ئەمدى نەگىدۇر يوقالغاندەك دۇدۇقلاپ قالدى. لېكىن شۇ ھامان ئۆز - ئۆزىگە



كايىدى: ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇش ئەمەس، بەلكى، گۈلئايىمنىڭ ئالدىدا دادىل تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سەممىي ئەپۇ سوراش، ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەمدى ئىنجىقلاپ تۇرىدۇ؟

— گۈلئايىمنى؟ ئىزلەپ كېلىۋىدىم، — دېدى شەپقەت بىردىنلا جانلىنىپ.

— گۈلئايىمنى، — ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ شەپقەتنىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى، — سىلە... شەپقەت قىزاردى، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ھېلىقى ئادەم بولسا شەپقەتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا:

— ھازىر كېلىشلىرىدىمۇ، جۈرسىلە، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى - دە، ئۇنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئالدى.

— گۈلئايىم دەرسكە كىرىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — شەپقەت كېتىۋېتىپ ئەتراپقا سەپسالغاچ سورىدى.

— گۈلئايىممۇ؟ ھە...ھە... ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — شەپقەت قىزىقىش بىلەن مۇدىرغا قاراپ قويدى، — گۈلئايىم ئوبدان تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟

— گۈلئايىممۇ، ھە...ھە... بىزنىڭ مەكتەپ چىرايلىقمىكەن؟

www.uyghurkitap.com

— ناھايىتى چىرايلىقكەن.

ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. مۇدىر ئال
دىراپ چايداندىن چاي قۇيدى، تاماكا چىقىرىپ
شەپقەتكە تۇتتى.

— ئۆزلىرى گۈلئايىمنىڭ...— مۇدىر شەپقەتكە
قارىدى.

گۈلئايىمنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشى شەپ
قەتكە قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا گۈلئايىم بىلەن كۆرۈش
مىگىچە ئۆزىنى ئاشكارا قىلماي تۇرۇش ئۈچۈن شەپ
قەت يەنە دۇدۇقلىدى.

— مەن ...

مۇدىر ئويلىنىپ قالدى. «ئىلىنى چايناپ تۇرغىن
غا قارىغاندا بۇ كىشى... توغرا، گۈلئايىمنىڭ نەچچە
يىلدىن بېرى شۇنچە لايىقلارنى رەت قىلىپ كېلىۋات
قانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن - دە...» شۇلارنى
ئويلىغان مۇدىر ئەمدى تاقەت قىلالماي ئۇدۇللا
سوراۋەردى:

— نېمانچە كېچىكىپ قاللا؟

شەپقەت تېڭىرقىغان ھالدا مۇدىرغا قارىدى.
«كېچىكىپ قاللا؟ بۇ نېمە دېگىنى، بۇ گەپچە گۈلئايىم
توي قىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» ئۇ بۇ سوئاللارنى
مۇدىرنىڭ چىرايىدىن جاۋاب ئىزلەپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

مۇدىر باش بارمىقى بىلەن ئەينىكىنى تىرەپ،
بىر كۆزىنى سەل قىسىۋالغان ھالدا شەپقەتكە ئۇزاق
قارىدى - دە، چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ بېشىنى ئىغىتتى.



شەپقەتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇنىڭدا بايىقى
تەخمىنىنىڭ راست بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا نىسبەتەن
گۇمان قالمىغان ئىدى. قايسى تەلەي ئىگىسى شۇ
گۆھەردەك ئىنسانىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇۋال
غاندۇ - ھە؟

شۇ مىنۇتتا گۈلئايىم گويا ئاسمان پەشتىقىدا
ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ خەيرلىشىپ كېتىپ بارغان
دەك سېزىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەزمىگەن ھالدا يۈرىكى
دىن بىر ئوتلۇق «ئاھ» ئۇرغۇپ چىقتى. چىشىنى لېۋى
گە مەھكەم پاتۇردى، پۇشايمان كەلكۈنى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

— شۇنداقمۇ؟... دېمەك ئۇ ياتلىق بولۇپ
كېتىپتۇ - دە. ئۆيى قەيەردە؟ — دېدى شەپقەت ئۇ
زاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئارانلا.

— ئۆيى؟ ئۆيى جەننەتتە...

— ھە، جەننەتتە؟ سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ — شەپ
قەت گويا بەدىنىگە ئوت چاچراپ كەتكەندەك سەس
كىنىپ مۇدىرغا قادالدى.

— شۇنداق، ئۇ جەننەتكە كەتتى. بىر ئاي
بولدى، بىز ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇق، — مۇدىر بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ يەرگە قارىغىنىچە چوڭقۇر «ئۇھ» تارتتى.

شەپقەت يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە
بوشىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قەلبى ئازاب دېڭىزى
غا ئايلاندى. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ھەسرەت ۋە
پۇشايمان دولقۇنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى.

ئېمىدۇر ئۇنىڭ جان - جېنىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ ھاياتلىق يىلتىزىنى قىرقىۋاتقاندەك بىلىنىدى. شەپقەت بۇ ئەلەمگە چىدىيالمىدى. ئۇنىڭدا قەدەم ئېلىشقا دەرمان، باش كۆتۈرۈشكە مادار يوق ئىدى. ئۇ ھەسرەت زەنجىرىدە بوغۇلۇپ، پۇشايمان قامالىۋالغان يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. ھاياتتا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زەربە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شەپقەت بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، مۇدىرنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە گۈلئايىم قويۇلغان قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. كۆكچۈل قويۇپ ياسالغان گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرە ھەم ئالدىغا تىك قويۇلغان قەبرە تېشى ھەشقىپىچەك ۋە باشقا خىلمۇخىل گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن ئىدى. شەپقەت قەبرە ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. كۆز ئالدىدا قورقۇنچلۇق رېئاللىق، ئىشەنگۈسىز پاكىت — قەبرە تۇراتتى. ئۇ ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئەلەڭ-سەلەڭ ھالدا قەبرە ئالدىدا يۈكۈندى. ئۇنىڭ بويىنى قىسىلغان، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى. شەپقەت ئاشۇ تەقلىدتە ئۇزاقىچە جىمجىت ئولتۇردى. ئاندىن ئارانلا ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا ئۆزىگە خىتاب قىلدى:

— بۇ نېمە بولغىنى، سەن راستىنلا قەبرە ئىچىگە كىرىۋالدىڭمۇ؟ ئىشەنمەيمەن! مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ مۆكۈۋالمىغانسەن؟ ھەسرەت ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، خۇدالىق جېنىمغا پاتتى، تەقەززا قىلمىغىن!



ئوماق كۈلكەڭنى، تاتلىق گەپلىرىڭنى بەكمۇ سېغىندىم. ئىللىق نەپەسلىرىڭ بۇرنۇمغا بېھىش گۈلىدەك پۇراپ كەتتى. ھاياتلىقىم ساڭا موھتاج ئىكەن، مۇبارەك ئىزلىرىڭنى تاۋاپ قىلىپ كەلدىم، قىبلىگاھىم. كەلگىن، مېنىڭ باغرىمغا كەل، كەلمەسەڭچۇ، ئاڭلاۋاتامسەن گۈلئايىم، — شەپقەت بىردىنلا ئۆزىنى قەبرىگە تاشلاپ، قەبرىنى قۇچاقلاپ ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى گويا ئانىسىغا ھاللىنىپ، ئۇنىڭ باغرىغا باش قويۇپ ئېزىلىپ يىغلاۋاتقان كىچىك بالىنىڭ يىغىسىدەك تولىمۇ ھەسرەتلىك ئىدى: — شۇ ۋاپاسىزنى، شۇ ۋاپاسىز ياشاۋاتقان دۇنيانى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېدىڭمۇ، ئىچىڭگە پاتقۇزالمىغان ھۆك - زارىڭنى تۆكىدىغان جاي ئىزلەپ كەتتىڭمۇ؟ پەرىشتىلەردەك پاكلىقىڭ ئۈچۈن خۇدا سېنى غىلمانلارغا راۋا كۆرۈپ ئېپكەتتىمۇ - يا؟ ياكى بۇ دۇنيادىكى ناھەقچىلىك، مەندەك شەپقەتسىز ئۈستىدىن خۇداغا شىكايەت قىلغىلى، ئەرز ئېيتقىلى كەتتىڭمۇ؟ ھەقلىقسەن، خۇدا مېنى ئۇرسۇن، چىن سۆيگۈ، ۋاپا ۋە ئەقىدەڭگە شەك كەلتۈرگەن مەندەك ئەقىلسىزنى دوزاختا تۇتىرۇق قىلسۇن. شۇندىلا مەن ئازابتىن قۇتۇلىمەن، پەقەت شۇ كۆيۈشلا مېنىڭ ھەسرەت - نادامەتتىن ئۆتمۇتۆشۈك بولۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمنى داغلاپ ساقايتىدۇ. بۇ جازا ماڭا ئانا سۈتىدىن ھالال. بۇ جاھاندا ئەسلى ماڭا ئوخشاش تۇپراقتىن ھالال، قۇياشتىن پاك ئىنسانلار ياشىشى كېرەك ئىدى. مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇل-

دۇرۇپ قىلىپ ئۆزۈڭ قېچىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ بۇ ئەسلى مېنىڭ ئۆۋىتىم ئىدىغۇ، گۈلئايىم؟!...

باياتىن بېرى شەپقەتنىڭ كەينىدە قاراپ تۇرغان مۇدىرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كىچىك بالىدەك ھىققىدە لاپ يىغلاپ كەتتى. ئاھ، تاغدىن ئېغىر جۇدالىق، ئەر- لەر ئۈچۈن ياش تۆكۈش ئوڭايمۇ - ھە!؟

مۇدىر ئۆزىنى تولىمۇ تەستە قولغا ئالدى - دە، قەبرىگە باش قويۇپ ياتقان شەپقەتنى ئاستا يۆلىدى.

— سەۋر قىلسىلا، يۈرسىلە ئۆيگە كېتەيلى.

مۇدىر شەپقەتنى تەستە قەبرىدىن ئاجراتتى. ئۇلار يول بويى گەپ - سۆز قىلىشمىدى. ھەر ئىككى ئادەم گويا ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغاندەك ھەسرەتتىن ئىگىلە- گەن، تىنىقلار ئېغىر ئىدى.

مۇدىر ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى. داستىخانغا تىزىلغان ھەر خىل ناز - نېمەت، ھورى پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھاردۇق ئېشى — چۆچۈرە ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتەر ئەمەس. ئۇ داستىخاننىڭ بىر بۇرجى- كىگە كۆز تىككىنىچە مۆكۈنىپ ئولتۇراتتى. ساھىبخانى- نىڭ كۆرسىتىۋاتقان شۇنچە ئىلتىپاتلىرىغا ئۇ گويا ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپلا قوياتتى.

گۈلئايىمنى ئىزلەپ يىراق جايدىن مېھمان كەل- گەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقالغاندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ ئۆيى بىردەمدىلا شەپقەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىرگەنلەر بىلەن توشتى. بۇلۇڭغا



ئىقلىۋالغان ئاياللار ئۆزئارا شىۋىرلىشىپ كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئەرلەر سۈكۈت ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سې- لىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ مۇڭلۇق بۇرۇختۇمىلۇقنى بۇزۇپ ئاخىر بىرەيلەن ئۈن قاتتى.

— ئۇنى قاچانمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەيمىزكىن - تاڭ؟ ئۇنىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ھېچ ئىشەنگىمىز كەل- مەيدۇ. خۇددى ھاياتتەكلا، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرىدۇ.

ئارىدىكى جىمجىتلىق بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئەجەبمۇ ئوبدان ئىدى، ئەجەبمۇ بەلەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى، ئۇنىڭ ئىشلىرى، ئۇنىڭ قى- لىقلىرى.

— ئۇنى ئويلىسا كىشىنىڭ يۈرىكى كاۋاپتەك كۆ- يىدىغۇ ئىنىگەكىم. ئادەمنىڭ ياخشىسىغا كۈن يوقمىكىن - تاڭ.

— راست، ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا تاسادىپىي چۈشۈپ قالغان گۆھەر ئىدى.

— سىلى بىلمەيلا. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق بەكمۇ تەس، بالىلىرىنى مەكتەپتىن قاچۇرىدىغانلار كۆپ، ئاشۇلارغا چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش، تاقابىل تۇرۇش ئوڭاي ئىشمۇ؟ بىچارە گۈلئايىم بۇ يولدا ئاز جاپا چەكمىدى. ئاخىر ئۇ قانداقلا قىلىپ بولسىمۇ شۇ قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتتى.

— ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن جاسارەتكىن - تاڭ، خۇددى تۆمۈر ئادەمدەك، ھېرىپ - چارچاش دېگەننى

بىلمەيتتى.

— قاچانلا قارىسا، يازدىمۇ - قىشتىمۇ، تەتىلدىمۇ ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ غېمى.

— خۇددى شۇلارنىڭ ئانىسىدەك، قورسىقى ئاچقاننىڭ قورسىقىنى باققان، كىيىمى يىرتىلغاننىڭ كىيىمىنى ياماغان، دەپتەر - قەلىمى يوقنىڭ دەپتەر - قەلىمىنى ئالغان، كىم دەرستە ئارقىدا قالسا كەچتە شۇنىڭ ئۆيىدە مۇزاكىرىدە...

— شۇڭا ئۇ دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتىن كۆچۈش، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىدى.

— ئۇ ناھىيىمىز بويىچە بىرىنچى بىر ئۆگىنىش ئۈلگىسى، 8 - مارت قىزىل بايراقدارى بولۇپ قالغان.

— گۈلئايىمغا كۆز گۆھىرى ئېقىپ كەتكىچە يىغلىساقمۇ ئەرزىيدۇ، — دېدى مۇدىر ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، — بىراق ئامال قانچە، قازاغا رىزا ئىكەن، «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. كۆز تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى. تۇغقان ئانىسىغا رەھمەت دەيمەن. توۋا. بۇ جاھانغا شۇنداق ياخشى ئادەملەرمۇ يارىلىدىكەن. ئاشۇ يىلى ئۇ ناھىيىگە كېلىپلا «كىشىلەر بېرىپ ئىشلەشتىن قاچىدىغان ئەڭ چەت، ئەڭ يىراق جايغا بارىمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ. ناھىيىمىزگە نىسبەتەن ئەڭ چەت ھەم نامرات ھېسابلىنىدىغىنى بىزنىڭ مۇشۇ يېزا. ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىزنىڭ بۇ يەرگە ئوقۇمۇشلۇقلاردىن



ھېچكىم كەلگىلى ئۇنىمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىزگە كېلىشىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدۇم. بىراق ئىچىمدە «ھازىر كەپنى چوڭ قىلغىنى بىلەن تۆت كۈندە قويرۇقىنى قىستۇرۇپ قاچىدىغۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ بىزدە قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ — مۇدىر سۆزىنى توختىتىپ چوڭقۇر «ئۇھ» تارتقان ھالدا بىردەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ئۇ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. مۇشۇ سىنىپلارنىڭ ھەربىر دانە خىشى، ھەربىر كەتمەن لېيى ھەم بىر تۈپ گىياسىغا قەدەر ئۇنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزغا ئۇنىڭ قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى سۆزلىمەيلا قوياي. ئەگەر ئۇنىڭدا بىر ئېنىق مەقسەت بولمىسا، شۇنچە جاپالارنى تارتىش ئۇنىڭغا ئارمانمۇ دەيلا. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ چارچىغان چېغى، تۇيۇقسىزلا دوسكا ئالدىدا يىقىلىپ قالدى. كىممۇ ئويلىغان دەيلا، ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ قالدۇق، يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، يىغا بىلەن ئادەم تىرىلىدىغان ئىش بولسا ئۇ تىرىلەتتى، رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا باشقىلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلۈپ، چوڭنىڭ بالىسى، كىچىكنىڭ ئانىسى بولۇپ ياشىغان، ھەممەيلەننىڭ مۇڭدىشى، دوستى، مەسلىھەتچىسى ئىدى. مەھەللىدىكى بوۋاي - مومايلارمۇ ئۇنى كۆرسە يەتتە قەدەم نېرىدىن تازىم قىلىپ كېلەتتى. يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنمىغان، ئۇنىڭ نامىغا كەلمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم يوق. ھەممە بىردەك «ئانام» دەپ ھازا ئاچ-تى، — مۇدىرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ سىرغىن تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەلنىڭ بىرىنچىلىك نەزەرىگە ئېرىشمەك ئاسان دەملا؟ ئەگەر ئۇ سىلىدىمۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرمىغان بولسا، بۇ جاھاننىڭ تۆرىگە ئۇنى ئىزدەپ كېلىشلىرى مۇمكىنمىدى؟ مەن ئۇنىڭ بىر ئىچكى دەردى بارلىقىنى سېزىپ بىر كۈنى ئۇنى ئىشخانىغا چاقىرىپ: قىزىم، مەن سىلىگە ئاتا يولىدىكى ئادەم، ھەرقانداق ئىش بولسا ياردەم قىلىشنى ئۈستۈمگە ئالاي دېدىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. بىراق گەپ قىلمىدى. مەن چۈشەنمىدىم، ئۇنى شۇنچە چوڭ شەھەردىن بۇ چەت بولۇڭ — پۇشقاققا توپتەك قاڭقىتىپ تاشلىغان زادى نېمە سەۋەبكىن دەپ ھەيران ئىدىم...

شەپقەت مۇدىرنىڭ ئۆيىدە تۈنىدى. ئۇنىڭ ئازابى چېكىگە يەتكەن ئىدى. ئۇ بارلىق خۇشاللىق ۋە بەختىنىڭ گۈلتاجىسىم بىلەن بىللە كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۆزىگە بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر ۋاپادارنى ئادىشىپ تاشلىۋېتىش — بەرگىندىكى غۇنچىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئارقىدىنلا دەسسەپ چەيلەش — ئۇنىڭ ئۆمرىگە يەتكۈدەك ۋىجدانىي ئازاب ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇھەببىتى زېمىنسىز قالدى، بېشىغا ھەسرەت تېغى ئۆرۈلۈپ، گېلىنى پۇشايمان سىرتمىقى بوغدى. ئۇنىڭدا بۇ ۋەقەلەرنىڭ



رىياللىق ئېگىلىكىگە ئىشەنگۈدەك مادار قالمىغان-ئىدى. ئۇ ھازىر گۈلتاجىسىغا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نەقەدەر مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلدى. ئەمدى بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنىڭ داردىيىپ تۇرغان قاقشال تېرەكتىن نېمە پەرقى قالدى؟ ياشىغان ئىكەن، ھاياتتا مەنە بولۇش كېرەك. «بۇ مەنە ئەقىدىدىن كېلىدۇ، توغرا ئەقىدىدىن، ھاياتتىكى ھەممە نەرسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ.» بۇ پىكىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچكەن ھامان ئۇنىڭ دىل قاراڭغۇلۇقىدا غىل - پال چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. سۈبھى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شەپقەت ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان شەرق ئۇپۇقىغا باقتى. ئاسمان گىرۋىكىنى بېزىگەن قىزىل نۇر شەپقەتكە گۈلتاجىسىنىڭ نازىك رۇخسارىنى كۆرسەتكەندەك قىلدى. شەپقەتنىڭ كۆزى تورلاشتى. دەل شۇ پەيتتە قاياقتىندۇر قۇشلارنىڭ سايرىغىنى ئاڭلاندى. شەپقەت قۇلاق سالدى. پاھ. ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۇنلەۋاتقان بۇلبۇل گۈلتاجىسىنىڭ قاھ - قاھ ئۇرۇپ كۈلگەن ئاۋازىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە!؟

شەپقەتنىڭ يىغانى ئۆرلىدى. ئۇ ھەسرەت ۋە سېغىنىش ئازابىدا قەبرىستانلىققا قاراپ كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. قەبرە ئەتراپىدىكى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، ئەمدىلا چىش يارغان غۇنچىلار سۈبھىنى قۇچۇپ، بەزگىدە ناز بىلەن كۈلمەكتە، جانىغا راھەت

مەيىن شامال گۈللەرنى لەرزان ئۇسسۇلغا سېلىپ ئويناماقتا. تاڭنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن گۈللەرنىڭ خۇش بۇي پۇرىقى كۆپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شەپقەت مەستخۇش ھالدا كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر شېرىنلىكتىن سەۋرسىز تىترەپ، قەلبى سۆيگۈ خاھىشىدىن زىلزىلىگە كەلدى. «ئاھ گۈلئايىم!» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا. گۈل ھىدى ئۇنىڭغا گۈلئايىمنىڭ تونۇش نەپەسلىرىنى ئەسلەتكەن ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى، شۇ تاپ ئۇ گۈللەر ئارىسىدىن گۈلدىن تون كىيىپ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گۈلئايىمنى كۆرگەندەك بولدى. راست، بۈككىدە ئېچىلىپ كەتكەن بۇ گۈللەر گۈلئايىمنىڭ سىماسى؛ گۈل بەرگىدە سىمابتەك تىترەپ تۇرغان تامچىلار گۈلئايىمنىڭ كۆز يېشى. شەپقەتنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم ياش تۆكمەسلىك ئۈچۈن قايناپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ياش دولقۇنىنى كۈچ بىلەن توساپ قەبرە ئالدىدا يۈكۈندى:

— ياخشىمۇسەن، گۈلئايىم، — دېدى ئۇ ئۈنسىزىندا قىلىپ، — كېچىچە قورقتۇڭمۇ؟ ئەمدى خاتىرجەم بول، بۈگۈندىن كېيىن سېنى ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلىمايمەن، سېنىڭ باغرىڭنى ماكان تۇتۇپ، ئۇنى گۈللەش بىلەن ئۆتىمەن. رازىلىق بەرگىن جېنىم، سەن بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈشۈمگە رازىلىق بەرگىن.



ئاپتور ھەققىدە:

غەلىبە مۇھەممەت 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1977 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىدا ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

غەلىبە مۇھەممەت 1983 - يىلى ئېلان قىلغان «قىزىل گۈلنى كىم تاقىشى كېرەك» ناملىق تۇنجى ئۆچېرىكى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «ئۆمۈر ۋە ياشلىق» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «پەزىلەت»، «كۆز ۋە تەبەسسۇم» ، «ئۇ مېنىڭ پەرىشتەم» ، «ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلدى.



www.uyghurkitap.com

ئامىنە تۇردى

# نادامەت يالدامىسى



ئېلىپ ھەرقانداق سورۇندا باشقىلارغا گەپ بەرمەي-
دىغان، ھەتتا ئۆلپەتلىرىنىڭ ئۇنچە بەك كۆزگە ئىلىپ-
مۇ كەتمەيدىغان. ھەمىشە كۆزلىرىدىن مەمەدانىلىق ۋە
كىبىر ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، گىدىيىپلا يۈرۈشكە
خۇشتار ۋەلى سابىر مۇشۇ كەملەردە تولىمۇ جىمىپ
قالغان ئىدى. ئۇ ھېلىقى «ئەرز خېتى»نى سوت مەھ-
كىمىسىگە سۇنغاندىن كېيىن، گەرچە ئۇنىڭدىكى «پا-
كىت» لارنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىققىنىغا ۋىجدانى
قىلچە ئازابلانمىسىمۇ، لېكىن زادىلا خاتىرجەم ئەمەس
ئىدى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكىدەك قاراشلىرىمۇ
ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك، ئاچچىق-
ئاچچىق كىنايىلەر بىلەن ئۇنى يەرگە ئۇرۇۋاتقاندەك
بىلىنەتتى. ئۇمۇغۇ مەيلىدى، بىراق، ئىش ۋاقتىدا
بىراۋلارنىڭ ئىشخانا زۇۋاينىسكىنىڭ كو-
نۇپكىسىنى بېسىشلىرى. توساتتىنلا «ۋەلى!» دەپ چا-
قىرىشلىرى ئۇنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇ، تاكى شۇ كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكىنى بىلـ
لەپ بولمىغىچە ئارام تاپماي دەككۇ-دۈككىگە چۈشۈپ
قالاتتى.

بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى. باش باھار كۈنـ
لىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىدارە باشلىقى ئۇنى ئۆز خانـ
ىسىغا باشلاپ چىقتى، ئۇتقاشتەك دوخاۋا بىلەن قاپلانغان
ئۇزۇن كرېسلوغا تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا تاماكا
تۇتتى. ۋەلى ھەمىشە دېگۈدەك قاپىقىنى باراڭ
چىتەرىپ، چىرايىنى ئاچماي يۈرىدىغان بۇ باشلىقنىڭ
بۈگۈن ئۆزىگە نېمە ئۈچۈندۇر شۇنچىۋالا ئىلتىپات
كۆرسىتىپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلەيۋاتاتتى.
لېكىن ئۇ بىردىنلا «ئىدارىنىڭ دوكلاتى تەستىقلىنىپ
كەلدىمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالدى. مۇدىر بولسا بىر
خىل سالماقلىق ئىچىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن نە
خۇشاللىق، نە رەنجىش ئالامەتلىرىنى سېزىش قىيىن
ئىدى.

— يولداش ۋەلى! — دېدى ئۇ ئاخىر —
سىزگە خەت... — مۇدىر ۋەلىگە ئاغزى ئوچۇق بىر
كونۋېرتنى ئۇزاتتى. ئۇ مۇدىرغا يەر تېگىدىن مۇنداق
لا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن خەتنى ئالدى-دە،
گويا بىرسى خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن
شارتتىدە تارتىۋالىدىغاندەك بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىغا
سېلىۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئاق-سېرىق چىرايى
بىردىنلا خۇددى شاپتۇل چېچەكلىرىدەك رەڭ ئالدى. ئۇ
شۇ تاپتا بۇغداي ئۆڭلۈك، بادام قاپاق، ئۇلاشما قاش،



ئۈللۈق چىراي بىر ئايالنىڭ سىماسىنى غۇۋا كۆرگەنـ
دەك بولدى....

— يولداش ۋەلى! خەت ئىدارە نامىغا كەلگەن
ئىكەن، دەرۋەقە. بىز تۇرمۇشلۇق بولغانلىقىڭىزنى بىزنـ
دىن يوشۇرۇپ كەپسىز. بىز سىزنى بىلمەيلىك، كەمـ
تەر، ياخشى يولداش دەپ يىققىندا....

مۇدىر بىردىنلا سۆزىنى توختىتىپ، تاماكىسىنى
قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى:

«خېتىمنى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋېلىپتۇ...» دەپ ئويـ
لىغان ۋەلى مۇدىرنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ، نېمىنىدۇر
ئويلاپ، ئولتۇرغان مۇدىرغا ئوغرىلىقچە بىر قاراپ قويـ
دى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى «ئېست، بۇ ئىشنى 4 — 5 كۈن
كېچىكتۈرىدىغانمۇ گەپكەن، دوكلاپ يېزىلىپ بولغانـ
دىن كېيىن دەپ ئىشنى خاتا مۆلچەرلەپتىمەن، بىلگەن
بولسام ھەي...!» دېگەن پىكىرلەر چۇلغىۋالغان ئىدى.
مۇدىر ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى سەزمىدىمۇ، ياكى سەزـ
سىمۇ سەزمەسلىككە سالدىمۇ ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي
تاماكا چەكمەكتە ئىدى.

ئارىنى كىشىنى ئازابلىغۇدەك بىر خىل سۈرلۈك
جىمجىتلىق قاپلىدى. شۇ تاپتا ۋەلىنىڭ پىكىر-خىيا
لى «ئېست! پۈتۈن ئەمەللا ئۆزەڭگۈگە چىقاي دېگەندە
يەنە شۇ كالامپاي خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن...» دېگەن
ئاچچىق خىياللار بىلەن بەنت ئىدى. مۇدىرنىڭ خۇزـ
سىنىش، ئەپسۇسلىنىش تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقان

مۆزى جىمجىتلىقنى بۇزدى:
— ئىش سىز كۈتكەندەك ھەل بوپتۇ. بىرا
مىز بۇ ئىشتا ياخشى يول تۇتالمىغان. خوتۇن خەن
ئالداش... ھەي! ھېلىمۇ ياخشى، بىچارە ناھايىتى مەر
ئايالكەن. مۇبادا بىز بۇ ئىشلاردىن بالدۇرراق خەۋ
تاپقان بولساق ئىدۇق، ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە ھەل
بولغان بولار ئىدى.
مۇدىرنىڭ سۆزىدىن كۆڭلىگە ئەمىنلىك تاپقان
ۋەلى ئۇنىڭ «ناھايىتى مەرد ئايالكەن» دېگەن سۆ
زىنى ياقتۇرمىدى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن ھەرقاندا
سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋەزنىنى كۆڭۈل تارازى
سىدا ئۆلچەپ كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەچكە ئايالنىڭ ئا
خىرقى پوزىتسىيىسىنىمۇ «ئامالسىزلىقتىن» دەپ چۈشەن
گەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ چېھرىدە يا خۇشاللىققا، يا
ئوڭايسىزلانغانلىققا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئىپادە
جىلۋىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ
دىن كەلگەن كۈن بولدى. چۈنكى «مەسىلە ۋەلى كۈت
كەندەك ھەل بولدى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇدىر ئىشنىڭ
لىرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى. «بەلكى
مۇدىرنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوقتۇ. ۋە ياكى كې
زى كەلگەندە ۋەلىنى ئاز - تولا ئۇچۇغداپ قويغىنى
بىلەن سەھرالىق بىر تومپاي خوتۇننى تاشلاپ، چوڭ
شەھەرلەردە ئىشلەۋاتقىنىغا، ئورنىغا لايىق نازىنىن
قىز بىلەن ئائىلە قۇرۇۋېلىشىغا قارشى ئەمەستۇ...»
لېكىن، ۋەلى يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئالداش



نىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا قادىر
ئەمەس ئىدى.
مۇدىر شۇنچە ئىشەنگەن، ئۈستۈرۈشكە ئىملانلاۋاتـ
قان بۇ كىشىدىن بۇنداق ئىشنىڭ چىققىنىغا ناھايىتى
ئەپسۇسلانغان، غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىـ
گە ھاي بېرىپ، «ھەممە بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ، ئا
دەملەرگە ئىشەنمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، ئۇنى
چۈشەنمەي تۇرۇپلا نېمىشقىمۇ...» دېگەن خىيالنى قىـ
لىش بىلەن كۇپايىلەندى ۋە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:
— ئەمدىكى گەپ سىزنىڭ بالىڭىزغا نىسبەتەن
ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرىغىچە ئۆتىشىڭىزدە قالدى.
بۇ نىكاھ قانۇنىدىمۇ بەلگىلەنگەن. دېمىسىمۇ بالىنى
تەربىيىلەپ قاتارغا قېتىش سىزنىڭ باش تارتىپ بولـ
مايدىغان ئىنسانىي بۇرچىڭىز دېدى.
مۇدىرنىڭ بۇ سۆزلىرى ۋەلىنى خۇددى قىش كۈنـ
لىرى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك سېزىمىغا كەلتۈـ
رۈپ قويدى.
ياق! ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خەقلەرگە «مەن
تېخى توي قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدىم» دەپ يۈرگەن تۇرـ
سا. ئەمدى بىر بالىنىڭ ئاتىسى ئىدىم دەپ، ئۇنى
قولتۇقلاپ يۈرسۇنمۇ. ۋەلى نەگىچە بېرىپ داۋالاشسا،
داۋالىشىدۇكى، قانچىلىك بەدەل كەتسە تۆلەيدۇكى،
ھەرگىز بالىنى...
ئۇ ئويلاپ قالدى.
— مەن، — مەن بۇ يەردە، — دېدى ئاخىر

جولۇقلاپ...

«ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا»

...مەلىسىدە ئىناق بىر ئائىلىنى بۇزماسلىق كېرەك ئىدى. ۋەلى ئۆز ئورنىدا خۇددى قاقشال قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى. مۇدىر ئۇنى ئالمىقاچان يالغۇز قالدۇرغان ئىدى.

ۋەلى مۇدىرنىڭ «تەقسىپ»لىرىدىن ئاران تەس قۇتۇلۇپ، ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە ۋەلى ئىشخانىسىغا يۈرىكىنى خېلى توختىتىپ، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە كىرگەن بولسىمۇ، ئىشداشلىرى ئۇنىڭغا بىر خىل سىرلىق نەزەر تاشلىماقتا ئىدى. لېكىن ۋەلى ئۇنىڭغا ئېرەنمۇ قىلمىدى. چۈنكى ئۇ، «بۇ ئىشلاردىن باشلىقتىن باشقىسىنىڭ خەۋىرى يوق» دەپ ئويلايتتى.

ۋەلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ چىققان ئۈچ يىلدىن بۇيان، تۇرار جاي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىشخانىسىغا كارىۋات قويۇپ، يېتىپ - قوپۇپ يۈرەتتى. ئىشداشلىرى ئۆيلىرىگە ئالدىراپ كېتىشتى، ۋەلى بولسا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى - دە، ھېلىقى كونۋېرتنى يانچۇقىدىن چىقاردى. كونۋېرتتىن ئۈچ بەتلىك خەت بىلەن، ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان بىر پارچە «سىرلىق قەغەز» چىقتى.

خېتىدىن بىرى كۆتكەن مەقسىتى بىرلا ئەرز بىلەن «ئۈن - تىنسىزلا» ئەمەلگە ئاشقاندىن كې



يىن، خاسىيەت ئۆز خېتىدە ھەرقانچە قاتتىق - قىزرۇقتې گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ۋەلى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى ئىدى. شۇڭا ئۇ، باشتا خەتنى يىرتىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، خاسىيەتنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى ئۇنى يەنە بۇ نىيەتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى.

«تۇنجى قېتىملىق مۇھەببىتىمنىڭ بىردىنبىر مەغلۇبىيەتچىسى، ئىناق، بەختىيار بىر ئائىلىنى (ۋەلى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «مۇھەببەتمۇ يوق، نەپرەتمۇ يوق بىر ئائىلىنى قانداقمۇ بەختىيار ئائىلە دېگىلى بولسۇن، ئەخمەقلىقىنى قارا»، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى) ۋەيران قىلغۇچى، بىۋاپا ۋەلى! سىزنىڭ سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق مېنىڭدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا، گويا بۇ گەپ باشقا بىرسى ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك، ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. توۋا، شۇنداقمۇ ئوقۇشماسلىقلار بولامدۇ؟ دەپ ئويلاپتىمەن تېخى! دەرۋەقە، خېتىڭىز «مەن يۆتكەلگەندىن كېيىن ساداقەتسىزلىك قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش يالغان - ياۋىداقلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئاشۇ «باھانە»لىرىڭىز ئارقىلىق مېنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىپلاس مەقسىتىڭىزگە يەتمەكچى بولۇپسىز. گەرچە بۇ ئاشكارا يېزىلمىغان بولسىمۇ، سىز كەتكەندىن بۇيان، يازغان ھەممە خەتلىرىڭىزنى (ناھايىتى ئۈچ پارچىلا) ئۆز ئادرېسىڭىز بىلەن ئەمەس، بەلكى بىراۋلارنىڭ ئادرېسلىرى بىلەن



www.uyghurkitap.com

يېزىشلىرىڭىز؛ قانداقتۇر «ئۆي ھەل قىلالماي يۈ
قاتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋا
مەن». دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاقىۋەتلەرنىڭ
مۇقەددىمىسى ئەمەسمىدى؟!... ئاشۇلارنىمۇ سېزىۋالا
مىغۇدەك دەرىجىدە ئەقىلسىز بولسام ئىدىم كاشكى
«تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى كېلۇر، ساقنى تاز دېسە كۈلگى
سى كېلۇر» دەيدىكەن كونىلار. بۇنىڭغىمۇ مەيلى، ب
تەقدىرنىڭ قىسمىتى! بۇ مېنىڭ كۆرگۈلۈكۈم! مەن
پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ جان - جەھلى بىلەن
توسۇشلىرىغا قارىماي، سىزنى نامرات كۆرمەي، توپ
توغرا ئۈچ يىل كۈتۈپ توي قىلغان ئىدىم. ئەنە شۇ
لىكىغا يارىشا ۋاپاغا جاپا قىلدىڭىز!

خەير دېيەت، ئۆتمۈشنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاي؟
لېكىن مەن شۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالمىدىمكى، مەن
سىزنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە، ئاشۇ ئاپەتلىك
يىللاردىكى «چېنىقىش» مەزگىلىدە بىر بۇردا زاغرا
نان تاپساقمۇ تەڭ يەپ، قېلىن قار ياغقان زىمىستان
قىش كۈنلىرى قوناق مونىدىكى قالاپ ئۆتكۈزگەن ئېغىر
كۈنلىرىنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇمايدۇ، ماڭا ئائىلە
ھاياتىدا ۋاپادار جۈپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە ئۆتكۈر
پىكىرلىك دوست، تۇرمۇش سەپىرىدە ياخشى بىر ھەم
راھ بولالايدۇ دەپ خاتا ئويلىغان ئىكەنمەن. «ئېرىڭغا
ئىشەنگۈچە، ئىشىكىڭنىڭ ئىلكۈچىگە ئىشەن» دېگەن
واست ئىكەندە؟

بەلكى سىز خۇددى
ھېچقانداق بەدنىي قىسمىتى



يىق بىر پارچە سۈرەتنى تاشلاندۇق نەرسىلەر قاتا-
رىغا تاشلىۋەتكەندەك، مەن قاتارى قىزىڭىز خالىدەنىمۇ
ئاللىبۇرۇن كۆڭۈل خاتىرىڭىزدىن ئۆچۈرۈۋەتكەنسىز.
مەن بولسام ئۇنى پۈتۈن مېھرىم بىلەن ئوبدان تەر-
بىيىلەپ، ئانىلىق بۇرچۇمنى ھەقىقىي ئادا قىلىشقا تى-
رىشىۋاتىمەن.

گەرچە سىز مېنى ئاللىقانداق باھانىلەر بىلەن
چاپلىشىۋالارمىكىن دەپ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىل-
غان بولسىڭىزمۇ، لېكىن مەن يەنە كونا قەدىردانلىق
ھۆرمىتى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق سىزگە ئۇ-
چۇر بېرىشنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆردۈم.

رپادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا
ئايرىلدۇق،

خەير! سىزگە بەخت تىلەپ،

ئەقىلسىز خاسىيەت.

1980 - يىل فېۋرال»

ۋەلى خەتنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىققاندىن
كېيىن، نومۇسسىزلارچە بىر ھېجىيىپ قويدى - دە،
يوتقان - كۆرپىلەر رەتلىك تىزىلىپ، ئۈستىگە يىپەك
گىلەم يېپىپ قويۇلغان سىم كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ
يېڭى مەشۇقىنى خىيال قىلىشقا باشلىدى.

× × ×

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى، ئۈ-

ـرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەممە رەستىلىرى پورەكلەپ ئې
ـچىلغان ھەرخىل گۈللەرگە پۈركەنگەن. سېخى قۇياش
ـنۇرىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى گۈزەل كوچىلارغا، ئېگىز
ـئېگىز بىنالارنىڭ ماڭلىيىغا ئايىماي سەپكەن بىر ئە
ـگىنى ئىدى.

ئىدارە باشلىقىنى پايتەختكە — يىغىنغا ئۇزى
ـتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققان ۋەلى يولۇچى كۈ
ـتۈش زالىدا ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرغان بىر يىگىتك
كۆز قىرىنى مۇنداقلا تاشلىغان ئىدى، يىگىت ئۆز
مەشغۇلاتى بىلەن بەنت بوپكەتكەچكە ئۇنى سەزمىدى.
بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى يىگىت ژۇرنالنى يېپىپ يان
ـغا قويدى-دە، ئوبدانلا بىر ئەسنەپ قويۇپ، ئەترا
ـپىغا بىر - ئىككىدىن يىغىلىپ كۆپىيىۋاتقان يولۇچى
لارغا سەپسېلىشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ۋەلىمۇ ئەل
ۋەتتە ئۇنىڭ نەزىرىدىن نېرى قالالمىغان ئىدى.

— سەپەرنى قاياققا دەيمىز؟ — ئاۋۋال سۆز
باشلىدى ۋەلى يىگىتكە.

— مەن، — دېدى يىگىت سەل ياتسىرىغان
دەك، — بېيجىڭدىن كېلىدىغان سىڭلىچاقىنى كۈتۈۋې
ـلىشقا چىققان ئىدىم، سىزچۇ؟

— ھە، مۇنداق دەڭ. مەن ئىدارىمىزنىڭ پېش
قەدەم باشلىقىنى بېيجىڭغا يىغىنغا ئۇزاتماقچى بولۇپ
چىققان ئىدىم، — دېدى ئۇ باشلىقىنى ئىما قىلىپ.
ئۇلار باشتا سەل تارتىنىشتى. كېيىن ئاستا - ئاستا
كونا تونۇشلاردەكلا بوپكەتتى. ئۇلار پەن - تېخنىكا تە



ـرەققىياتى، ئۈرۈمچىدە تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھايىتى تېز
ئومۇملىشىۋاتقانلىقى، قايسىبىر ژۇرناللىرىنىڭ چەت ئەل
ـلەردىكى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىناۋىتى، شىنـ
ـجاڭ تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن «مۇز تاغقا
كەلگەن مېھمان» دېگەن سىنارىيە بېلىتىنىڭ بازار
تاپقانلىقى... توغرىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭـ
ـلاشتى. ۋەلى يەنە مەۋلان ئىسىملىك بۇ يىگىتنىڭ
ـغۇلجىدىن بولۇپ، تۇرپاندا ئىشلەيدىغانلىقى، بېيجىڭدا
مۇزىكا شۆبىسىدە بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مەرـ
ـيەم دېگەن سىڭلىسى بارلىقى، ئاشۇ سىڭلىسىنى كۈـ
ـتۈۋېلىشقا چىققانلىقى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى بىلىۋېـ
ـلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

كۈمۈش لاچىن ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا كېلىپ
قوندى، يولۇچىلار ھاياجانلانماقتا ئىدى...

ۋەلى باشلىقىنى ئۇزاتتى ھەمدە شوپۇرنىڭ قوـ
ـشۇلۇشى بىلەن مەۋلان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەريەمنى
ئېلىپ شەھەر رايونىغا قاراپ يولغا چىقتى. «ۋولگا»
ياپيېشىل ئېتىزلىقلارنى، گويا كۈمۈش لېنتىدەك ئۇـ
ـزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان ئاسفالت يوللارـ
ـنى ئارقىغا تاشلاپ، كۆرسىتىلگەن ئادرېسقا قاراپ ئۇچـ
ـماقتا ئىدى. ۋەلى ماشىنىدا ئويان - بۇيانىنىڭ پارـ
ـڭىنى قىلغاچ، قىزغا ئوبدانلا سىنەپسالدى: مەريەم
چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆتكۈر كۆزلۈك،
بۇدۇر چاچلىق، كېپىنەكتەك شوخ قىز ئىدى. ئۇنىڭ
كۈلۈشى، قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى،

باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئاسانلا ھاياجانلىنىـ
لىرى، ھەتتا ئۆزىنىڭ سەزمىگەن ھالدا شەكىللىنىدىـ
غان مۇلايىم ئەمما نازۇك ناز - كەرەشمىلىرى قىلىـ
شى جىنىستىكى ھەرقانداق يۈرەكنىڭ تارىنى چېكەلەـ
تتى.

«ئادەمزاتتىمۇ مۇشۇنداق پەرىشتە ئاپىرىدە
بولىدىكەن - ھە!» دېۋەتتى ۋەلى ئۆز كۆڭلىدە. مەريەمـ
قاراشلىرىدىكى مەنىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى،
دېمىسىمۇ ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ ئەزىز يۇرتى، قېرىنداشـ
لىرى بىلەن دىدارلىشىشقا ئالدىراۋاتقان چاغدا كۈتـ
چىلىك ماشىنا بىلەن ئەكىرىپ قويغىنىغا بەكمۇ خۇشال
كۆڭلىدە ئىنتايىن مىننەتدار بولغان ئىدى. ئۆزۈ
ئۇلار نىشانىغا يېتىپ كېلىشتى، ۋەلى ئۇلارنىڭ
شۇنچە تۇتقانلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، كېيىن ئالاـ
ھىتەن يوقلاپ كېلىدىغانلىق ۋەدىسى بىلەن قايتىپ
كەتتى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ۋەلى يول ئۈستـ
دە يېڭى قارار چىقىرىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇلارنى
ئىزلەپ كەلدى ھەمدە مېھمان قىلدى ۋە مەريەمنىڭ
خىزمەت رەسمىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى،
ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ ۋەلى ۋاقىت تاپسىلا،
بۇ شەھەردە ئاتا - ئانىسى ۋە ھېچقانداق ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى بولمىغان بۇ قىزچاقنى يوقلاپ تۇرىدىغان
بولدى. ھەر يوقلىغاندا ئەلۋەتتە قۇرۇق قول بارمايتتى،
بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى مەريەمنى باغچىلارنى، ماگىزىنـ



لارنى ئايلاندۇرۇپ ۋە مېھمان قىلىپ ئاندىن ئۆز
ئىدارىسىغا ئاپىرىپ قوياتتى.
كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقى
دوستلۇق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. لېكىن ۋەلى بولـ
سا باشقىچە پىكىردە ئىدى. «مەن ئەسلىدە خاسىيەتـ
لىكەن شۇ كالامپايدىن قۇتۇلۇش غەرىزى بىلەن يۈتكـ
ىلىپ كەلگەن ئىدىم، تېخىچە بىر ئېيى كەلمەيۋاتـ
دۇ، دېمىسىمۇ ئاشۇ ئارانلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپـ
نى ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاددىي بىر ئوقۇتقۇـ
چىسى قانداقمۇ مېنىڭ خىلىم بولسۇن، مەن مەرـ
يەمنى چوقۇم ... دېگەن بىر خىل قەبىھ پىكىر ئۇنىڭ
كاللىسىنى ئايلاندۇرماقتا ئىدى ...
ئۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىزىدىن 7—8 ياش چوڭلۇقىنى يوـ
شۇرۇپ، ئوتتۇرا بوي ۋە ئورۇقراق كەلگەن تەن قۇـ
رۇلۇشىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانماقچى بولدى.
چۈنكى ئۇ قىزغا ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئەمدىلا
ئىككى يىل بولغانلىقى، ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا قانداقتۇر
بىر خىل ئۆتكۈنچى ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدىن بىر قىز
بىلەن ئاز - تولا باردى - كەلدى قىلىشقانلىرى
توغرىسىدىلا ئېغىز ئاچتى. ئەمدىلا جەمئىيەت ھاياتىنى
باشلىغان بۇ ساددا قىز ئۆزىگە شۇنچىۋالا غەمخورلۇقـ
لارنى قىلىۋاتقان بۇ يېقىن ئادىمىنىڭ سۆزلىرىگە
قەشەنىمەي قالاتتىمۇ؟!
كۈنلەر شۇ خىلدا ئۆتۈۋەردى. مەريەم ۋەلىنىڭ
بىلىملىك، مۇئامىلىدە كەمتەر - مۇلايىملىقى، بولۇپـ

مۇ ئۇنىڭ ھەر خىل مۇزىكىلارنى خۇددى ئۇستا مۇزىكانتلاردەك بىمالال چالىدىغانلىقى، ناخشا ئوقۇشتىكى ھېسسىياتچانلىقى، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇشتىكى مەدەنىيلىكى قاناتلىقلارغا قاراپ ئاستا-ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالدى...

× × ×

يېقىندىن بۇيان ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىن چاغلاۋاتقان ۋەلى ھەدېسىلا مەريەمگە تېزراق توي قىلىۋېتىش تەكلىپىنى قويغىلى تۇردى. مەريەم «كېلەر يىلى قىلايلى» دەپ ئېنىق جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ۋەلى قوشۇلماي كېلىۋاتاتتى. ۋەلى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۈگۈنكى سەيلىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمۇ بىر ئامال قىلىپ مەريەمدىن بۇ ھەقتە ماقۇللۇق ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

— مەريەم، توينى مۇشۇ باھاردىلا قىلىۋەتسەك، ھېلىمۇ بىزگە مۇشۇنداق يۈرگىلى بىر يىلدىن ئاشتى.

— ئۇغۇ شۇنداق، تېخى مېنىڭ قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى توي قىلمىدى، ئۇنداقتا...

— ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى، قاراڭ، — دېدى ئۇ يان يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقىرىپ، — سىزگە بولغان مۇھەببىتىم مېنى مۇنداق يالغۇز ياشاۋېرىشكە...

مەريەم ۋەلى ئۇزاتقان خاتىرىنىڭ قاتلانغان بېتىدىن قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئىچىدىلا



ئوقۇدى:

كەل جېنىم دىلبىرىم يېنىمغا،
بىر ئۆپۈپ ئالايمەن لېۋىڭدىن.
تا ئۆمرۈم بارىچە قالمىدى،
ھېچ كەتمەي ئايلىنىپ يېنىڭدىن.

مەريەم خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھەممە ۋەلىنىڭ بىرمۇنچە يېلىنىشلىرىدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەن يېقىندا ئاكاملارنى يوقلاپ كەلمەكچىمەن. ئۇ، توي قىلغاندىن بېرى ئۆيدىكىلەر ئۇلارنى يوقلاپ كېلەلمىدى. مەن بىزە يېقىنراق يەردە بولغاچقا، ئۇلارنى بۇ يىل يوقلاپ كېلىشىم لازىم، شۇڭا...

— تۇرپانغا چۈشەمسىز؟ كۆپ ۋاقىتمۇ كەتمەيدىغۇ؟

— ياق، جەنۇبتىمۇ يەنە بىرسى بار.

«بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، مىڭ بالاغا تۇتۇلدۇم» دېگەندەك، مانا كۆرۈڭ بۇ كارامەتنى! ۋەلى تېخى بەدىلا خالىسىيەتتىن ئۈن ـ تىنسىز ئاجرىشىپ بۇ گەپلەر خەقنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئاغزىغا چىقىپ بولغۇچە تېزراق توي قىلىۋېلىش كويىدا يۈرسە، مەريەم كۆتۈلمىگەندە «جەنۇبقا بېرىپ كېلىمەن» دەۋاتامدۇ؟ ۋەلىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن تىترەك مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆكى ئۆچكەن ھالدا تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغىنىچە ئويغا پاتتى... ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇزۇلغانلىقىنى توي ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرگەنلىكىدىن دەپ قارىغان قىز، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ۋەلى ئەزەلدىن قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشقا ئۇستا يىگىتلەردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ مەريەمنىڭ كۆڭۈل - كۆتە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي كۆڭلى بارلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەنچ ھاسىل قىلدى - دە، «بەلكىم مەريەم ۋەلى بۇرۇن ئۆيلەنگەنمۇ، دەپ بىرەرسىدىن سوراپمۇ يۈرمەس، ھېلىقى سەھرالىقنى ئۇ شەھەردە كىم تونۇيتتى...» دەپ ئۆزىنى - ئۆزى بەزلىدى. ھەدە ئۇنىڭ توينى كۈزدە قىلىش پىكرىگە نائىلاج قوشۇلدى.

ۋەلى چېپىپ يۈرۈپ، ئايروپىلان بېلىتىنى ئاران ھەل قىلدى. مەريەمنىڭ كىچىككىنە ياتاقخانىسى ساۋاقداشلىرى، دوست - يارەنلىرى بىلەن تولدى. ئەتە مەريەم جەنۇبقا ئۇچىدۇ.

— ئاددىي بولسىمۇ، توغقانلارغا، — دېدى ۋەلى مېھمانلارنى ئۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن. بىر پەلتولۇق دۇراپ، بىر كىيىملىك زەرلىك شىپىك دۇخاۋا ۋە بىر دانە زەڭگەر رەڭلىك قەمرۇت ياغلىقنى سومكىسىدىن چىقىرىپ.

مەريەم خىجىللىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— شۇنچىۋالا كايىغان بارمۇ؟ بولدى، سىزدە قالسۇن كېيىن ... دېدى.

— ياق! بۇ مېنىڭ ئاددىيلا كۆڭلۈمغۇ، كۆڭلۈم-



نىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەنسىز - دە! — دېدى ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ مەرد كۆرسىتىپ.

مەريەم ئاپئاق ئالقىنى بىلەن ۋەلىنىڭ مەڭزىگە ئاستىلا ئۇرۇپ قويدى. ۋەلى شۇ كېچىسى مەريەمنىڭ شۇنچە قارشىلىق قىلىشلىرىغا قارىماي ئۇنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالدى...

مەريەم ئولتۇرغان ئايروپىلان چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئايرودرومغا قوندى. ئۇ بىر سەپەردىشىنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسىتىلگەن ئادرېس بويىچە ئاكىسىنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تېپىۋالدى. ئاكىسى مەردان بىلەن يەڭگىسى رەيھان ئۇنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىشتى. رەيھان بىر پەستىلا «ھارغانسىز، ئاچقانسىز، سۇيۇق - سەلەڭ بىر نەرسە ئىچىۋېلىڭ» دەپ راسا كۆشلۈك قىلىپ پەرمەن سېلىپ چىقتى. بۇ ياش ئەر - خوتۇنلار بەكمۇ پەر كېلىشكەن ئىدى. مەريەم ئۇلارنىڭ بەختلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى. لېكىن رەيھاننىڭ قارىلىق كىيىم بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر غەش بولدى. سوراشنى تېخى ئەپ كۆرمىدى. مەردان تۇرۇپ - تۇرۇپ رەيھاننىڭ چىرايىغا قاراپ قوياتتى. رەيھان بولسا مەريەمنى تاماققا زورلىغاچ ئۈن - تىنسىز ھالدا غىزالانماقتا ئىدى. ئاخىر جىمجىتلىقنى مەريەم بۇزدى.

— ھەدە، بىرەر ئىش...

— ياق، — دېدى رەيھان. لېكىن ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توس-

قىزىنچە قولىنى تاماق جوزىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويدى.

مەريەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاكىسى مەر دانغا قارىدى.

— تېخى 20 كۈن بۇرۇن قېيىن ئانامنىڭ سىڭ لىسى تۇغەپ كەتتى. بۇ ئىككىسى بىر ئۆيدە چوڭ بولغان ئىكەن، — دېدى مەردان، — ئۇ، تولىمۇ ياخ شى ئايال ئىدى.

مەريەم ئۇلارغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇز لايىقىدا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

بىر كۈنى مەردان ئىشتىن خېلى بۇرۇنلا قاي تىپ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ قولىدا ئۈچ ياشلار چامى سىدىكى ئوماققىنا بىر قىزچاق تۇراتتى. ئۇ، قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك ئېيىقى ئاق، قىزىللى قىزىل، كىشى نىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك دەرىجىدە بۇدرۇققىنە بىر قىز ئىدى. ئۇ، مەريەمنى كۆرۈپ سەكرەپلا يەرگە چۈشتى - دە، ئۇنىڭغا تەمشىلدى. مەريەم قىزچاقنى دەرھال قولىغا ئالدى، ئەمما، كۈتۈلمىگەن بۇ كىچىك مېھمانغا سوۋغا تەييارلىمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، قول سومكىسىدىن ئايروپىلان ئىخادىمىلىرى تەقدىم قىل غان يەر شارى كىچىك مودېلىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەتتىن كېيىن، رەيھان مەريەمنى ياتاقخانا ئۆي



ە باشلاپ چىقتى. قىزچاقمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. مەر يەم ئايالىلىق نەزەرى بىلەن ئۆيگە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىقتى. ياتاقخانا ئۆيمۇ ئۆيدانلا سەرەمجان لاشتۇرۇلغان، پاكىز ئىدى.

رەيھان قاندىقتۇر بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالدى-دە:

— خانىزە، دادىڭىز دالان ئىشىكىنى تاقىۋەتسۇن قىزىم، — دېدى. قىزچاق كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭ شىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

«دادىڭىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان مەريەمنىڭ يۈرىكى «قات» قىلىپ قالدى. قانداق قىلىپ توي قىلغىلى تېخى ئىككى يىل توشمىغان كىشىنىڭ ئۈچ ياشلىق بالىسى بولسۇن؟!

مەريەم تەبەسسۇم ئارىلاش ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن رەيھانغا قارىغان ئىدى.

— ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ — دېدى رەيھان ئورۇن سالغاچ، چوڭ ئاتام بىلەن چوڭ ئانام. ھەدەم يەتتە ياش ۋاقتىدىلا ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ئانام ئۇنى بالىچىلاپ باققان. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە خۇددى بىر تۇغقان ئىگىچى - سىڭىلدەكلا چوڭ بولغان. بىچارە يا ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىگە قانالمىغان يا تۇرمۇشتىن بەخت تاپالمىغان ئىدى.

— يولدىشى...

— ئۇ بىر ئۇچىدا چىققان قىزىل كۆز ئالدامچى!

— ھە، شۇنداق ئىشلارمۇ بولامدۇ؟

— ھەي، — دېدى رەيھان غەمكىن ھالدا كال

رىۋاتتا ئولتۇرۇپ، — تۇرمۇش سەپىرى ئۇزۇن مۇساپە. ئۇنىڭدا گۈزەل باغۇ - بوستانلىقلار ۋە قاقاس چۆل-جەزىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. پەقەت ئەنە شۇ خۇشاللىق ۋە مۇشكۇللۇكلەرگە بەرداشلىق بېرەلىگەن سەپەرھەمراھلىرىلا مەڭگۈ بەختلىك جۈپ بولالايدۇ، ئۇنىڭغا ئورتاق بولمىغانلار خۇددى يولدا قوشۇلغان ھەمراھ قاراگاھىغا يەتكەندە كارۋاندىن چۈشۈپ قالغاندەك...

— يولدىشى بالىغا قاراشتىنمۇ باش تارتتىمۇ؟

— بىزمۇ بەرمەيمىز. ئۇمۇ ھەم بۇ يەردە ئەمەس،

— ئۇ ھازىر ...

— ئۈرۈمچىدە.

— قانداق قىلىپ، بالىلىق ئايالنى ئالداپ كەتتىكىنا؟!

— بۇ بىر ھېكايە مەريەم! ئۇلار چېنىقىش مەزگىللىرىدە «كۆيدۈم - پىشتىم» بولۇشۇپ يۈرۈشكەن، كېيىن ھەدەم ئۆزىگە توغرا كەلگەن بىر سانىنى ئۇلىنىڭغا ئۆتۈنۈپ، ئۆزى يېزىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغان. ئاز - تولا ئىش ھەققىنىمۇ ئۆزىگە تەسەررۇپ قىلماي، ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ توي قىلدى - يۇ ئالتە ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي «سېنى كېيىن ئېلىپ كېتىمەن» دەپ قانداقتۇر بىر تونۇشلىرى ئارقىلىق يۆتكىلىپ كەتتى.

— يۆتكىلىپ بولۇپلا يۈز ئۆرۈپتۇ - دە!

يۈز ئۆرۈيدىلا ئەمەس، بەلكى ھەدەمگە بىرمۇنچە «ئەسكى توقام» لارنى ئارتىپ، ئۈستىدىن سوت



ھەكىمىسىگە ئەرز بەرگەن ئىكەن. ھەدەم مەردلىك بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆزى ئۆتەپلا ئەۋەتتى، كېيىن باشقا كەسپداشلىرىدىن ئۇقسام، شۇ چاغلار ھەدەمنىڭ ئاغرىق ئازابىنى قاتتىق تارتقان ۋاقىتلىرى ئىكەن. لېكىن ئۇ ھەممە ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇ ئائىلىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپتۇ. يۈرەك سانجىقى دېگەن بۇ ئىپلاس كېسەل ئاخىر...

رەيھان تاراملاپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى قولىمىقى كەينى بىلەن سۈرتكەچ:

ھەدەم خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەچكە باشتا تەكشۈرتۈپ داۋالانماپتۇ. كېسەل بىرقەدەر قاتتىق قوزغالغاندا، دەل ئۇنىڭ دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىققا ئۆتكەندىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر پىئونېرلار تەربىيىچىسى» بولۇپ تەستىقلانغان ۋاقىتلىرى بولغاچقا، رەھبەرلىك ۋە كەسپداشلىرىدىن يوشۇرۇپ، بىر ياقتىن داۋالىنىپ، بىر ياقتىن دەم ئالماي ئىشلەۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىق يىراق بولغاچقا، بىزمۇ تازا...

— ئۇنداقتا، نەپەستىن قېلىش ئالدىدا سىلەر يوق ئىكەنسىلەر - دە!

— ھە ئە، تۇيۇقسىز بۇ شۇم خەۋەر كەلدى، گاڭگىراپلا قالدۇق...

— بىچارە نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا سىلەر بىلەن دىدارلىشىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغاندۇ - ھە؟

www.uyghurkitap.com

— ھەي، نېمىسىنى دەيسىز. بىزمۇ ئۆلگىچە ئار-
ماندا ئۆتىدىغان بولدۇق — تە! ھەدەمنىڭ مەرىكىسى-
نى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر پارچە خېتى-
نى تاپتۇق.

رەيھان خورمارەڭ چامادانىنى ئېچىپ، بىر پارچە
خەتنى ئالدى — دە، مەريەمگە ئۇزاتتى.

«قەدىرلىك ئىنىم مەردان، سۆيۈملۈك سىڭلىم
رەيھان! قانىمىش تەككۇر ئۆلۈم مېنى بەلكى يېقىنقى
كۈنلەردە سىلەردىن مەڭگۈ ئايرىۋېتەر. بۇنىڭغا نېمە
چارە؟ كۆپ قېتىم داۋالىنىپ كۆرگەن بولساممۇ، باشتا
سەل قارىغانلىقىم ئۈچۈن، ھازىر ئامال بولمايۋاتىدۇ.
كېسەل ئاخىرقى باسقۇچتا. لېكىن مەن ياشاشنى نە-
قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم — ھە! ئىززىتىم خالىدە سىلەرنىڭ
ئالدىڭلاردا قالدى، ئۇ، مېنىڭ تۇنجى، ساپ مۇھەببى-
تىمنىڭ بىردىنبىر خاتىرىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى-
نى «خاتىرە»گە ئۆزگەرتىپ ئۆزۈڭلار تەربىيىلەپ قا-
تارغا قوشقايسىلەر. ئېھتىمال ئاتىسى يېقىندا ئۆيلىنەر،
قىزىمنى ئۆگەي ئانىغا قالدۇرماسلىقىڭلارغا، ئۇنى مې-
نى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈشۈڭلارغا ئىشىنىمەن.

مەن ۋەلىگە بەخت، خاتىرىگە گۈزەل كېلەچەك،
سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا كۆڭلۈم-
دىكى بارلىق پىغانلىرىمنى سىلەرگە تۆكۈۋالدىم...

خاسىيەت» —

مەريەم خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ تۈگەتتى — يۇ،



«ۋەلى» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ كاللىسىدا گادىرماش
پىكىرلەرنى پەيدا قىلدى. «ۋەلى! ئاشۇ ۋەلىمىدۇ-
يا؟ ياق! ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا مۇشۇ يەردە ئىشلىدىم،
دەسلەپ مۇھەببەت قويغان، قىزىم مېنى ئالداپ كەتتى،
دېگەنىتىغۇ؟!...»

— ۋەلى قايسى ئىدارىدا ئىشلەيدىكەن؟
قايسىبىر تەتقىقات ئورنىدا دېگەندەك قىلىۋىدى،
ئۆز ئادرېسى بىلەن خەت يازمايتتى ئۇ نېمە...
مەريەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك-
لا بولۇپ، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.

— فامىلىسى؟

— سابىر!

— ۋەھ... !!!

ئاشۇ ئىكەنتۇ...



# شەكىلسىز سىيمل

مەن ئۇنىڭ بىلەن توپتوغرا تۆت يىلدىن كېيىن ھېيجىڭ - شىنجاڭ تېز پويىزىدا ئۇچرىشىپ قالدىم.

قىزىق ئىش! ئىككىمىزنىڭ بېلىتى خۇددى دېيىشىپ قويغاندەكلا كارىۋاتلىق ۋاگوننىڭ يولۇچىلار ئارزۇلىشىدىغان، ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئودۇلمۇ ئودۇل كارىۋاتنىڭ چىقىپ قالسا بولىدۇ.

ئۇ، ھازىرمۇ ئىلگىرىكىدەكلا گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ تۈكۈلۈپ تۇرغان قاپقارا، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، گۈلدەك چىرايى، زىلۋا قەددى - قامىتى كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە مەپتۇن قىلاتتى. بىر - ئىككى ئېغىزدىن تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن، جىمىپ قالدۇق. كەپلىرىمىز ھېچ قۇلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. گەپ-سۆزسىز ئولتۇرۇۋېرىشمۇ ئەلۋەتتە ئەپسىز. چۈنكى، بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، تۆت كېچە، ئۈچ كۈندۈز زېرىكىشلىك ئۇزۇن مۇساپىنى باسىمىز ئەمەسمۇ؟

مەن ئاخىر كىشىنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلدىم ۋە:

— رەشىدە! مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئانسا-



بىلىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئوقۇشنى مۇددىتى توشتىمۇ ياكى دەم ئېلىشقا كېتىپ بارامسەن؟ دېدىم.

ئۇ، ئاۋازىمىدىكى سەممىيلىكتىن ئۆزىگە كەلدىمۇ ياكى ئەتەي مېنىڭ ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتكەنمۇ ئىش قىلىپ، بېشىنى مۇلايىملىق بىلەن ئاستا كۆتۈرۈپ، چىرايىغا بىر ئاز جىددىي تۈس بەرگەندىن كېيىن:

— ياق! مەن بۇياققا كەلگىلى ئارانلا تۆت ئاي بولغان. يەنە 7 — 8 ئاي بار ئىدى. بىراق، كۈتۈلمىگەندە، ئۆمەكتىن قايتىش توغرىسىدا تېلېگىرامما ئالدىم. مېنى يەنە قانداق نەسلىك ساقلاپ تۇراركىن دېدى.

— بەلكى، بىرەر زۆرۈرىيەت چىقىپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس.

— ۋاي تاڭ! يۈرىكىم بىرەر كېلىشمەسلىكىنى تۇيغاندەكلا قىلىۋاتىدۇ - غۇ!؟

— كۆڭلۈڭنى نېمانچە يېرىم قىلىسەن. ئۆزۈڭمۇ بەكمۇ خىيالچان بولۇپ كېتىپسەن. ئۈمىدۋار بولغىن. ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ...

سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تېخى چۈشمەي تۇرۇپلا ئۇ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغان پېتى يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىم سىرىلدى. «شۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ يەنە قانداق دەرد -

ئەلىمى بار بولغىنىدى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— يىغلىما! كۆز يېشى زەئىپلىكتۇر، دوستۇم.

ئۇ، تۇساتتىنلا قاتتىق يىغىدىن توختاپ، دەرھال گەۋدىسىنى كۆتۈردى — دە:

— نېمە؟ مېنى دوستۇم دەۋاتامسەن؟ يا مەن...

— ياق! سەن خاتا ئاڭلاۋاتمايسەن. مەنمۇ ھەم ئادەمنى ئېيتىۋاتمايمەن. بىز ئۈسمۈرلۈك ۋاقتلىرىمىزدىن باشلاپلا ياخشى ئۆتكەن دوستلاردىنمىز...

— ئۇ-ئۇ شۇنداق ئىدى — يۇ، بىراق. مەن بۇ دوستلۇققا ۋاقتىسىز داغ چۈشۈرگەن. شۇڭا ئۇنتۇغۇسىز دەرد — ئەلەم ھەدىيە قىلىنغان ئادەممەن... ياق مەن قانداقمۇ ئادەم بولاي...

ئۇ يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. يۈرىكىم قاتتىق سوققانلىقتىن، گويا ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى مېنىڭمۇ ئىچ — ئىچىمدىن يىغا قايناپ چىقىۋاتاتتى. لېكىن مەن كۆز چاناقلىرىمدىكى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان ياشلىرىمنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي يىغىشتۇرۇۋالدىم...

× × ×

رەشىدە شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزاق يىغلىغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. مەن بولسام ۋاگوندىكى قارتچىلارنىڭ ۋاراڭ — چۇرۇڭلىرى، ئۇششاق باللارنىڭ يىغىلىرى تۈپەيلى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زا-



ئۇيغۇر كىتاب بىكىتى www.uyghurkitap.com

دىلا ئۇخلىيالمىدىم. كىتاب كۆرسەم كاللامغا چۈشمىگاندەك ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن يەنىلا رەشىدەگە قاراپ ئولتۇرۇش قارارىغا كەلدىم — دە خىيالغا چۆكتۈم.

— بۇ نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن نۇرلۇق چىراي — ھە؟

— دېمىسىمۇ ئۇ ئاجايىپ خۇلقلىق قىز ئىدى جۇمۇ!

— ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش سەنئىتى نېمىدېگەن يۇقىرى. ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق ئىدى — ھە!

— ھازىر ئاۋازى قانداقراقكىن!

خىيالىم بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

رەشىدە بىلەن مەن زور ئىنقىلاب باشلىنىشتىن ئىلگىرى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا تام قوشنا ئولتۇراتتۇق. مەكتەپتە بىر پارتىدا ئولتۇراتتۇق. ھەر ئىككىمىز گۈزەللىكىمىز ۋە ئوماقلىقىمىز بىلەن ھەر ئىككى ئائىلىدە ئوخشاشلا ئورتاق بىر جۈپ قىز ھېسابلىناتتۇق.

ئۇنىڭ ئاتا — ئانىسى تالانتلىق ئارتىسلاردىن بولۇپ، ناخشا — ئۇسۇل ئۆمىكىدە ئىشلەيتتى. مېنىڭ ئاتام نازارەتنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاپام ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرى ئىدى. پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بىز تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئەمدىلا تاماملىشىمىزغا «بايىقى ئىنقىلاب» باشلىنىپ، ھەممە نەرسە ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ھەر ئىككى ئائىلە غەم — غۇسسە ۋە

دەككە - دۈككە ئىچىدە جېنىمىزنى ئاران جان ئېتىد
مغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئاتا
ئانىسى ئۆيگە كەلسە يۈرەكلىك ئىككى ئېغىز پاراڭ
قىلىشمايتتى. بىر - بىرلىرىنى كۆرسە كۆز قۇيرىقىدا
قارىشىپ قويۇپ ئاستا ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ھەتتا رە
شىدە بىلەن مەنمۇ بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە يۈ
رەكلىك كىرىپ - چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىشقان ئى
دۇق.

كېيىن ئاتام بىلەن رەشىدەنىڭ ئاتا - ئانىسى
«كۆپ خىل ماركىلىق» قالپاقلار بىلەن «تارىم» نىڭ
ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىندى.

مەن، ئاپام، ئاكام ۋە ئۇكاملار خۇددى يېتىم
قوزىدەك، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ، ئۈن - تىنسىز
ياشاشقا مەجبۇر بولدۇق. رەشىدە ئاشۇ ئائىلىنىڭ چوڭ
بالىسى ئىدى. تېخى 14 كىمۇ تولمىغان بىر ناتىۋان قىز
بالىنىڭ ئىككى نارەسىدە بالىنى بېقىپ، بىر ئائىلىنى باش
قۇرۇپ كېتەلىشى ھەقىقەتەن تەس گەپ ئىدى. ئۇزاق
ئۆتمەي رەشىدەنىڭ ئاپىسىنىڭ يىراق بىر ناھىيىدىكى
شىرەن تۇغقىنى كېلىپ ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنى بالىچە
لاپ بېقىۋېلىشقا ئېلىپ كەتتى. لېكىن، تەشكىل شۇ
ئايدىن باشلاپ ئۇ بالىنىڭ تۇرمۇش پۇلىنى قىسقۇ-
لىپ، ئىككى بالا ئۈچۈن ئارانلا 14 يۈەن تۇرمۇش
پۇلى بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ 14 يۈەننى ئىككى
بالا بىر ئاي قورساق بېقىشقا قانداقمۇ يەتكۈزەلىسۇن؟
ئاخىر ئاپام «خەق نېمە دېسە دېسۇن، تايىنلىق



ھالنى بەش قىلىپ، «ئۆزۈم باقاي» دېسىدى - دە، رە-
شىدە بىلەن ئىنىسىنى ئۆيگە ئەپكىرىۋالدى.
كېيىنكى قىسمەتلەرنى دېمەمسىلەر! ئۇزاق ئۆتمەي،
دوختۇرخانا تەشكىلى: «خوتۇن خەق بولغاندىكىن خىز-
مىتىنى قىلىپ، جېنىنى باقسۇن دېسەك، جىن - شەي-
تانلارنىڭ كۈچۈكلىرىنى بېقىپ، ئامىمىغا يامان تەسىر
بەردى» دەپ، ئاپامنى كەسپىي خىزمەتتىن قالدۇرۇپ،
تۈكۈرۈك قاچىسى، گارشۇك تازىلاشقا بەلگىلەپ قويدى...
بىر نەچچە يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى.
بىزمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدۇق. ھەمشىرىلىمىزنىڭ
ماڭغان يولى بەدىلىگە بىز تولۇق ئوتتۇرىغا قوبۇل قى-
لىندۇق. رەشىدە ئۇكىسى بىلەن ئايرىم تۇرىدىغان بولدى.
بىراق، تۇرمۇشتىكى موھتاجلىق ۋە سۇنئىي تە-
تۈر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن رەشىدە ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇرالمىدى. ئۇ چېچىنى ئوغۇل بالىچە ياسىتىپ، ئوغۇل
بالىچە كىيىم كىيىپ، ئىنىسىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئۇ چەت-
تىن - بۇ چەتكە لاغايلاپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. قور-
ساق نەدە تويسا شۇنىڭغا شۈكرى قىلدى. دۇتار چې-
لىش، ناخشا ئېيتىش، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش
دېگەنلەرنى ئۈزۈلدۈرمىدى. ئەگەر بىرەرسى شۇنداقراق
يامان غەرەزدە بولسا مۇشتلىشىشتىنمۇ يانمىدى. شۇن-
داق قىلىپ ئۇ، جەمئىيەتتە تەربىيىسىز قالغان بىچا-
رىلارچە ياشىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەندى -
نەسىھىتى ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمىدى. بىراق
ئۇ پات - پات: «مەن ھەرقانچە ئەسكى بولۇپ كەت-

سەممۇ، غۇرۇرۇمنى، نومۇسۇمنى يوقاتقىنىم يوق!»، «غۇرۇر ۋە ۋىجدان! مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا»، «نە قىلاي، تەقدىر مېنى شۇنداق خورلىسا»، «تەقدىر ماڭا ئازراق بولسىمۇ كۈلۈپ قارىسا ئىدى كاشكى...» دېگەنلەرنى تەكرارلايتتى.

× × ×

مەن ئىشچى — دېھقانلار شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەسئەت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بىلەن يۈرۈپ قالدىم. ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، تەربىيە كۆرگەن بولۇش بىلەن بىللە قەددى — قامىتى، رەڭگى — روھى، خۇيى — پەيلى بەكمۇ جايىدا ئىدى! ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. بىز بىللە دەرس تەكرارلايتتۇق. يېزىقچىلىق مەشقىدە ھەمىشە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتە بىر — بىرىمىزگە ھەمنەپەس بولاتتۇق. بىز تاكى خىزمەت تەقسىماتىغىچە ئوبدان ئۆتتۇق.

تەقسىمات كۈتۈۋاتقان ۋاقىتلىرىمىز ئىدى. مەن بىر كۈنى ئاپامنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن قىز — ئوغۇل بولۇپ ئون نەچچە ساۋاقدىشىمنى چايغا چاقىردىم. «چاي» دېگىنىمىز ئۆيىمىزنىڭ ئادەتتىكى بىر ۋاخ تامىقى ئىدى؛ ساۋاقداشلار ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىنى ۋە داستىخىنىمىزنىڭ [illegible] چاندۇرماي، ناھايىتى قىز-



لىن ئولتۇرۇشتى. ئۇلار شۇ چاغلاردا شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە، قول يازما سۈپىتىدە كەڭ تارقىلىپ كېتىۋاتقان «پۇل»، «چالىقۇش» قاتارلىق ئەسەرلەر ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى. ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق مەشقلىرى ۋە كەلگۈسى ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا كەڭ — كۇشادە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

قاش قارايغان چاغ ئىدى. بىردىنلا قولىدا گىتار كۆتۈرۈۋالغان رەشىدە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ تولىسى ئۇنىڭ بىلەن تونۇش ئىدى. شۇڭا ھەممە زادىلا ئىككىلەنمەستىنلا:

— كەل، دوستۇم شوم قاغا! سېنى خويمۇ سېغىنغان ئىدىم، شۇنچىمۇ يوقاپ كەتكەن بارمۇ، بۇ مەھەللىنى تاشلاپ؟

رەشىدە ساۋاقداشلار بىلەن سالام — سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ دېدى:

— سىلەر دېگەن كاتتا زىيالىي، بىز دېگەن...

— بىز سېنى چۈشىنىمىز، رەشىدە!

— بىز سىزنىڭ باش پاناھسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمىزغۇ...

رەشىدە بوتا كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ:

— ئاتا — ئانامغۇ ئەتە — ئۆگۈن قايتىپ كەلگۈدەك.

ھەممىمىز خۇشلۇقتا دۇررىدە قوزغىلىشتۇق.

— ۋاي، راستمۇ؟ نېمىدېگەن ياخشى خەۋەر بۇ!

— راست، ئاتامنىڭ ئىدارىسىدىن بىرەيلەن بۈ-
گۈن ماڭا شۇنداق دېدى، ئۇلارنى گۇناھسىز دەپ
قايتۇرغۇدەك.

— ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۈردى، ئەسلىدە بەش
يىلنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى.

— ئۇ چاغدا كىم جۈرئەت قىلالايتتى دەيسىلەر!
ھەممىمىز رەشىدەنى تەبرىكلىدۇق. ئۇنىڭ سۇنۇق
كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردۇق. ئۇ، يىپى ئۈزۈلگەن مارجان-
دەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئاپئاق قول ياغ-
لىقى بىلەن سۈرتكەچ!

— ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئارزۇلىغان قىزىنىڭ مۇ-
شۇنداق بىر كوچا قىزى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرسە،
كەچۈرەرمۇ؟ دېدى.

— سەندە نېمە گۇناھ!

— سەن ئەيىبسىز، رەشىدە!

— يەلكى ئاتا - ئانىمۇ ئاللىبۇرۇن ئاڭلاپ بول-
غاندۇ.

— نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئابرويىنى
تۆكتۈم - دە!

— ياق، سەن غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق قىز. سې-
نى كېيىن ئاتا - ئانىمۇ، جەمئىيەتمۇ چۈشىنىدۇ.
تەشكىل رەشىدەنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جۈر-
ئەت قىلالىسا ئىدى، ھەممە ئىش يورۇشۇپ كەتكەن
بولار ئىدى.

— رەشىدە سەن چوقۇم ئىقتىدارلىق ناخشىچى



بولۇپ چىقالايسەن!

— ۋاي، ئەمدى تورۇپلا مېنى ماختاپ كەتتىڭ-
لارغۇ؟!— دېدى رەشىدە، چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە
قوندۇرۇپ.

مەن ساۋاقداشلىرىمغا ئۇنىڭ ھەرقانداق مۇزى-
كىلارنى ئورۇنلاش ۋە ناخشىلارنى ئېيتىشتىكى ئىق-
تىدارىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار «ھەر ھالدا ئۇنىڭ
ئىستىقبالى بولغۇدەك» دەپ خۇشال بولۇشتى.

— رەشىدەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قايتىپ كېلى-
دىغانلىق خەۋىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن، ئولتۇرۇش-
مىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرايلى،— دېدى ئەسئەت.

— قېنى، ئەمىسە گىتارىڭنى بىر سايراتقىنە،
ئاداش،— دېدىم مەنمۇ.

رەشىدەنىڭ تېخى يېقىندىلا ياسىتىۋالغان چېچى
ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يەنە گۈزەللىك قوشقان ئىدى. ئۇ
ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان سىمابتەك چاچلىرىنى تۈ-
زەشتۈرۈپ، گىتارنى قولىغا ئالدى - دە، ناخشا باش-
لىۋەتتى.

نازىمەن ئا نازىمەن،
باغدا پىشقان نازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.

رەشىدەنىڭ ناخشىلىرى ياشلىق ھېسسىياتىمىز-
نى ئۇرغۇتۇپ، يۈرەكنىڭ ئاللىقانداق نازۇك يەر-

لىرىنى چېكىپ ئۆتتى. بىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ
مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ ناخشىنى تامام
لىغاندىن كېيىن، بىرسى:
— ئەمدى ئەسئەت دۇتارنى سايراتسۇن، رە
شىدە بىلەن رەنا ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن دېگەن تەك
لىپنى بەردى.
مەن ئاتام كەتكەندىن بۇيان ئاسقۇدا مۇڭلىنىپ
تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ، ئەسئەتكە ئۇزاتتىم. ئەسئە
ئۇزاقىچە چېلىپ ناخشا ئېيتتى. قىز - يىگىتلەر قىز
غىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى...
مانا! ئاشۇ قاينام تەككۇر ئولتۇرۇشتىن كې
يىنلا رەشىدە ئەسئەتنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلى
ۋالدى. مېنىڭ شۇنچە چىرايلىق سۆزلىرىم، تاپا-
ئەنە. ئاچچىقلىرىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. چۈنكى
ئۇ، ئەسئەتنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ئى
دى. بىر كۈنى ئەسئەت بىر دوستۇمدىن ماڭا خەت
كىرگۈزۈپتۇ!

«قەدىرلىك رەنا!
بىز ئىككى يىلدىن بېرى بىر - بىرىمىزنى ياخ
شى كۆرۈشۈپ يۈرگەن بولساقمۇ، مەن ھەمىشە بىز-
نىڭ مۇھەببىتىمىزدە نېمىنىڭدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىك
قىلدۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىمۇ، زادى نېمىنىڭ كەم-
لىك قىلدۇۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم.
مانا ئەمدى بىلدىمكى، مەن كۈچلۈك ئەمما قىز-
غىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن ئىكەنمەن. ئەنە شۇنداق



...ان ئىزدىگەن، مەن ئىنتىلگەن) مۇھەببەت ماڭا ئېچ
...ى مانا ئەمدىلا نېسىپ بوپتۇ.
بەلكى سەنمۇ مېنىڭدىن ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ھە
ئەمما تولىمۇ قىزغىن مۇھەببەتنى تەلەپ قىلغان بول
ىشىڭ. ئەپسۇسكى، مەنمۇ ساڭا. ئۇنداق مۇھەببەتنى
ئۆمۈرۋايەت بېغىشلىيالمايدىغان ئوخشايمەن...
كۆپ سۆزلەپ سېنى يەنىمۇ ئازابلاشنى خالىمى
دىم.
مېنى كەچۈرگىن، رەنا!
خەير - خوش! سەنمۇ بەختلىك بول!»
مەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدىن كېيىن بىر-
ئانچە كۈنگىچە يىغلىدىم، قاقشىدىم. رەشىدەنى مەسى
ھەرتىۋە قارغىدىم. ھەتتا ئۇنى تېپىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ،
يۈزلىرىنى قاماللىغۇم كەلدى. چۈنكى، مەنمۇ ئەسئەت-
نى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن چىن قەلبىمدىن سۆيەتتىم.
مەن ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، رەھبەرلىك
نىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى جەنۇبقا توغرىلاپ بېرىشى
نى ئۆتۈندۈم: ئاپامۇ بۇ پىكىرگە ھېچقانداق ئىنكاس
قايتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە جەنۇبتا ئىش
لەۋاتىمەن. بۇ قېتىم پايتەختكە كېلىشىممۇ خىزمەت
ئېھتىياجىدىن ئىدى.
ئەنە شۇندىن كېيىن، رەشىدە بىلەن بىر قېتىم
مۇ ئۇچرىشىپ باقمىغان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئاپىسى دەم
ئېلىشقا چىقىپ، ئاپىسىنىڭ ئورنىغا ئۆمەككە قوبۇل قى
لىنغانلىقى، ئەسئەت بىلەن نېمىشقىدۇر ھازىرغىچە توي

قىلمىغانلىقى، يېقىندا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتسەڭلىكى
ئۇنىۋېرسىتېتدا دوستلىرىمدىن خەت ئالغان ئىدىم.
...مىراق، بۈگۈنگە كېلىپ ئىككىمىزنىڭ كۆتۈلمىگەندە، بىر ۋاگوندا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

× × ×

— يولۇچىلار دىققەت! ھازىر «×» ۋوگزالىغا كېلىپ قالدۇق. چۈشىدىغان يولۇچىلار تەييارلىق قىلايلى...

پويىزنىڭ رادىئو كانىيىدىن ياڭرىغان بۇ ئۈتكۈر ئاۋاز مېنى خىيالدىن، رەشىدەنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى.

— تۇرە، ئۇزۇنۇڭدىن ئۇيقۇۋاز مۈشۈك! يۈز-كۆزۈڭنى يۇي!

رەشىدە تولىمۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. يۈز-كۆزلىرىنى لۆڭگىلەپ يۇدى ھەمدە بىردەمدىلا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ بولدى.

— قانداق قورساق ناخشا ئېيتمىغاندۇ؟!

— سېنىڭ ناخشا ئېيتمىغان بولسا، مېنىڭ ئېيتىدىغاندەك ئەمەسقۇ!

ھەر ئىككىمىز بىر ھازادىنچە كۈلۈشكەندىن كېيىن، سومكىلىرىمىزدىن، ئاتلىق - تۈزۈملەرنى چىقىرىپ، ئازراقتىن چاي ئىچىشكەچ يەنە قىزغىن پاراڭغا



...چۈشۈپ كەتتۇق. سۆھبىتىمىزنىڭ ھالقىسى يەنىلا ئىنگلى ئائىلىمىنىڭ پاراكەندە بولغان ۋاقىتلىرىدىكى تەقدىرى ئۈستىدە بولدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەت داۋامىدا رەشىدە بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىردى:

— ھوي! مېنى قان يىغلىتىپ ئەسەتتى مېنىڭدىن تارتىۋېلىۋېدىڭ. قېنى، بەختكە ئېرىشەلىدىڭمۇ-يوق دەپ سورىمايسەنغۇ؟ دېدى.

— سورىسام - سورىمىسام ئەمدى بەرىبىر غۇ؟ سەن ئالۋاستى مېنى شۇنچىلىك قىينىدىڭكى، قوي! سەندەك دوستنى...

— ھازىرغىچە ئاچچىقىڭ قايتمىغاندەك تۇرىدۇ-غۇ!

— ياق! ئۆتكەنلەرنى سالمىۋاتقا چىقىرىۋېتەيلى، قايتا تىلغا ئېلىشمايلى دېدىم - يۇ (لېكىن، كۆڭلۈمدە زادى نېمىشقا ھازىرغىچە توي قىلمىغانلىقىنى بەك مۇ بىلگۈم كەلدى.)

— سەن، — دېدى رەشىدە يىغلامسىراپ، — ئېرىشەلمىگەن بەختكە مەنمۇ ئېرىشەلمىدىم. قانداق دېمەمسەن؟ سەن بەلكى ئاڭلىمىغانسەن!

ياق!

— دەسلەپتە ئەسەت ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاتا-ئانام تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مەن بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بولغۇچە ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىمدى. كېيىن بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ، مەنمۇ ئىشقا كىرگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئاپىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئاپىسىمۇ ئۇ چاغ
ـدا قوشۇلۇپ، «سەن شۇ قىزنى تاللىغان بولساڭ بوپت
تۇ» دېگەن ئوخشايدۇ.

— كېيىن يېنىۋاپتىما؟

— كېيىن، ئەسئەتنىڭ ئاتىسى قايسى بىر نازى
رەتنىڭ نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. بىز — مەن رەسمىي
لىشىپ بولغاندىن كېيىن توينى قىلىمىز، دەپ يۈرگەن
ئىدۇق. تۇساتتىنلا ئەسئەتنىڭ ئاپىسى «بۇ توينى قىل
ماسلىق ھەققىدە گەپ» قىپتۇ. ئەسئەت قوشۇلماپتۇ...
رەشىدە سۆزلەۋاتىدۇ. ئاشۇ ئىشلا خۇددى مېنىڭ
بېشىمدىن ئۆتكەندەكلا كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىرمۇ بىر
ئۆتۈشكە باشلىدى...

...

— ئوغلۇم! بىز شۇ توينى قىلمايلى، جۇمۇ...

— ياق، ئاپا! سەن رەنجىمىگىن، «ئاتقان ئوقنى
قايتۇرۇپ بولماس، يىگىت سۆزىنى ياندۇرۇپ» دېگەن
گەپ بار.

— ھەر - ھەر توي قىلغانلارمۇ ئاجرىشىپ كې
تىدۇغۇ!

— ئۇ، خەقنىڭ ئۆز ئىشى ئاپا!

— چىرايلىقچە گەپ قىلسام، سەن!

— مەنمۇ سەممىي گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ئاپا. ئۇ
نىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلغان ئادەملەر،
قىزى تۇغرىلىق يەنە مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا، بۇن
داق زەربىنى ئۇلار ئەمدى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ...



— نېمە!؟

— بۇنداق زەربىنى...

— قوي بۇنداق پەتىۋالىرىڭنى!

— ئاپا...

— خەقلەر بىر نازىرنىڭ ئوغلى قاراپ تۇرۇپ
قىز بالا تېپىلمىغاندەك، بىر كوچا قىزنىنى ئاپتۇ، دې
سۇنما؟

— مەيلى خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن. ئۇ بىر
ۋىجدان ئىگىسى..

— ساڭا «مەيلى» بولغان بىلەن بىزگە «ھەرگىز
مەيلى» ئەمەس. تېخى، ۋىجدان ئىگىسىمىش، كوچا قى
زى، كوچا سۈپۈرگىسى...

— سىلەر نېمە دېگىنىڭلار بىلەن ماڭا بەربىر
ئاپا.

— ياق، دېدىممۇ - ياق! بىز بۇنداق توينى قى
لالمايمىز. ئاڭلاپ باق، ھازىر كوچىدا قانداق گەپ
لەر بار! «كىم بىلمەيتتى، ئۇ قىز لۈكچەكنى...»

— ئاپا، بەك شەخسىيەتچىلىك بولۇۋاتامدۇ -
قانداق!

— بولدى قىل ئومۇمىيەتچى بالام. سەنزە ئۇ نې
مىنىڭ چىرايىغا قاراپ خۇدۇڭنى يىقىتىپ قويۇپسەن -
دە، چىراي دېگەن گاچىدىمۇ بار. چىرايىغا چاي قويۇپ
ئىچكىلى بولاتتىمۇ. يۈز - ئابروي بولسا بولىدۇ.

— ئاپا، بىرمەزگىللىك بېقىمسىز قېلىشى بىلەن
لا، ئۇنى يۈز...

ئەسئەتنىڭ ئاپىسى دەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئەسئەتنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى؛
— سەن ماڭا يەنە خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلى-
مەن دېمە. بىزگە ھەرقانداق ئادەم قىز بېرىدۇ. بىز
[...]كىم، ئۇ كىم! ساڭا تىرناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بې-
رىمەن، ئوغلۇم.
— ياق، ئاپا. مەن چوقۇم...
— ياق دېدىم ياق!...
ئەسئەتنىڭ ئاپىسى شۇنىڭ بىلەن ئۆينى بېشىغا
كىيىپ، يۈز - كۆزلىرىنى كاچاتلاپ، يىغلاشقا باشلى-
دى... ئىش كېڭىيىپ بۇ گەپلەر قولۇم - قوشنا[...]
ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىگە تارقالدى. بىر قىسىم سى-
لاچىلار ئەسئەتنىڭ ئاپىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن
«بۇنداق تويىنى قىلىش ھەر بىرلىرىنىڭ يۈز - ئابرو-
يىغا داغ چۈشۈرىدۇ. سىلىنىڭ گەپلىرى يوللۇق!»
دېيىشتى. بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق
يۈرۈشى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ كاساپىتىدىن بولغانىغۇ،
ھازىر ئۇ تۈزۈككىنە بىر ناخشىچى بولۇپ قالغان تۇر-
سا» دەپ كۇسۇرلاشتى - يۇ، ئەسئەتنىڭ ئاتىسىنىڭمۇ ئۆز
دەرىجىسىنى، ئەمەلىنى پەش قىلىپ «گەسكىن بۇيرۇق»
چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېيى-
شەلمىدى. ئەسئەتنىڭ ئاتىسى: «بىر كوچا قىزى بىلەن
توي قىلغىلى ئۇ نېمىنىڭ كەشى كوچىدا قاپتىمۇ؟»، «ئە-
گەر يەنە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىمەن دېسە، كۆزۈمدىن
دەرھال يوقالسۇن!»... دەپتۇ دەڭ.



...
— شۇ گەپتىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى ئەسئەتتىن
نېرى تۇتتۇم. ئۇنى ئەزبەرايى ئىزدىمىدىم. ئۇ، ئىز-
دەپ كەلسە تۇتۇق بەرمىدىم.
— شۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى؟
— قانداق بولاتتى، ئارىمىزدىكى بۇ كۆزگە كۆ-
رۈنمەس تام بىزنى ئاخىر... — كۆز يېشى قىلدى
رەشىدە.
— ئېسىت! قانداق ئادەملەر ئۇ، مۇھەببەتكىمۇ
مەرتىۋىنى پەش قىلغان بارمۇ!
— ھەي ئادەملەردە ئاشۇنداق مۇرەككەپ كۆز
قاراش، چاكىنا ئەقىدە بولسا نېمە دېگۈلۈك! مەنغۇ
مەيلى، ئاشۇ بىچارىگە تەس بولدى. ئۇ ياققا قارىسا
ئاتا - ئانا، بۇ ياققا قارىسا مەن...
— ئۆزۈڭلار تويىنى قىلىۋەرمەمسىلەر.
ئەسئەتقۇ، بۇ بىزنىڭ ئەركىمىز.
نىكاھقا چات كىرىۋالىدىغانلارغا ئىبرەت بولسۇن
ئۈچۈن، تويىنى ئۆزىمىز قىلىۋېرەيلى، دېگەن ئىدى.
بىراق يەنە ئاتا - ئانىلار «ئوغۇل چوڭ قىلغانغا پۇ-
شايمان قىلىپ قالمىسۇن» دەپ قوشۇلمىدى.
— شۇنداق دېگەن بىلەن، ھەي... — رەشىدە
ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ، ۋاگۇننىڭ دېرىزىسى ئالدى-
غا باردى. ئۇ، سوغۇق شامالغا يۈزىنى تۇتۇپ، ساپ
ھاۋادىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى.
— ھازىر ئەسئەت ئاتا - ئانىسى بىلەن قانداقراق؟

— شۇ ئىشتىن كېيىنلا، ئىدارىمىزدىن ئۆي ئېلىپ
بىرىم تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، تاماق چەھەتتە قىيىنچىلىق
بولىدۇ - دە!

— سىلەرچۇ...

— بىز ئەمدى مۇشۇنداق تۇرۇۋاتىمىز. ئاڭلى-
سام، ئاتىسى يېقىندا....

— ھەي! ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ تام نېمە دې-
گەن ئېگىزلەپ كەتكەن - ھە!





# غوجامنىڭ غوجىسى

...

مېنىڭ بۇ يۇرتقا كەلگىنىمگە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ ئىشداشلىرىم بىلەن بەكمۇ چىقىشىپ كەتتىم. بۇ يۇرتتىكىلەرمۇ مېنى مۇساپىرچىلىق ھېس قىلىپ قالمىسۇن دېيىشتىمۇ، ھەرقاچان داستىخانلىرىدىن نېرى قىلىشمىدى. مەنمۇ ئۇلارغا كۆپ ھۆرمەت قىلدىم. ھالىغا هال، مۇڭىغا مۇڭ بولدۇم. قولۇمدىن كېلىشىچە ئىش - كۈچلىرىگە ياردەملەشتىم.

لېكىن ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئايالى مېنىڭ بۇ يۇرتقا پەيدا بولۇشۇم بىلەنلا تۇمشۇق سوزغانلارنىڭ غوللۇغراق بىرى بولدى. ئۇ مېنى «ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان كۆدۈگۈ» دېگۈدەك. بۇمۇغۇ مەيلى، كېيىن ئاڭلىسام يەلە «ئەرخەقلەرگە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئۆزىگە رام قىلىۋاتقىدەك» دەپ يۈرۈپتۇ.

توۋا! مەن بۇ ئايالغا نېمە يامانلىق قىلغاندىمەن. قېرىلىق ۋە كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئانىسىنى كارىۋىتىدىن قوزغاتمايلا داۋالىدىم. بۇنى ئىنىسىدىن ئاڭلىمىدىمىكىنە؟ — «پاكىز، چىراي، خۇش پېچىم قىزكەن» دەپ باش-

قىلارنىڭ مېنى تېزلا ئارىغا ئېلىشى بىلەنلا ماڭا ئۆچ بولۇپ كەتتىيا! بوپتۇ، ئەگەر شۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ھۇزۇرلانسا، نېمىنى خالىسا شۇنى دەۋەرسۇن! ئۇنىڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى خاس مەنلامىدىم؟ خېلى - خېلى ئاياللارنىڭ ئۇيان - بۇيىنىدىن ئۇۋەن چىقىرىپ ئۇلارغىمۇ ھەسەت قىلىدىكەنغۇ!...

يارەببىم! بۇنداق ئازازۇل ئاياللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقاندىن كۆرە، نېرى تۇرغان ئەۋزەل ئىكەن. چۈنكى، شۇ چاغدىلا كۆڭۈل ئارامىدا تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ كۈنلەر شۇ خىلدا ئۆتۈۋەردى، مەنمۇ يۈرۈۋەردىم.

بىر كۈنى ئامبولاتورىيىدە كېسەل كۆرۈۋاتاتتىم. ئېگىز بويلۇق، يېلمان چىراي، سەل ياداڭغۇ بىر ئايال نۆۋەت كۈتۈۋاتقانلار ئالدىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى - دە، بىر ئاز ئىڭىشىپ:

— ھاكىمنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنى بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدە ئۆيىگە بىر كېلىپ كەتسۇن دېيىۋىدى، — دېدى - دە، مەندىن ھېچبىر جاۋاب كۈتمەيلا، كىرگەن پېتىچە ئارقىسىغا ياندى. ئەتراپىمدىكىلەردىن بىرى ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ئايشەمخاننىڭ چاپارمىنى، ئۇچىغا چىققان قۇۋ خوتۇن، — دېدى.

— سوپىخان جاغدا دېگەن شۇمۇ؟

— ھەئە.

مەن ئۈنچىقمىدىم، يولدا ئويلىنىشىپ قالساقمۇ،



كۆرمەسكە سېلىپ، غادىيىپ ماڭىدىغان بۇ ئايالنىڭ قانداق قىلىپ بۈگۈن مېنى ئۆيىگە چاقىرغىسى كېلىپ قالدىكىنا؟! مەن ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ بۇ «تېپىشماقنىڭ سىرى»نى زادى يېشەلمىدىم. لېكىن بۇ خىيالنى كاللامدىنمۇ نېرى قىلالمىدىم. ئۆزۈم كېسەللەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، رېتسېپنى توغرا يېزىۋاتقان بولسامۇ، ئېسى - يادىم ئاشۇ خىيال بىلەنلا بەنت ئىدى.

كۈن ئولتۇرۇپ كەچمۇ كىرىپ قالدى. ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارايمۇ - بارمايمۇ؟ ئاخىر بېرىش پىكرىگە كەلدىم - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھاكىمنىڭ قورۇ جايىغا يېقىنلاپ قالدىم. مەن ئىشىك ئالدى بوكسىدە ئاق ئۈجمە كۆچەتلىرى بىلەن يۆگەلگەن بۇ پىششىق خىش تاملىق چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئېچىلغان بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بولاققا كىرگەن سۈت ئالمىلىرىنىڭ خۇش بۇي ھىدى ھويلا سىرتىغىچە تارىغان ئىدى. مەن ئىلتىپاتسىزلا ئىچكىرى كىردىم. ھويلا ئىچى پاكىز بولۇپ، قېنىق سۇ سېپىلگەن. قايسى بىر ئۆيدىن دۇندۇر ئۈنئالغۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھويلىدا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال مەن بۇرۇن كېلىپ قالغاندىمەن. ئۈنئالغۇ ئاۋازى چىقىۋاتقان دالان ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدۇم. لېكىن ئەمدىلا تاشلىغان قەدىمىمنى دېرىزىسى ئوچۇق ئېچىۋېتىلگەن يان ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان بىراۋلارنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى توختاتتى.

— تېخىچە بىرەرسى كەلمىدىغۇ خېنىم!
— ئىشتىن چۈشۈپ بىر - ئىككى سائەت «سىلىق
سۇۋاق» قىلسا تېخى!
— تووا! ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە بۇنىڭ
نېمىسى؟!
— بىزدەك رەڭگى ئۆزىدىن يارىتىلغانلارغا ئۇ
بىكىرەك بولغان بىلەن مەريەمگۇادەكلەرگە ئاش-
نانىدىن ئەتىۋار - دە! خىرىلدىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭ-
لاندى. بۇ، دەل ئەتىگەن مېنى چاقىرىشلى بارغان سې-
پىخان جاغدىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن قوقاسقا چۈش-
كەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم. بىر تۇرۇپ قايتىپ كەت-
مەكچى بولدۇم. بىر تۇرۇپ يەنە نېمە گەپ ۋە نېمە
ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى چىدام بىلەن ئاڭلىماقچى ۋە
كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. شۇ ئەسنادا يەنە ھېلىقى ئا-
ۋازلار ئاڭلاندى.
— خېنىم مەريەمگۈلگە خوشلىرى يوقتى. بۈگۈن
چاقىرماس دېسەم......
— ھەي، كالۋا خوتۇن! ئاڭلىسام ئۇ دۇتارنى
بەك ياخشى ئورىدىكەن. ناخشىنى پەيزى ئېيتىدىكەن-
مىش. شۇڭا مېھمانلىرىمنىڭ كۆڭلىنى راسا بىر ئېلىۋې-
تەي دېدىم - دە!
— ھە، ئۇنىڭ شۇنچىلىك بىگىسى بارمىكىن تې-
خى؟ ھى - ھى - ھى...
— ئۇنداقلارنىڭ ئاۋال ئۆگىنىدىغىنى ناخشا بى-
لەن دۇتار، قاشلىق بىلەن ئەگلىك. ئەگەر ئۇنى بى-


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
لىنمىسە، ئەرلەرنى ئۆزىگە ئاسان رام قىلالمايدۇ-
دە! ها... ها... ها...
ئالمىشىپ چىققان ئىككى خىل ئاۋاز بىردىنلا پە-
سەيلىشىشقا ئۆتتى. كەينىنى ئۇ يېرىنى ئاڭلاش مۇمكىن
بولمىدى. مەن ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلدىم ۋە قەت-
ئىي قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىم - دە، ئارقامغا
بۇرۇلدۇم. كۈتۈلمىگەندە چوڭ دەرۋازىدىن ھاكىمنىڭ
قوشنىسى نىساخان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىزى بىز-
نىڭ بۆلۈمدە ئىشلەيتتى. مەن ئالغان قەدىمىمنى ئىخ-
تىيارسىز توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. نىساخان ھەدە
بىلەن سالام - سائەت قىلىشتىم. ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا
قاراپ:
— قانداق، قايتىپ كەتمەكچىمۇ؟— دېدى ۋە مې-
نىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك،— بۇ خوتۇندىن ئۇنداق
ئاسان قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. جۈرسىلە كىرەيلى-
رىمىز. بۇ سىلى - بىزلەر خاپا بولغۇدەك ئايال ئە-
مەس، ئەتكەن - پۈتكىنى بىر ئازازۇل. شۇڭا قورساقنى
كەڭ تۇتۇش كېرەك،— ئۇ يېنىككىنە كۈلدى. ھەممىنى
ھەممە خاپىلىقلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئىختىيارسىز كۈ-
لۈمسىرىدىم.
ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ئىچكىرى ماڭدى، بىز
دالان ئۆيگە كىرىپ كەلدۇق. دالان ئۆينىڭ ئۇ تە-
رىپىدىمۇ ئىشىك بار ئىكەن. بىرقانچە خوتۇن ئۇيان-
بۇيان مېڭىشىپ ئىش - كۈش قىلىشىۋېتىپتۇ.
— ئاشخانىسى ئۇ تەرەپتە ئىكەندە، مەن مېھمانە

چاقىرىلغان بۇ ھويلىنىڭ شۇنچە جىمجىتلىقىغا قاراپ ھەيران قاپتىمەن، تېخى! — دېدىم نىساخانغا پىچىرلاپ.

— بۇ خوتۇننىڭ ھەممە نېمىسىگە ھەيران قالدۇ كىشى. ئارقا تەرەپتە ئاشخانا، ئامبار، ئۆيى ۋە كەڭرى كەتكەن باغ - ئۆتىسى بار.

— ھېم شۇنداقمۇ؟

— جىم!...

يان ئۆيدىن ئايشەم چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چىرايىدىكى غەلىتىلىكنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇلگۈرەلمەيلا بىز بىلەن ئىسەنلىك سوراشتى - دە، بىزنى دالان ئۆيدىن ياندۇرۇپ، ھويلىغا ئىشىكى ئېچىلغان مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۇ، كۆرۈشۈش ئارىلىقىدا ئاۋۋال مېنىڭ قولۇمدىكى سومكىنى، ئۇندىن كېيىن نىساخان ھەدىنىڭ قولىدىكى سومكىنى تازا زەڭ سېلىۋالدى. كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيۇپ قالدى بولغاي، بىردىنلا يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى. مەن نىساخان ھەدىگە قارىدىم. ئۇمۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ قويدى. ئايشەمخان بىزنى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى - دە، تاققۇ - تۇققۇ ھال سوراپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. مەن كەڭ - ئازادە سېلىنغان بۇ مېھمانخانىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ چىقتىم - دە، «پاھ! يېڭى ئاچقان ھودا ماللار ماگىزىنمىكىنە بۇ؟...» دېۋەتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە. تاملاردىكى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەدىيال - ئالباندۇسخىلىق، گىلەملەر ۋە يالت قىلىپ پارقىراپ تۇر-



غان قوش لېنتىلىق ئۈنئالغۇ، 18 سۈگلۈك رەڭلىك تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ ۋە ئېلېكتىر دوخوپكىلىرىغا قاراپ، ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئەنە ئاۋۇ ئۆي جاھازلىرى ئالاھىدە ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن. ئىشىك - دېرىزىلەرگە تارتىلغان نىلون پەردىلەرگە ئوتقاشتەك دۇخاۋا پەردىلەر ئەپچىلگىنە ياندالغان. تەشتەك جازىلىرىغا قويۇلغان قىزىل ئەتىر سۇلياۋ گۈللەر مېھمانخانىغا تېخىمۇ ھۆسن بېغىشلىغان ئىدى.

— پاھ! ئەجەب ياساپتىغۇ بۇ ئۆينى. ھەممە كرېسلوغا ئوخشاش قىزىل كۈللۈك يۇڭ ئەدىيال سېلىپ، رەڭلىك تور ياپقانلىرىچۇ، تېخى! — دېدىم نىساخانغا قايرىلىپ.

ئاڭغىچە پەتنۇستا چىنە - چەينەك كۆتۈرۈپ سۇپىخان جاغدا كىرىپ كەلدى - دە، بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن سىنچاي قويدى. ھويلىدا ئايشەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇ، مېھمانخانىغا بىرنەچچە جۈپ ئەر - ئاياللىنى باشلاپ كىردى. مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن يىغىلىشتى، ئايشەم تۆرگە جايلاشتۇرۇلغان شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ قويدى - دە، كرېسلونىڭ يېنىغا قويۇلغان يۇمشاق كىچىك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

داستىخانغا قەنت - گېزەك، ئۈزۈم - شاپتۇل، پىچىنە - پىرەنىك، كىردە ۋە ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان توقاچلار ئارتۇقى بىلەن كەلتۈرۈلدى. ئۆرۈك ۋە ئا-

لۇچا ۋارىسى قاتارلىق تاتلىق - تۈرۈملار مۇ ھەربىر-
ىمىزگە بىر تەخسىدىن توغرا كەلدى. مېھمانلار نازۇ-
نېمە تىلەركە ئېغىز تېگە - تەگمەي بىر تەخسىدىن ھال-
ۋا، بىر چىنىدىن ئەتكەن چاي كەلتۈرۈلدى. غىزا تو-
شۇۋاتقانلار مېھمانخانىغا ھەر كىرگىنىدە قانداقتۇر بىر
خىل قورۇنۇش ئىلكىدە ئايشەمگە بىرئاز باش ئىگىپ
تەبەسسۇم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستەلگە تەخسە - چى-
نە قويۇۋاتقان قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەي-
تى - دە، دەرھال ھولۇققان ھالدا ئايشەمگە قاراپ قو-
يۇشاتتى. ئايشەم بولسا غادايغان پېتى مېھمانلارنى ئال-
چە - مۇنچە تاماققا زورلىغاچ، پېتىمدىن چۈشمەي ئول-
تۇراتتى. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن غىزاغا تۇتۇندى.
— ئەجەبمۇ ئوخشاپتۇ، بۇ ھالۋا! - دېدى بىر-
سى ئايشەمگە قاراپ ھىجىيىپ.
ئايشەم ناز بىلەن قاش - كۆزلىرىنى راسا سۇ-
زۇپ، بىرئاز مىدىرلاپ قويدى - دە،
— ئۆتكەندىكى بىر ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ كەلگەن
ئاشپەز تاۋا كاۋىپىنى تۇزلۇق قىلىپ قويۇپتىكەن، بۇ
دورەم مەخسۇس ئاشپەزلىك مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئاش-
پەزلەرنى چاقىرتتىم، — دېدى ئۇ بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ
تەخسىدىكى ھالۋىغا قاراپ، — ۋاييەي ئەجەب ياغسىز
بولۇپ قاپتىغۇ؟
— ياق، ياق، راسا ئوخشاپتىغۇ ئەنە! — دېدى
بىرسى مايلىرى تەخسىدىن سىرىلىپ چۈشۈش ئالدىدا
تۇرغان ھالۋىنى كۆرسىتىپ. ئايشەم بىر جۈپ كۈمۈش



چىركىنى قولىغا ئېلىپ بىر پارچە گۆشنى قانداقتۇر بىر
خىل ناز بىلەن ئاستا قىسىپ ئالدى ۋە كۆز ئالدىدا
لەيدان بىر ئايلاندۇرۇپ ئازراق يېرىمىنى ئاغزىغا سال-
دى - دە، دەرھال قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:
— ئېسىت! شۇنچە سېمىز گۆشنى يۇمشاقراق پى-
شۇرۇشنىمۇ بىلمەشمەي، قاتۇرۇۋېتىپتۇ بۇ نېمىلەر، — دې-
دى ئۇ يېنىدىغا قاراپ.
— بولدى ئايشەمگۈل! ئاش - تاماقنىڭ قېلىپى
يوق ئەمەسمۇ؟
— ھەمىشە شۇنداق دەيدىكەنلا. كۆڭلۈمنى ئاياپ.
ئىسسىقتىن قاچىسام ئۆزۈم قالتىس پىشۇرۇۋېتەتتىم،
ئېسىت، — دېدى ئايشەم ئۆزگىچە بىر تەمەننا بىلەن.
مېھمانلار غىزالىنىۋاتىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم نېمىش-
قىدۇر بىئارام. پىكىر - خىيالىم باياتىن ئايشەم بىلەن
سوپىخان جاغدىنىڭ قىلىشقان غەيۋەتلىرى بىلەن بەنت
ئىدى. «مەن سورۇنلاردا دۇتار چېلىپ خەقنىڭ كۆڭ-
لىنى ئاچىدىغانغا قونچاقمىكەنمەن؟ تېخى توي قىلىشقى-
مۇ ئۇلگۈرمىگەن بىر قىزنىڭ ئەر - ئايال ئارىلاشقان
بۇنداق سورۇنلاردا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئول-
تۇرۇشى قاملاشمايدىغان ئىشمۇ؟» — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.
تۇۋا! ماۋۇ خوتۇننىڭ بەشەملىكىنى!
مېھمانلار تەخسىلەرنىڭ يېرىمىنى بوشىتىشقا ئۈل-
گۈرمەي تۇرۇپ، تەخسە - تەخسىلەپ قارامۇچ سې-
پىلگەن پېتىر مانتا كەلتۈرۈلۈپ، قېنىق دەملەنگەن
چاي تارتىلدى. ئەپسۇسكى، سورۇن نېمىشقىدۇر

قىزغىن ئەمەس ئىدى. مېھمانلار تاماق يېگەچ ئىككىسى ئۇياندا، ئۈچى بۇياندا دېگۈدەك كۇس-كۇس قىلىشىپ ئاللا نېمىلەرنى دېيىشەتتى - يۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ئايشەمدە ئىدى.

شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرى ئايشەمنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. مەن مەيلى كېسەلخانىدا، مەيلى ئۆيەردە بولسۇن، بەزىدە ئايشەم توغرىسىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالاتتىم. لېكىن مەن بىزنىڭ ئاياللار ئۇششاق گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق كېلىمىز، بۇلار ئايشەمگە ھەسەت قىلىۋاتقان بولامسۇن يەنە، دەپ ئىشەنمىگەن ئىدىم. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ غەيرىي تەبىئەتلىك ئايال ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى.

ئۆي ئىچىنى كىشىنىڭ دىمى سىقىلغۇدەك جىمجىتلىق باستى. ئۇنىڭ تەرىپىدىكى ئاياللار ئىنتايىن ئاستا پىچىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى گەپلىرى ئەلۋەتتە مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرمەي قالمايتتى.

— ئۆتكەندىكى گەپ راستمىكەن؟ قانداقتۇر بىر خەتكە ھاكىم قول قويغىلى ئۇنىماي، ئايشەم قېيداپ يامانلاپ كېتىپتۇ، بىر ماشىنا ئايال ئىككى مەرتىۋە بېرىپ تەستە ئەككەپتىمىشقۇ؟

بىر كىيىملىك ئەترەك سارجا بىلەن مەككە - مەدىنەمىنىڭ مەرۋايىت ئورنىتىلغان باش ئۆشكىسىنى ئالدىغا قويۇپ، ئاران تەستە كەپتىمىش.

— ھە، ھەشقىپىچەكتەك ئېچىلىپ يۈرگىنى شۇنىڭ ئۈچۈنكەندە! — ياق، ئاخىر ھاكىمنى ئۆزىنىڭ كېيىمگە كىرگۈزگەن بولمامدۇ؟



— ياتاللا... ھاكىممۇزە!

شۇ ئەسنادا مېھمانخانىغا ھاكىم بىلەن ئايشەم كىرىپ كەلدى.

— ھەربىرلىرىڭنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئايشەمگۇل ماڭا ئېيتماپتۇ، شۇڭا مەن بىخەۋەر بولغاچقا، — دېدى ھاكىم خىجىللىق بىلەن.

ئايشەم دەرھال چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ:

— ئەمدى مۇشۇ مېھمان چاقىرىدىغان ئىشنىمۇ سىلىدىن پىيالىتىپ يۈرەتتىممۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن.

— ھاكىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىدىمۇ، ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سالدىمۇ:

— مېھمانلار قېنى ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ھەمدە قاندىقتۇر بىر ئەنسىزچىلىك ئىلكىدە ئايشەمگە قاراپ قويدى. بىز ئاياللار بىر-بىرىمىزگە قاراپ قېلىشتۇق.

ئايشەم ئۈنئالغۇنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. داستىخانغا پىششۇرۇلغان قوي گۆشى، توخۇ-تۇخۇم، ھاراق كەلتۈرۈلدى.

— پاھ! ئەجەب ئېسىل بېلىقكەنغۇ؟ — دېدى بىرسى ئايشەمگە.

— يېڭى ئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى بېلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشى سورتلىرىنى باقىدۇ. تېخى مۇشۇ بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقىنى...، — دېدى ھاكىمغا قايرىلىپ ئايشەم.

ھاكىم ئايشەمگە بىر قاراپ قويۇپ!

— قېنى مېھمانلار... دېدى-دە، ئايشەمنىڭ زۇۋانى قۇتتۇلدى.

مەن بۇ سورۇندا ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئاستىلا سىرتقا چىقتىم. ھويلا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي نۇرى ۋە ئۆتكۈر ئېلېكتر يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ئىدى. باغچىنىڭ كېچىدىكى سالقىن ھاۋاسى، مېۋىلەرنىڭ شېرىن ھىدى، گۈللەرنىڭ خۇش بۇي پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ كىشىگە ئىنتايىن ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مەن ئۆزۈمنى ئەمدىلا بىر ئاز ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ساپ ھاۋادىن تويۇپ-تويۇپ نەپەس ئالدىم، راھەتلەندىم ۋە باغچىنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلەنگەن پېتىمچە مېھمانخانا ئۆيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان لىرىكىلىق ناخشىلارنى تىڭشىدىم.

شۇ چاغدا دالاندىن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى مۇرات چىقىپ كەلدى. بىز سالاملاشتۇق.

— سىزمۇ بۇ يەردىكەنسىز دە، — دېدى مۇرات ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ.

— ھەئە، — دېدىم مەن ۋە جاۋاب بىلەن تەڭلا سورىدىم مېھمانخانىغا كىرمەمسىزغۇ؟

— مەن ھاكىمغا مۇھىم بىر خىزمەتنى دوكلات قىلغىلى كېلىۋېدىم. ئايالى ھازىر ئۆيدە مېھمان بار، ۋاقتى يەتمەيدۇ، دەپ سۆزلەشكىلى قويمىدى.

— ئەمىسە ئۇ ئۆيدە بارمۇ؟

— ھاكىم مېنى ماۋۇ ئۆيگە باشلىدى. سۆزۈم باشلىنار-باشلانماي ئايالى مېھمانلىرىم بىلەن كۆرۈشسىلە، دەپ ھاكىمنى ئەچىقىپ كەتتى...



— ئىشىڭىز شۇنچە مۇھىممىدى؟

— مۇھىم بولمىسا كەچتە ئىزلەيمەنمۇ؟

— مۇنداق دەڭ.

— مەن ئاستىلا كېتىۋالاي، سىز تاماشىڭىزنى...

— ياق، ياق مەنمۇ، — دېدىم مۇراتقا ۋە يەنە نېمىندۇ ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. مۇرات چىقىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئايشەم مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلدى.

— بۇ يەرگە چىقىۋاپسىزغۇ؟

— بىر ئاز شامالداش ئۈچۈن...

— مۇرات بىلەن پاراڭلاشقىلى چىقتىم، دەۋېرىسىڭ. ئۇ سىزنى ئىزلەپ كەپتىكەنغۇ؟

— ياق، ئۇ...

— جۇرۇڭ ئۆيگە، بىرەر پەردە دۇتار چېلىپ بېرەرسىز، — ئۇ قانداقتۇر مەسخىرە ئارىلاش ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى.

— مەن ياخشى چالالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر-ئاياللار ئارىلاشقان مۇنداق سورۇنلاردا...

— بىلدى ناز قىلماڭ، سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىز بەلەن يىگىتلەرنىڭ...

يۈزۈمگە لاپ قىلىپ ئوت ئالغاندەك بولدى-دە، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئاچچىق سېزىم قاپلاپ، يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. «نېمە قىلاي، نېمىمۇ دەي، بۇ يۈزسىز خوتۇنغا! نېمىشقا بۇ يەرگە ئۆز ئايىغىم بىلەن كەلگەندىمەن؟» كاللامنى گادىرماش خىياللار



www.uyghurkitap.com

قوچۇۋەتتى ... مەن قول سومكامنى ئېلىپلا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ، مېھمانخانا تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ئايشەم ئارقامدىنلا كىرىپ كەلدى. كىمدۇر بىرى مېھمانلارغا:

— ئەنە، خانىم قىزىمۇ كىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ پەيزىنى ...

تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. كۆزۈم تورلاشقاندەك بولۇپ، سومكامنى قويغان يەردىن تاپالمىدىم ...

— ئايشەم! — دېدى بىر ئايال مېھمان سومكىسىدىن ئەمدىلا چىقارغان بىر كىيىملىك زەر شىپىك دۇخاۋىنى پەتنۇسقا سېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ...

ئۇ، باشقىلارغا ئەلۋەتتە بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ سومكىلىرىدىن ھەر خىل رەختلەرنى چىقىرىشىپ، ھېلىقى رەخت ئۈستىگە قويۇشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خان ئەتلەس، سارجا، دۇخاۋا ۋە باشقا ئالىي رەختلەر بار ئىدى. «ئەمدە مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟! مېنىڭ سومكامدىكى ئالىي دەرىجىلىك سوۋغات ئەمەس، بەلكى ئادەتتە ئىشلىتىدىغان قولياغلىقى، يەلپۈگۈچ ۋە باشقا نەرسىلەر ئىدىغۇ؟»

پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن سوغۇق تەر ئاقتى. مەن ئالدىمغا ياكى ئارقامغا مېڭىشنى بىلەلمەي، سومكا ئاسقۇچىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان سومكامغا قول ئۇزاتقىنىمچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.



# نادامەت يالدامسى

— ھەي! نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق!؟

— شوخلۇق ئاخىر بېشىغا چىقىپتۇ-دە!

— ئۇنىڭ تاپقىنى زادى شۇ بولماقچى ئىدى...!

كېسەل يوقلاپ بالنىست ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىشىمغا غەلۋە-غۇدۇر بىلەن كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتۇم. «بۇ نېمە ئىش؟» مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى تەرەپكە بۇرۇلدۇم. كىشىلەر بۇ ئۇزۇن كارىدورلۇق ئېگىز بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ياتاقخانا ئۆيگە ئۈزۈلمەي كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى.

مەن بۇ ياتاقخانىغا كىرگىنىمدە، بىر مۇنچە چوڭ كىشىلەر ۋە ئۇششاق بالىلار ئىشىكنىڭ ئوڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان سىم كارىۋاتقا ئېگىشىپ قارىشىپ تۇراتتى. مەنمۇ كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن بويۇنۇمنى سوزۇپ ھېلىقى كارىۋاتقا قارىدىم. كارىۋاتتا باش قىسمى پۈتۈنلەي داكا بىلەن ئورالغان بىر كېسەل ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن توختىماي سوغۇق تەر چىقىپ تۇراتتى. كېسەل ئوڭ قولىنى

ئاستا مىدىرلىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى - يۇ، يەنە ۋايجانلاپ ئىڭراشقا باشلىدى. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ ئىڭراشلار قاراپ تۇرغانلارنىڭ قىسمەتلىرىگە تەسىر قىلدى بولغاي، بىرقانچىلەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ، توپ ئىچىدىن سىرتقا چىقىشتى.

— ياخشى ئادەملەرنىڭ قىزى تۇرۇپ، ھەي...! لى ئات، نى نومۇس ... ھە! — دېدى ياشقىنە بىر چوكان.

كارىۋات ئالدى خېلىلا بوشاپ قالغان ئىدى. مانا شۇ چاغدىلا مەن ھېلىقى كېسەلگە يېقىنلاپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. قارلىغاچ قانىتىدەك كېلىشكەن قاشلار، نۇرسىز ئەمما قاپقارا كۆزلەر، تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىرپىكلەر، گويا ئېقىپ چۈشكەندەكلا كۆرۈنىدىغان ناچا بۇرۇنلار، قىزىللىقتا جىنەستىنى ئەسلىتىدىغان، سۈزۈك غۇنچىدەك لەۋلەر...

«تونۇشلا بىر چىرايغۇ بۇ؟» مەن گويا ئۇستۇمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەكلا شۈركىنىپ كەتتىم... «شوخ زەينەپ!» يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ خىتاب مېنى ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىق، ياشلىق دەۋرىمنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن «ب» ناھىيەمىنىڭ گۈللۈك ئۆستەڭ بويىدىكى بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىرگە ئويناپ، بىرگە ئوقۇپ چوڭ بولدۇق. ئوقۇشتا ھەر ئىككىمىز ئۆتكۈر ۋە تىرىشچان ئىدۇق. بىزگە ساۋاقداشلاردىن ئارتىپ، ئۇستازلىرىمىزنىچە ھەممىسى دېگۈدەك ھەۋەس قىلاتتى. مەن ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى ياش چوڭ بول



غاچقا، ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆيۈنەتتىم، ئۇنىڭ بارلىق ئەر-كىلىك ۋە شوخلۇقلىرىغا ئۆز يېشىمغا مۇناسىپ بولمىغان بىر خىل ئېغىر بېسىقلىق بىلەن يول قوياتتىم.

ئۇ مەلۇم بىر باشلىقنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزى — ئەركىسى بولغانلىقتىن، كىيىم كېچەك، پۇل خەجلەش قاتارلىقلاردا ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. مىجەز - خاراكتېرى جەھەتتىن گۈلدەك نازۇك، كېپىنەكتەك شوخ، چىراي - پىشكۇرى بولسا بىز قىزلارنىڭ تاجىمىز ئىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئوڭايلا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. مەن ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇشقا كەتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتقىنىمدا، بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ، تېخىمۇ ھۆسنلە تولۇپ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا مەغرۇر كۆزلىرىدىن كىبىر ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، قانداقتۇر بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ، ئىككى يىلدىن بۇيان مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى، يېقىندا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى شۆلگە يىلىرىدىنى ئېقىتىپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دەرۋەقە، بۇ تويغا مەنمۇ قاتناشتىم. يىگىت سىرتقى كۆرۈنۈشىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تەبىئىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئېغىر بېسىق، پەزىلەتلىك ئىدى. ئۇ قايسىبىر شۆيۈەنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، بۇ يەرگە تەخسىم قىلىنغان ئىكەن...

كېسەلنىڭ دەردلىك ئىڭرىغان ئاۋازى خىيالىمـ

نى بىر دىنىلا بۆلۈۋەتتى. ئۇ گەرچە يەنىلا ھوشسىز بول
سىمۇ، كۆز - ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مەر
ۋايىتتەك قۇلاق تۈۋىگە تاراملاپ چۈشمەكتە ئىدى.

— ياخشى ئەرنى تاشلىمىغان بولسا، بۇنداق پا
لاكەت باسمىغان بولاتتى. تېگىشلىك — دېدى ۋىجىككىنە
كەلگەن بىر يىگىت.

— قايسى گەپ راستكەن؟ — دېدى، يەنە بىر ئايال
خۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، — پۇل - مېلىنى دەپ قالداقتۇر
بىر لۈكچەكنىڭ كەينىدىن ...

شۇ ئەسنادا زەينەپنىڭ ئاتا - ئانىسى پەرىشان
هالدا ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە، بىز بىلەن چالا-
ئېسەندىگەن پېتى قىزىغا ئۆزىنى ئاتتى ...

ئېھتىمال، ئۇلار كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىنىڭ يۈز
بەرگەنلىكىنى تېخى ئەمدىلا ئاڭلىسا كېرەك.

مەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر قىلىشقان
بۇ باش - ئايىغى يوق گەپ - سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىرەر
قۇر ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن يېنىككىنە بىر ئۇھ تارت-
تىم - دە چىقىپ كەتتىم. ئاياغلىرىمنى زورىغا يۆتكەپ،
ئەمدىلا 3 — 4 قەدەم بېسىۋىدىم، ئاشۇ بۆلۈمنىڭ بىر
تونۇش سېستراسىغا دۇچ كەلدىم.

— زەينەپگۈلنى كۆرگىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ — دېدى
ئۇ يارىشىملىق زىناقلىرىدا كۈلكە تەبەسسۇمى جىلۋى-
لەندۈرۈپ.



باشقا بىر كېسەلنى يوقلاشقا كېلىپ، بۇ ئىشقا...

— ھە

— مەن زەينەپنىڭ يولدىشىنى ياۋاش، ئويۇن تا-
باشقا خۇشى يوق، دەپ تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، كې-
رىشىت ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىمىز
دەپ سۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى، گەرچە توي خېتىنى چې-
لى بۇرۇنلا ئېلىشقان بولسىمۇ، يىگىتنىڭ مانا - ئەنە،
دەپ توينى ئەتەي كېچىكتۈرۈۋاتقانلىقىنى باشقىلار -
دىن ئاڭلىغان بولسامۇ لېكىن بۇ پاجىئەنىڭ سادىر
بولۇشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەچكە سوراپ
بىلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— زەينەپ تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇلپەتلىرى بىلەن
دەريا بويىغا تاماشىغا چىققان، ئۇلارنىڭ ئولتا - قوپى
كېچە سائەت 4 — 5 لەردە ئاخىرلاشقان. ئۇيقۇسىزلىق،
ئىزىلكۆزلۈك ۋە ھاراق تەسىرىدىن خۇدىنى يوقاتقان
بۇ كالامپايلار ماشىنىنى قالايمىقان ھەيدەپ، ئاخىر
يول بويىدىكى سۇ چۈشۈرگۈسىنىڭ سېمونت تاختىسىغا
ئۇستۇرۇپ ئۆرىگەن... بۇ ۋەقەدە بىرسىنىڭ پۇتى سۇ-
لۇپ، يوتىلىرى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن. ماشىنا ئۆگ-
ئۆرۈلۈشتىن خېلى بۇرۇنلا «ھۆرمەت قەدەم»گە دەس-
سەپ قالغان زەينەپ ئۆزىنى يىغىشتۇرالماي جېنىدىن
ئايرىلغىلى تاسلا قالغان. زەينەپنىڭ «لايىقى» يارى-
لانغانلارنى دوختۇرخانىغا تاشلاپلا، ئالدى - كەينىگە
باقماي تىكىۋەتكەن ...

— ھە، مۇنداق دەڭ. ئەيىبكار بولماي ساقىيىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەرمۇ؟

— ۋاي تالڭ! جاراھىتى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىك ياش ئەمەسمۇ؟ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنى پۇتۇنلەي چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىنى 13 يېسىپ پېشانىسىدىكى زېدىنى يەتتە يىپ تىكتى ئەمەسمۇ؟

× × ×

مەن بۇ ۋەقەدىن ئون كۈن كېيىن، كونا ساۋاقداشلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇنىڭ بېشىدىكى قاتمۇقات ئورالغان داكىلار ئېلىپ تاشلانمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇ، قوشلاپ قويۇلغان پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. كارىۋات يېنىغا كېلىشىم بىلەن تەڭ ئۇ، بويىنۇمغا ئېسىلىپ خېلى ئۇزاققىچە كۆز يېشى قىلدى. قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېچىنىش ھېسسىياتى دېڭىز ئۆركەشلىرىدەك دولقۇنلىماقتا ئىدى. كېيىن ئۇ، يەرگە قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس، جاپالار چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلەلمەس!» ... نېمىدېگەن ئىلمىي ھەقىقەت-ھە؟ يامانلىقنى كۆرمىگىچە ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدىكەن. مەن، ئەخمەتنىڭ ماڭا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، ئۇيۇقتەك چەكسىز ئىشەنچىسىنى ئاقلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئازابلاپتىمەن، ھەتتا جازالاپتىمەن.



ئائىلەدە ھېچنېمىدىن قىسىلمايتتىم. ئۇ، مېنىڭ ئۆ ئىشلىرىمغىچە ياردەملىشەتتى، ھۆرمىتىمنى قىلاتتى، ئۆز ئىززىتىمنى بىلمىگەن بەگباشمەندە! ھەي ...! شۇكۈنلەرنى ئەسلىسەم... مەن ھەدېسىلا ئەخمەتنى كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ، بۇ ياۋاش بەندە بىلەن ياشلىق باھارىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزەمتىم، دەپ ئاتىكاچىلىق قىلغان ئىكەنمەن. مانا ھازىر ئۆزۈمنىڭ جانسىز بىر قوچاقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى، ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن تىرىشچان ئەخمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىلسىز مەن ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. — دېدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئېيتقۇسىز دەرد-ئەلەم بىلەن ياشلانغان ئىدى.

ئۇ يەنە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئېچىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ ئەتىلىدىكى بۇلاقتەك سۈزۈك، نۇرلۇق كۆز چاناقلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئەمدىلىكتە بىلىنەر-بىلىنمەس كۆكۈش سىزىقلار قاپلىغان. مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى بەدىرەڭ كۆرۈنۈشلەر ئىگىلەپ، چىرايى تولىمۇ سۇلغۇن، روھى بەكمۇ چۈشكۈن بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، قول ياغلىق بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتكەندە لەۋلىرى خۇددى شەبنەم ۋاقتىدىكى ئاجىز يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاللانېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، سەدەپتەك چىشلىرى بىلەن ئاستىنقى لېۋىنى قايتا-قايتا چىشلىمەكتە ئىدى.

ئۇ خېلىغىچە ئاشۇنداق سەۋدايى ھالەتتە پىچىر-

لىغاندىن كېيىن، ئېسەدىگىنىچە ئالقانلىرى بىلەن
يۈزىنى ياپتى-دە، «ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، قولۇمدىن
كەتكەن ...» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

مەن زەينەپكە تەسەللىمۇ بەرمەي، يىغىدىنمۇ
توسماي، «مەيلى، كۆكسى-قارنى بوشىغىدەك يىغلى-
ۋالسۇن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. — قىلغان-ئەتكەن-
لىرى ۋە باسقان قىڭغىر قەدەمىدىن پۇشايمان يەپ
كۆپرەك يىغلىسا، بۇندىن كېيىنكى ھايات قەدەمىنى
توغرا بېسىشقا پايدىلىق ...»

زەينەپ بىر پەس شۇنداق ئېسەدەپ يىغلىغاندىن
كېيىن پەسكارىغا چۈشتى. ئۇ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتماي
تۇرۇپلا:

— دوستۇم، ھەممە گۇناھ مەندە، ئەگەر مەن ئۇنى
يىغلاتمىغان، رەنجىتمىگەن بولسام ئۆزۈممۇ بۇ قىسمەتكە
قالمىغان بولاتتىم. «ئۆتۈنگە لاپقۇت ئۆتەككە ئاپقۇت»
دېگەن شۇ ئىكەندە.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى جىمجىتلا تىڭشىدىم. زەينەپ-
نىڭ دەۋاتقىنى تەبىئىيكى ئاجرىشىپ كەتكەن يولدىشى
ئەخمەت ئىدى.

زەينەپ كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن
ئېرتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇ، مېنىڭ رايىمغا باراتتى، كۆڭلۈمنى تولىمۇ
ئاياتتى، شۇنىسى مەن...

ئۇ سۆزلىمەكتە، كۆز ئالدىمدا زەينەپ بىلەن ئەخ-
مەتنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ماجىراسى — ئۆيى بۇزۇلغان



ئۇرۇش كارتىنىسى خۇددى ئۆزۈم ئاشۇ لەق مەيداندا
باردەكلا كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە...

... زەينەپ كىيىم-كېچەك، لاتقۇ-لۇتقىلىرىنى
يىغىشتۇرماقتا، تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇنىڭغا سەممىي نەس-
ھەتلەر قىلىۋاتقان ئەخمەت پۈتۈن ئاچچىق ۋە دەرد-
ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق
شورىغىنىچە ئۇنى توسۇپ قېلىشقا تىرىشماقتا:

— زەينەپ! شۇنداق سەن... بۇ سېنىڭ ئاخىرقى
قارارىڭما؟

— ھەئە...

زەينەپ تولىمۇ مەغرۇر، ئەمما ئۆز ئىشى بىلەن
ئىدى.

— مۇشۇنداق ئۆينى، ئوماق بالىمىزنى، مەندەك
كۆيۈمچان ئەرنى تاشلاپ، قانچىلىك ياخشى كۈن
كۆرەرسەن؟

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك تىترەپ چىقتىكى، ھەر-
قانداق باغرى تاش ئايالمۇ بۇنداق سەممىي نەسىھەت
ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئالدىدا تەسلىم بولماي تۇرال-
مايتتى، ئەلۋەتتە.

لېكىن، زەينەپ كۆزلىرىنى ئەسەبىيلەرچە بىر قىس-
تى-دە،

— تايىنلىق ئەرسىز قالارمەن! — دېدى، يۈرەككە
نەيزىدەك سانجىلىدىغان تەنە بىلەن.

سۆز شۇنداق قاتتىق ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغان ئىدى-
كى، ئەخمەتنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدلىرى خۇددى تۇز-

...قىنىڭ توزۇپ، ئۇنى ئاخىر پارتلاشقا ئېلىپ باردى.

— بوپتۇ، خالىغىنىڭنى قىل! ھاياتلا بولسام سېنىڭ يەنە قانچىلىك «بەخت» تاپقانلىقىڭنىمۇ كۆرەرمەن. خەير... غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز!...

ئاھ! ئەخمەت، ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىغا قارىماي، بىر بالىنىڭ يۈزى ۋە زەينەپنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن قانچىلىك سەۋر - تاقەت قىلغان - ھە!...

ئېھ! زەينەپ، سەن شۇنچىلىك ئەقىللىك، شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ۋە شۇنچىلىك كۆيۈمچان ئەردىڭ. نېمىشقىمۇ ئاجىزىشىپ، پۈتۈن ئىختىيارىڭنى ئاشۇ ساپاسى يوق ھاراقكەشنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزگەنسەن. ئۇرۇپ تىللاشلىرىچۇ؟ ھە، تېخى، ۋەقە يۈز بەرگەندە، دوختۇرخانىغا تاشلاپلا قېچىشلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟...

زەينەپ سۆزلىرىنى تۈگىتىپ، قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى، شۇ تاپتا ئۇ، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، پۈتۈنلەي نىمجان ھالەتكە چۈشكەن ئىدى.

مېنىڭ پۈتۈن ئەس-يادىم زەينەپنىڭ چۈچەكلىرى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىگە كۆچكەن ئىدى. نېمە چارە؟ شۇ تاپتا ئۇ، بىرەر ئېغىز ياخشى سۆز، تەسەللىگە موھتاجتۇ؟

— زەينەپ! «بۇ سەن ئۈچۈن قايتا تۇرۇلمىش» ئۆتكەنلەرگە سالاۋات! يىغىدىن نېمە چىقىدۇ، سەن بۇنىدىن كېيىن ھوشۇڭنى تېپىپ، ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ، تۇرمۇش پىلانىڭنى قايتىدىن تۈز، ياشلىق باھارىڭنى



www.uyghurkitap.com

پەيگىلىۋاشلاردىن باشلا! كىشىلەر سېنىڭ يېڭى بولغانلىقىڭنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ياخشى پەزىلەتلىرىڭ ئارقىلىق ھېس قىلىشسۇن! بىلسەڭ «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ نېمەتلىك نەرسە — ئۆزىنى بىلىشتۇر».

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، 5—6 ياش چامىسىدىكى بۇدرۇقىنا بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىگەن ئەخمەت كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالاھىدە رەتلىك ۋە يارىشىملىق كىيىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوندۇزدەك چاچلىرى ئۈستىگە قىستۇرۇلغان قەشقەر دوپپىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىراق رەڭگى-روھىدىن قەلبىنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىۋېلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس ئىدى.

مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كەتتىم. زەينەپ يانغا ئۆرۈلەمگەچكە، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگۈچىلەر تا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا روبىرو بولمىغۇچە ئوبدان پەرق قىلالمايتتى.

ئۇ ئەخمەت بىلەن ئوغلىنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانلىقىدىن ھودۇقۇپ كەتتى-دە:

— بالام رەپقەت! — دەپ توۋلىۋەتتى.

بالا ئانىسىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ زەپىرەڭدەك سارغايغان چىرايىغا تەلمۈرگىنىچە:

— ئانا، جان ئانا! — دەپ ئېسىلدى.

زەينەپنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى باغرىغا بىمالال بېسىپ، يۈز-كۆزلىرىگە قانغۇچە ئۆپۈشكە بىش-

بويىۋن قىسمى بىلەن قوشۇپ تېڭىۋېتىلگەنلىكى
توسقۇنلۇق قىلاتتى. لېكىن ئۇ، ئانىلىق مېھىر-مۇھەب-
بىتىنىڭ كۈچى بىلەن ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بې-
رىپ، جان-جىگەر ئوغلىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆز-
لىرىنى سىيلىدى، ئالۇچىدەك لەۋلىرىگە سۆيدى ۋە ئۆ-
زىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى...

ئەخمەت مەن بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن:

— بالىغا ئاپىسىنى كۆرسىتىپ كېلەي دېۋىدىم، —
دەپ قويدى.

كۆڭلۈمدە «ئەجەبمۇ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئۆزىنى
تۇتۇشنى بىلىدىغان، مەرد يىگىت ئىكەن» دېگەن پىكىر-
لەر لىپ قىلىپ كەچتى، مەن بەكمۇ ھاياجانلانغان
ئىدىم.

— تولىمۇ ئوبدان قىپسىز، كېلىڭ! ئولتۇرۇڭ، — دې-
دىم ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ.

بالا بىردە ماڭا، بىردە دادىسىغا قارىغاندىن كېيى-
ن ئەركىلىگەن ھالدا:

— ئانا قارا ساڭا نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق؟ — ئۇ،
دادىسى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ قويغان سومكىدىن
بىر نەرسىلەرنى ئالغاچ، —... ھې... قەن، ناۋات، سام-
سا... ئابىيام دادامغا «ئانامنىڭ قېشىغا بارايلى»
دېسەم ئۇنىمىدى، مەن يىغلىدىم، يىغلاپ-يىغلاپ ئاران
ئۇناتتىم.

يۈرىكى ئېزىلگەن زەينەپ قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىد-
لىك بېقىنىش بىلەن يەر تېگىدىن ئەخمەتكە شۇنداق



بىر قارىدى-دە، يەنە ئۈن قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

— ئانا، يىغلىما ئاۋۇچۇ مەن ئابىيام يىغلاۋەرسەم
ئاناڭ ياخشى كۆڭۈللەردە بىزنى تاشلىدى. بوپتۇ، يا-
مان كۆڭۈللەردە بىز ئۇنى يوقلاپ قويايلى؟ — دېدى. ھە...
يەنە... ھې...

— ئوبدان بالام، تاتلىق قوزام! — دەپ يەنە ئۆك-
سۈپ يىغلاپ كەتتى زەينەپ.

ئەخمەت بولسا چوڭقۇر خىياللارغا ئەسىر ئىدى.
مەن ئۇنىڭ قاراشلىرى ۋە رەپىقەتىنىڭ گەپ-سۆزلىرى-
دىن: ئەخمەت بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ،
ئۈنچىقمىغان، رەپىقەت چوڭ ئانىسىدىن ئاپىسىنىڭ «كې-
سەل» لىكىنى ئاڭلاپ كېلىپلا، دادىسىنى «مېنى ئاپام
قېشىغا ئاپار» دەپ قىستىغان، ئۇ «ئۆزۈڭ بار» دەپ
كۆنمىگەن، لېكىن بالا بەربىر بالىلىقىنى قىلىدۇ-دە،
يىغلاپ، دادىسىنى سۆرەپلا تۇرۇۋالغان. شۇ ۋەجىدىن
ئەخمەت زەينەپ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۆمۈ-
چۈك تورىدەك باغلىنىشنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەنە بىر
مەردلىك قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان
ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدۇم.

ئېھتىمال ئەخمەت مۇھەببەتلىشىپ، توي قىلىپ،
نەچچە يىللاپ بىرگە ياشىغان، كېيىن قانداقتۇر بىر
جىن-شايتۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىگە ۋاپاسىز-
لىق قىلغان بۇ ئەخمەق چوكان ئۈستىدىن ئۆز كۆڭلى-
دە كۈلگەندۇ، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەپتىگە، ئا-
جىز روھىي ھالىتىگە قاراپ ئېچىنغاندۇ... لېكىن، بۇنى-
سى مەن ئۈچۈن يەنىلا بىر خىل سىر ئىدى، خالاس.

ئارىنى تېۋدشىمىز جىمجىتلىق باستى.

— چىقان چىققان جاينى ئەلۋەتتە سىيىسىق دەپلا كېسىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىرەر كىشىنىڭ مەلۇم تەرىپىدىكى ئاجىزلىقىنى كۆرۈپلا، ئۇنى ھەممە كىشى «ئەسكى، ئەسكى» دەپ چەتكە قېقىۋەرسە بولمايدۇ-دە. ئۇنداقلارنى يەنە ياخشى يولغا مېڭىشقا، ئۈمىدۋارلىق بىلەن يېڭىچە ياشاشقا يېتەكلەش مۇمكىنغۇ ئاخىر...! ئەگەر زەينەپ يەكۈنلىگەن ئاچچىق-ساۋاقلىرىنى ئەستە مەھكەم ساقلىيالايدىغانلا بولسا، بىز ئۇنى يەنە ئارىمىزغا ئالىمىز، ئۇنى بەلكى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز. ئەگەر ئۇ بۇ بۇرۇختۇم خالتا كوچىدا قايتا ماڭمىسىلا... دېدىم مەن ئۇنىڭغا قايرىلىپ.

— زەينەپ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن بويىنۇمنى قۇچاقلاپ:

قارمۇ ئاسماندىن چۈشكەندە ئاپئاق چۈشىدۇ، لېكىن، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇنى دەسسەپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەن بىلمەيمەن، ئەسلىدە مەنمۇ بىر پاك بەندە ئىدىم. بىراق، تۇرمۇش كۆز قارىشىم توغرا بولمىغانلىقى، «ياشلىق»، «بەخت» دېگەنلەرنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەنلىكىمدىن، «ياشلىق»، «مەدەنىيەت» دەپ مانا ھازىرقىدەك كۆلگە قالدىم. بۇ ھەسرەتلىك يالداما پۈتۈن ئۆمرۈمگە تېتىغۇدەك بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى تىقىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ. مەن بولسام ئادەمغۇ، ئاخىر...!

بۇ ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان يۈرەك سۆزى ئىدى.



**ئاپتور ھەققىدە:**

ئامىنە تۇردى 1947-يىلى خوتەن شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1964-يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ 1979-يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979-يىلدىن 1984-يىلغىچە «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولغان. 1984-يىلدىن ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئامىنە تۇردى 1961-يىلى ئېلان قىلغان «پارتىيەم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. نەسرى ئەسەر ئىجادىيىتىنى 1983-يىلى يازغان «نادامەت يالدامىسى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن باشلاپ «ئېزىنتقۇ»، «شەكىلسىز سېپىل» قاتارلىق ھېكايە ۋە «پۇشايمان»، «ھەسرەت» قاتارلىق درامىلارنى ئېلان قىلغان.

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە يازغان بىر قىسىم ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئامانگۇل مامۇت

# كېچىككەن سۆيگۈ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كېچىككەن سۆيگۈ

— نادىرە، سىزنىڭ خېتىڭىز...

ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن كېرىمنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، ئۇ قولىدىكى قېلىن بىر پارچە خەتنى ماڭا سۇندى. مەن خەتنى قولۇمغا ئېلىپ كۆزلىرىمنى پۇچۇركىمغا يۈگۈرتىشىم بىلەن يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك دۇپۇلدەپ ئاغزىمدىن «ھېكمەت» دېگەن پەريادلىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ خېتى ئىكەن-دە.

شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا ھېكمەتنىڭ مېنى بېكەتتە ئۇزىتىپ چىققان چاغدىكى ئۈمىدلىك كۆزلىرى نامايان بولدى.

ئىلگىرى مەن مۇشۇ كۆزلەر ئۈچۈن قانچە-قانچە كېچىلەرنى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ياش تۆككەن ئىدىم-ھە؟ ئاھ... خۇدا! ئۇنى نېمىشقا شۇنچە كېچىكىپ يولۇقتۇر-

فانىسەن، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئازابىنى تارتسۇن دەيمۇ، ئۇنداقتا مېنىڭ ياشلىقىم خاراب بولمامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟...

مەن خەتنى تۇتقىنىمچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدىم.

—نېمە بولدىڭىز نادىرە، بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز، قانداق خەتكەن ئۇ، سىزنى شۇنچە ئازابلىغان؟

مەن بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈردۈم، يېنىمدا كېرىم تۇراتتى، ئۆيدە كېرىمنىڭ بارلىقى ئەمدىلىكتە ئېسىمگە كەلدى.

— ئىلنۇردىن كەپتىمۇ؟ ئۆزىڭىزنى بۇنداق بىئارام قىلماڭ، — دېدى كېرىم مېھرىبانلىق بىلەن. مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ھازىرچە جاۋاب بېرەلمەيتتىم، شۇڭا ئۇنىڭغا:

— سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنى بىردەم يالغۇز قالدۇرسىڭىز...— دېدىم. كېرىم قېنىق دەملەنگەن بىر پىيالە چاينى ماڭا سۇنۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدىكىن تاڭ، ئۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. يۈرىكىمنى تۇتتۇم. ئۇ تەقدىر تەرىپىدىن مۇجۇۋېتىلگەن بەختسىز قىزلارنىڭ يۈرىكىدەك ئاجىز، ئەمما تەپتى كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتى بىلەن ياناتتى.

«بولدى نادىرە، ئۇنى ئۇنتۇغىن ....— دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە، — بىراق سۆيگۈ دېگەن زەرگەر ياسىدىغان بېزەك، كۆڭۈل دېگەن كۆيۈپلا ئۆچىدىغان تېزەك بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىن؟ ياق!..



ياق... ئەمدى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس!»

مەن خەتنى ئاچتىم، قوللىرىم گويا ئوت تۇتۇپ تۇرغاندەك بىلىندى.

## 1

«سالام قەدىرلىك نادىرە! ياخشىمۇسىز، تەتىل كۈنىڭىز مەنىلىك ئۆتۈۋاتامدۇ؟... مەن ئۇزاقتىن بېرى پىنھان تۇتۇپ كەلگەن قەلب سىرلىرىمنى بۈگۈن سىزگە ئېيتىش ئۈچۈن بۇ خېتىمنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. خېتىمنىڭ بېشىدىلا سىزنى (قەدىرلىك) دەپ ئاتىغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرەرسىز.

گەرچە ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولغان ۋاقتىمىز ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز بىر-بىرىمىزنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى خىيالىي كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ بولغان ئىدۇق.

نادىرە، ئەپۇ قىلىڭ، خېتىم يەنە تاققۇ-تۇققۇ جۈملىلەر بىلەن باشلىنىپ كەتتى، بۇنداق يازسام خېتىمدە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇندىن چەتنەپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

مەن بىلىم ئېلىش ئىستىكى بىلەن گۈزەل يۇرتۇمنى تاشلاپ، تىنچ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سىزنى ئۇچراتتىم. مەن سىزنىڭ خىيالچان قارا كۆزىڭىزدە ئۆز ئەكسىمنى كۆردۈم، بۇ كۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر ماڭا ھاياتلىقنىڭ قىممەتلىك مەنىلىرىنى ئۇقتۇرى-
دى، ئاھا... نەقەدەر ئەھمىيەتلىك مىنۇتلار ئىدى-ھە
ئۇ؟!...

مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئۆزۈمنى تۇنجى قېتىم بەختلىك
ھېس قىلغان چاغلىرىم سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ھېلىقى
شەنبە كۈنى سىزنىڭ قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدى-
دىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، نوتا يادلاۋاتقان تورقىڭىز-
نى كۆرۈش بولدى، يېنىمدىكى يىگىتلەر سىزنىڭ تەڭ-
داشسىز گۈزەل چېھرىڭىزگە قاراپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ
تۇرۇپلا قېلىشتى. سىز بىزگە «يالت» قىلىپ قارىدىڭىز،
شۇ چاغدا يېنىمدىكى دوستۇم ۋەلى سىزنى كۆرسىتىپ:
— بۇنداق قىزلار ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، چۈنـ
كى ئەلمىساقتىن تارتىپ گۈزەللەردىن تالانتلىقلار ئاز
چىققان، نۇرغۇن گۈزەللەرنىڭ بىلىمىسىز، پەس ئارزۇ-
ھەۋەسلەردىن خالى بولالمايدىغان ئەرزىمەس ئىكەنلى-
كىنى ئۇچراتقان ئىدىم. بىراق بۇ نادىرە يازغان بەزى
لىرىك شېئىرلارنى خېلى داڭلىق شائىرلارمۇ يازالمايدۇ،
مەن ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ
كامالەتكە يەتكەن گۈزەل، — دېدى.
ئادەملەرگە، بولۇپمۇ قىزلارغا تەلەپچان يۇقىرى
قويىدىغان ياش ئوقۇتقۇچى ۋەلىنىڭ سىزگە شۇ قەدەر
يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىگە ھەيران بولدۇم، شۇنىڭ بى-
لەن سىزگە، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش روھىڭىزغا بىر-
دىنلا قىزىقىپ قالدىم. كۆزلىرىڭىز ماڭا يات ئەمەس
ئىدى. مەن تاكى شۇ كۈنگىچە خىيالىي دۇنيايىمدا يا-



رىتىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-
گەن بۇ بىر جۈپ گۈزەل كۆزدىن ئۆز بەختىمنى كۆ-
رۈشكە باشلىدىم.
ئاھ...! مەن يىگىرمە تۆت يىللىق ھاياتىمدا مۇشۇ
كۆزلەرنى، مۇشۇنداق قەلب ئىگىسىنى ئىزلەپ يۈرگەن.
ئەمەسمىدىم؟... ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرى-
لەۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەرىزاتنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ
شۇنچىلىك سېخىيلىق بىلەن ماڭا يولۇقتۇرغىنى ئۈچۈن،
تەقدىرگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايتتىم.
مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلار بىلەن تونۇش-
تىم، سىرداشقان بولسامۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ پە-
قەت ئائىلە ئۈچۈنلا ياشايدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ
پۇلى كۆپ، كىيىشكەن يىگىت ئىزلەپ يۈرۈشى بىر يەرگە
بېرىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇچراتقان ئىدىم. بىراق ئۇنداق-
لارنىڭ ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى سې-
زەتتىم، ئۇنداق قىزلار مېنىڭ نەزەرىمدە ھامان ئەر-
زىمەس قىزلار ئىدى. مەن گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن
ياشايدىغان، ئىلىمگە بېرىلگەن سىزدەك بىر قىزنىڭ
ماڭا نېسىپ بولۇشىنى كۈتكەن ۋە ئارزۇ قىلغان ئىدىم.
شۇڭا سىزنى ئۇچراتقان كۈنىمدىن باشلاپ ھاياتلىق
ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ياشلىق ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممى-
تىنى، كەلگۈسى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ماڭا نامايان
قىلغاندەك بولدى. مەن خۇشاللىق ۋە ئازاب ئىچىدە
تېڭىرقاپ قالدىم، كۆزلىرىم دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ
كەتكەن كىتابلار ۋە رەسىم سىزىش تاختىلىرىدىن ۋا-

قىتلىق زېرىكىشكە باشلىدى. ھەر دائىم ئىككىمىزنىڭ كەل
گۈسى ھاياتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، چۈنكى كەل
گۈسى بىز ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل ئىدى. كەلگۈسىدە
مەن مەشھۇر رەسساملەرنى سىزىپ، قەھرىمان ئەجدادلى
رىمىزنىڭ مۇنارىنى تىكلەيمەن، ئەۋلادلار ئۇنى يادى
ئېتىپ، مۇھەببەت بىلەن ئەسلىشىدۇ. سىز بولسىڭىز
يۈرەككە ئارام بەخش ئەتكۈچى نادىر شېئىرلىرىڭىزنى
خەلقىمگە سوۋغا قىلىپ ئىنتىزار يۈرەكلەرنىڭ تەشنا
لىقىنى قاندۇرىسىز...

نادىرە سىزنى ئويلىسام چىن مۇھەببەت دۇنياسى
دىكى يىمىرىلمەس بىر سىما كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، بۇ
سىما چىن مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى، چىن ۋاپادارلىقنىڭ
نامايەندىسى بولىدۇ...

سۆيۈملۈك نادىرە، يوشۇرماي دەۋېرەي، مەن شۇ
كۈندىن باشلاپ سىزنى پات-پات كۆرۈشنى، ئاۋازىڭىز-
نى ئاڭلاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.
گەرچە بىزنىڭ ياتاق بىنايىمىز سىلەرنىڭكىدىن خېلى
يىراق بولسىمۇ، مەن كۈندە بىرقانچە قېتىم شۇ بىنا
تەرەپكە ئۆتەتتىم، بىراق سىزنى كۆرەلمەيتتىم. كېيىن
كى ئۈچ ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما شۇ
جەرياندا بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم.

ھېلىمۇ ياخشى گېزىت - ژۇرناللاردىن سىزنىڭ
شېئىرلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بول
دۇم. بۇ ھال مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ
تېخىمۇ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. شۇنداق كۈن



لەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ سىنىپتىكىلەر ماي بايرىمىنى
تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆكئۆل ئېچىش كېچە-
لىكى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا
سىنىپ باشلىقىمىز ماڭا:

— ھېكمەت، ئەتىكى كۆكئۆل ئېچىش كېچىلىكىدە
سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، يېقىن دوستلىرىڭ بولغىنىدا
تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇما، — دېدى.

بىلەمسىز نادىرە، ئاشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئەڭ
يېقىن ئادىمىم سىز ئىدىڭىز، مەن پەقەت سىزنىلا تەك-
لىپ قىلىشنى خالايتتىم. شۇڭا ئاشۇ ئويۇن باشلىنىش-
تىن ئىلگىرى سىزنىڭ ياتاق بىنايىڭىزنىڭ ئالدىغا
باردىم. ھاۋارەڭ سىرلانغان، ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن
دېرىزىدىن سىزنى كۆردۈم. قىپقىزىل كۆڭلەكتىن كۆ-
رۈنۈپ تۇرغان زىبۇ - زىننەتسىز، ئاق مەرمەردەك
نازۇك بويۇنغا چېچىلىپ ياتقان تۇم قارا چاچلارنى
كۆردۈم. نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان ئىكەنسىز. يېشىل
تاشلىق خاتىرە ئۈستىدە قەلەم تۇلپارىڭىز ئەركىن
چاپاتتى، مەن پەقەت ئەينەك رامكىلارغىلا ئېلىپ قو-
يۇلىدىغان بۇ پەرىزاتنىڭ قەلەم تۇتۇپ خەت يېزى-
ۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىدىم، بىراق ھەرقانچە قىلسام-
مۇ بۇ بەربىر سىز ئىدىڭىز. نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلى-
قىڭىزنى بىلەلمىدىم. بىراق مېنىڭ كۆكئۆل خاتىرەم-
نىڭ شۇ كۈندىكى بەتلىرى سىزگە بولغان تۇنجى ساپ
مۇھەببەت ئۇنچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇزاق
ئۆتمەي سىز دېرىزىدىن غايىب بولدىڭىز، مەن شۇ ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋارەك سىرلانغان دېرىزىگە قادىچە ئۇزاق باققانلى-
قىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت ئارقامدىن كەلگەن
يىرەيلەننىڭ دولامغا ئۇرۇپ:
— ھېكمەت. ئويۇن باشلىنىپ كەتتى... يەن-
نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ سېنى ئىزلەپ مەكتەپ ئىچى-
نى بىر ئايلىنىپ چىقىپتىمەن،— دېگەن سۆزلىرىدىن
كېيىن ئۆزۈمنىڭ تېخىچە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئال-
دىدا تۇرغانلىقىمنى سەزدىم.
زالغا كىرگىنىمدە ھەممە يەلەن يىغىلىپ بولغان
ئىكەن. قىممەتلىك نادىرە! يوشۇرمايمەن شۇ بىر كۈن
ھەڭگۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئويۇن باشلىناي دەپ تۇ-
رۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ غۇنچە بوي، ئۇچىسىغا ئاق
نېپىز زەرلىك كۆڭلەك كىيگەن بىر پەرى كىرىپ كەل-
دى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن زالدىكى ياش-
لارلا ئەمەس بەلكى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىختى-
يارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. بۇ پەرى سىز
ئىدىڭىز. شۇ چاغدا ئارقىڭىزدىن سىزنىڭ ياتاقداشىڭىز
ماھىرەمۇ كىرىپ كەلدى. زالدىكىلەر بۇ ئوخشاشلىققا
قاراپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. بىلمىدىم ئۇ قىزمۇ
نېمىشقا سىزگە ئوخشاش كىيىنىۋالدىكىن...؟ شۇ مە-
نۇتتا سىز زالدىكىلەرگە چىرايلىق بىر ھۆرمەت قايە-
تۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىن ماڭا ئوتلۇق نەزەر بىلەن
باقتىڭىز. شۇ چاغدا مۇھەببەت، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش
ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىرادىلىك قاراشلار ئالدىدا
مېنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىم تەسلىم بولدى. پۈتۈن



ھېدنىم تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان شېرىن
بىر ھوشسىزلاندۇرغۇچى لەززەتكە چۆمدى. شۇ مىنۇتتا
ئېرشات بىزگە بۇ كېچىلىكتە قاتناشقانلارنى بىر-
بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ نۆۋەت سىزگە كەلگەندە:
— بۇ قىزنىڭ ئىسمى نادىرە، ئۆزى شائىرە...
دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىز ۋىللىدە قىزاردىڭىز.
ئاھ... نادىرە! سىزنىڭ شۇ تۇرقىڭىزنى تولۇق
ئىپادىلەشكە بەكمۇ ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. سىزنىڭ شۇ
تۇرقىڭىز بىپايان ئاپئاق دالىدىكى قىزىل گۈل، قىزىل
چوغلۇق ئىدى. بىراق مەن سىزگە تۈزۈككىنە قارىيال-
مىدىم. بىر ئازدىن كېيىن كۆپچىلىك مېنى گىتار چې-
لىپ ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلدى.
مەن ناخشا ئېيتالىغۇدەك ئەمەس ئىدىم، شۇڭا
ئەلەڭگىدۇر قېچىپ كەتكىم كېلەتتى، مەن ناھايىتى
خىجىل بولۇپ سىزگە قارىدىم، سىز ماڭا جاۋابەن:
«ئېيتىڭ...» دېگەندەك ئوتلۇق كۆزلىرىڭىز بىلەن باق-
تىڭىز. مەن شۇ كۆزلەرنىڭ مېھرى كۈچى بىلەن ئاۋا-
زىمنى بولۇشىغا چىقىرىپ «سۆيگۈ ناخشىسى»نى پۈتۈن
ۋۇجۇدۇم بىلەن ئېيتتىم. كېيىن تانسا باشلاندى. كۆز-
لىرىم باشقۇرۇشۇمغا كۆنمەي پات - پات سىز تەرەپكە
كېتەتتى، شۇ چاغدا سىزنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشى
تانسىغا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ بىرى ۋەلى مۇئەللىم،
يەنە بىرى ئېرشات ئىدى. سىز بۇنداق بولۇشىنى
زادىلا ئويلاپ باقمىغاندەك لالىرەك لەۋلىرىڭىزنى سەل

پۈرۈپ ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز - دە، ۋەلى مۇئەللىم بىلەن
تانسىغا چۈشتىڭىز.

راست سىز تولىمۇ گۈزەل ئىدىڭىز، زالدىكى ئېر-
شاتتەك بەزى يىگىتلەر سىزگە ئاچ، شەھۋانە كۆزلە-
رى بىلەن قارىشاتتى. بەزى يىگىتلەرنىڭ سىزنىڭ
ئەقىل - پاراستىڭىز، گۈزەللىكىڭىز ۋە سىز بىلەن
تانسا ئويناشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سۆز-
لىرى ئىختىيارسىز قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. بەزى قىز-
لار سىزگە ھەسەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھەسەت ئۇچقۇن-
لىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈشتە سىزگە
دوستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى
سېزىپ تۇراتتىم. شۇ چاغدا سىز تانسا ئويناۋېتىپ ماڭا
مىننەتدارلىق كۆزلىرىڭىز بىلەن باقتىڭىز.

«تانسىدىن مىننەتدارمۇ؟ ناخشىدىنمۇ؟» دېگەن
سوئال كاللامغا كېلىپ قالدى، مەن ھەرقانچە قى-
لىپمۇ مۇشۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدىم. كېيىن مەن
سىز بىلەن تانسا ئويناش قارارىغا كەلدىم. نادىرە،
بىلەمسىز، مېنىڭ ھېچقانداق قىزلارنىڭ ئالدىدا ئىگىل-
مەس قەددىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا، سىز پەرىشتەمنىڭ
ئالدىدا يادەك ئىگىلدى. سىزنىڭ ھېلىقى ئوتلۇق قارى-
شىڭىز ماڭا يەنە كۈچ - قەۋۋەت بېغىشلىدى. مەن
غەيرەتكە كەلدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىزنى
تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. تانسا ئويناۋېتىپ ئالقانلى-
رىم ئارىسىدىكى قاردەك ئاپئاق، مايسىدەك نازۇك ۋە
يۇمران بارماقلىرىڭىزنىڭ سەل - پەل تىترەۋاتقانلىقىنى



سېزىپ قالدىم، ماڭا تۇرۇلۇۋاتقان ساپ تىنىقىڭىز
كۆزلىرىمدە ياش، ۋۇجۇدۇمدا ئىششىق ئوتى ۋە سېغىن-
نىش پەيدا قىلدى، ھەربىر پىرقىرىغىنىڭىزدا قۇندۇز
چاچلىرىڭىز مېنىڭ ئاتەش يېنىپ تۇرغان يۈزلىرىمنى
سىلايتتى. مەن كۆزىڭىزگە ئۇدۇل قارىيالمايتتىم. گۈ-
زەل لاتاپەتلىك قىزلار نازۇك تەبىئەتلىك كېلىدۇ،
مۇھەببەت تولىمۇ نازۇك نەرسە، بارماقلىرىڭىز تېخى-
چە بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، مەن بۇلارنى سې-
زىپ: «نادىرەگە نېمە بولغاندۇ؟... ئۇمۇ ياكى بىرىگە...»
دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا مۇھەببەت ئىلاھى يېنىمغا
كېلىپ: (ھېكمەت. قەلب سىرىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتقىن...
قاچانغىچە ئۆزۈڭنى قىيناپ يۈرىسەن؟...) دەپ پىچىر-
لاۋاتقاندەك بولدى. مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاش
ئۈچۈنلا:

— ئىسمىڭىز نادىرەمۇ؟— دېيەلىدىم.

— ھەئە، نادىرە، — دېدىڭىز پەس يېقىملىق
ئاۋازدا. ئاخىر تانسا ئاياغلاشتى، مەن سىزنى يا-
تىقىڭىزغىچە ئاپىرىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدىم.
سىزمۇ خۇددى شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەندەك دەرھال
رازىلىق بىلدۈردىڭىز. بىز ئۈن - تىنسىز ئاستا بىر-
گە ماڭدۇق. گەرچە بىز پاراڭلاشمىساقمۇ ھەر ئىككى-
مىز كۆڭلىمىزدە بىر - بىرىمىزنى خىيال قىلىپ كېتىپ
باراتتۇق. مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا ئەسلا
پېتىنالمايتتىم. سىز بىر چاغدا:

— ھېكمەت، رەسىمگە قىزىقىدىكەنسىز شۇنداقمۇ؟

سىزنىڭ رەسىملىرىڭىزدە چوڭقۇر بەدىئىي تەپەككۇر، لىرىك ھېسسىيات بار ئىكەن، — دېدىڭىز. ئاۋازىڭىز تو لىمۇ يېقىملىق چىقاتتى، مەن سۆزلىرىڭىزدىن ھەيران بولۇپ:

— سىز مەن سىزنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپتىكەن سىز - دە، دېدىم. سىز سۆزۈمگە جاۋاب بەرمەي يى راق - يىراقلارغا قارىدىڭىز، ئاندىن قاپقارا، بوستان دەك كىرپىكلىرىڭىزنىڭ ھىمايىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلى رىڭىز بىلەن ماڭا باقتىڭىز. بۇ، ئادەمنى مەھلىيا قىل غۇچى گۈزەل كۆزلەردىن (خېلى بۇرۇنلا كۆرگەنمەن) دېگەن جاۋابنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىراق نادىرە سىزنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزلىرىڭىز ئىرادىلىك، ئەمما غەمكىن ئىدى. سىز شۇ كىچە ماڭا تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدىڭىز. يولدا كېتىۋېتىپ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچىلار، رەسساملار، شائىرلار ھەققىدە سۆزلىدىڭىز، مەن سىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىزگە قايىل بولدۇم. سىز بىزدىنلا قەدىمىڭىزنى توختاتتىڭىز، دېمەك بىز ياتىقىڭىز ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق. مەن بولسام بۇ شېرىن سۆھبەتنىڭ ئاخىرلاشماسلىقىنى، كېچىچە يېنىڭىزدا تۇرۇپ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى، ئىللىق شامالدا لەرزان يەلپۈنگەن قاپقارا قوڭۇر چاچلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق سىز غەمكىنلىكنى يوشۇرۇپ مەجبۇرىي كۈلۈمسىرەۋاتقان قايغۇ ئىچىدىكى كۆزلىرىڭىز بىلەن ماڭا قاراپ:



— خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — دېدىڭىز.

مەن ئىلاجسىزلىقتىن بېشىمنى لىڭشىتقىنىمچە سىز كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر ئارقىڭىزدىن قاراپ تۇردۇم. شۇ كېچە پۈتۈنلەي سىز توغرىلىق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. چۈنكى، سىز مېنىڭ غايەمدىكى قىز بولۇپ چىقتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى رەسىمگە بېغىشلىغان مەندەك مەجنۇننىڭ قەلبىدە نادىرە ئىسىملىك بىر لەيلى ياشاپ قالدى.

بىز شۇنىڭدىن كېيىن تاكى كانىكۇلغىچە پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈشتۇق. مەن سىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ، سىز شېئىرىڭىزنى ئوتلۇق دېكلىماتسىيە قىلغانغا ئوخشاش، مەنمۇ سىزنىڭ شۇ چىرايلىق ئىسمىڭىزنى كۈندە مىڭ مەرتىۋە تەكرارلايتتىم.

ئاھ!... قىممەتلىك نادىرە، بۇ دۇنيادا مەن ھەققىي ياخشى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان سىزدىن باشقا ئىككىنچى بىر قىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇ؟...

نادىرە... مېنىڭ نادىرەم...! مەن مۇھەببەتتىن ئايرىلالمايمەن، كىشىلەر ئاشىقلاردىن ئالىم چىقمىش تەس دېيىشىدۇ، مېنىڭچە بۇ يالغان. ئەگەر سىزمۇ شۇنداق قارىسىڭىز، پولشالىق ئۇلۇغ ئالىم كيۇرى خانىم مەن ئۈچۈن ئادىل سۆزلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

نادىرە، قىزىق پاراڭلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلۇغ ئالىملارمۇ تازا كامالەتكە يەتكەن چاغلىرىدا قىزلارغا كۆيۈپ قالىدىغۇ؟... ئۇلۇغ يازغۇچىلار-

دىن تولستوي، شېكسپىر، گېيوگو، گېيوتېلارمۇ ئۆز
ھاياتىدا شەخسىي مۇھەببەت ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت-
لىرىنى سەرپ قىلغان ئىكەنغۇ؟ ئىنسان بار ئىكەن مۇ-
ھەببەت بولىدۇ، ئىنسان ئۈچۈن مۇھەببەت يۈكسەك
قەدىر - قىممەتكە ئىگە.

سىزنى ئۇزاتقىلى بىر ئاي بولدى. مانا خەتنى
يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سىز بىلەن خوشلاشقان
ئازابلىق مىنۇتلار كۆز ئالدىمدا ئېنىق گەۋدىلەندى.
گەرچە سىز مېنىڭ سىزنى ئۇزىتىپ چىقىشىمنى رەت
قىلغان بولسىڭىزمۇ، مەن سىزنى غايىبانە ئۇزاتتىم.
مەن سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇراتتىم.

سىز ئاپتوموبىلغا چىقتىڭىز. ئاپتوموبىل ئورنىدىن
قوزغىلىشى بىلەن سىزنى ئۇزىتىپ چىققان تالاي كۆز-
لەر ئارىسىدىن يەنە بىر جۈپ كۆزنى ئىزدىدىڭىز،
ئاخىر تاپالمىغاندىن كېيىن كۆز ياشلىرىڭىزنى ئۇلار-
دىن يوشۇرۇپ بىپايان دالىغا قارىۋالدىڭىز، مېنىڭ
سىزنى ئۇزىتىپ تۇرغان يۈرىكىم ئايرىلىشنىڭ چىدىغۇ-
سىز ۋە دەھشەتلىك ئازابى بىلەن مۇجۇلماقتا ئىدى.
مەن ئىچىمدە: (خوش مېنىڭ پەرىيىم، سەن قەلبىم-
نىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتىڭ... سېنى ئاللاغا تاپشۇر-
دۇم...) دەپ ئاستا شىۋىرلىدىم.

سۆيۈملۈك نادىرە، سىز بىلەن بىرگە ئۆتكەن
كۈنلەر، سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ گۈزەل رۇخسارى-
ڭىزنى تاماشا قىلغان شۇ قىممەتلىك مەكتەپ ھا-
ياتى نەقەدەر شېرىن - ھە!... ئۇنىڭ خىيالى مەن-



زىلىرى ئېيتمىدىگەن گۈزەل ۋە قەدىرلىك. بۈگۈنكى-
دەك ئايرىلىش ئازابىدىن تولغىنىپ ياتىدىغان تاڭ
ئاتماس كېچىلەر نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە! مەن
مۇشۇنداق ئازابلىق كېچىلەردە يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ
سىز ئۈچۈن يازغان:

تەنها يۇلتۇزسەن قەلبىم كۆكىدە،
سۆيگۈگە باغلانغان ئەسىرمەن غەمكىن.
ئۇيقۇمدا - چۈشۈمدە گويا پەرىدەك،
ئالدىمدا نامايان بولىسەن تەمكىن...

دېگەن شېئىرىمنى ئىچىمدە ئاستا يانىدۇرۇپ ئوقۇغى-
نىمدا كۆڭلۈم بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولىدۇ.

نادىرە، مەن سىزدىن ئايرىلغان مۇشۇ بىر ئاي
ئىچىدە سىزنىڭ بەش پارچە رەسىمىڭىزنى سىزىپ چىق-
تىم. ئالدىنقى كۈنى شاڭخەي گۈزەل - سەنئەت شۆ-
بىسىدىن كەلگەن ئاتاقلىق رەسسام جاڭ مېنىڭ سىز-
غان رەسىملىرىم ئىچىدە سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى تاللاپ،
چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىدىغان مەشھۇر ماي بوياق رە-
سىملەر تىزىملىكىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا مەن
قوشۇلمىدىم. چۈنكى بۇ رەسىملەر ماڭا بىردىنبىر
ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نازۇك تۇيغۇلار
مېنىڭ قان - تومۇرلىرىمغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىدى.
مەن بۇ كۆزلەردىكى غەمكىنلىكنىڭ سىرىنى بىلىشكە
تىرىشاتتىم. بۇ كۆزلەرگە ھەر بىر قارىسام ئازابلى-
نىمەن.

يەنە بىر ئىش مېنى بىئارام قىلىپ چوڭقۇر ئوي-

غا سالدۇ. سىز نېمىشقا باشقا قىزلاردەك مەكتەپتىن ئۇيۇشتۇرغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشماي يالغۇز يۈرىسىز؟ نېمىشقا كۈن - كۈنلەپ خىيال بىلەنلا ياشايسىز؟ يالغۇزلۇق سىزنى ئازابلىمامدۇ؟ خىيال بىلەنلا ياشاشنىڭ سىرى نېمە؟ نېمىشقا كۆپ ۋاقىتلاردا مەن بىلەن ئۇچراشماسلىقنى ئۈمىد قىلىسىز؟ گەرچە ھەرىكىتىڭىز، ئەتەي شۇنداق بولسىمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن يارىتىلغان كۆزلىرىڭىز بۇنى ماڭا دائىم ئاشكارىلاپ قويىدىغۇ. نادىرە، مەن بۇ غەمكىن قارا كۆزلەردىن، يۈرىكىڭىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نۇرغۇن سىرلارنى سېزىپ قالساممۇ، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەشكە تىرىشقان لالىدەك لەۋلەردىن ھەممىنى بىلىشكە تىرىشساممۇ نۇرغۇن سوئاللىرىمغا ئېغىر خۇرسىنىش، ھەسرەتلىك كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇردىڭىز. مەن مۇشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان سېغىنىشلىق تەتىل كۈنلىرى، (نادىرە ئانا دىيارىنىڭ ھايات بەخش باغلىرىدا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ غەمكىن قارا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، خىيالغا غەرق بولغۇچى شۇ پەرىشتەم بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشەلەرمەنمۇ) دەپ ئويلىدىم. بۇ خىياللار مېنى كۈنۈ - تۈن ئازابلىماقتا... پات ئارىدا قايتا يۈز كۆرۈشكىنىمىزدە، تېخىچە بىر - بىرىمىزگە دېمىگەن گەپلىرىمىزنى دېيىشەرمىز. بۇ دۇنيادا پەقەت ئىككىمىزلا بىر - بىرىمىز ئۈچۈن يارالغان. ئەگەر سىز مېنىڭ مۇشۇ يالقۇنجاپ تۇرغان پاك، سەبىي مۇھەببىتىمنى يەردە قويمىسىڭىز، بىز بىر-



لىكتە گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قول تۇتۇشۇپ ئىشلىسەك، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتىم.

كېچىلەردە يارنى ئويلاپ،
ئويقۇدىن بىزارىمەن.
سالىمىمنى يەتكۈزەمسەن،
ئەي سابا يارىمغا سەن...

خەير - خوش، جاۋابىڭىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ھېكمەت».

مەن خەتنى ناھايىتى تەسلىكتە ئوقۇپ تۈگەتتىم... كۆز ياشلىرىم بىلەن بويالغان بەتلەرنى قايتا كۆرۈشىمۇ قىيىن ئىدى. ھېكمەتنىڭ خېتىگە جاۋاب بېرىشىم تولىمۇ قىيىن تۇيۇلماقتا، سەۋەبى ئۇنىڭ خېتىگە جاۋاب يېزىش ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرىنى يەنە بىر مەرتىۋە ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ. قانداق قىلاي؟ ئۈنسىز دەرد يۈرىكىمنى قاماللاپ مېنى نەپەس ئالغىلى قويماۋاتىدۇ. مەن يىغلىدىم، تولغاندىم، خۇددى يېتىم قىز كەلگۈسىدىكى بەختسىز تەقدىرى ئۈچۈن ئازابلانغاندەك، بۇ ياشلار كۆزلىرىمدىن ئەمەس يۈرىكىمدىن تۆكۈلدى.

مەن ھېكمەتنىڭ خېتىگە جاۋاب يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ياشلىق دەۋرىمنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىز خاتىرىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەشكە تىرىشتىم.

2

«سالام قىممەتلىك ھېكمەت! ياخشىمۇ سىز؟ مەن
سىزگە نېمە دەپ يازاي؟ مەن سىزنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەب-
بەت بىلەن يېزىلغان سۆيگۈ خېتىڭىزگە بېشىمنى تۆ-
ۋەن سالغان ھالدا: بىز ئەمدى كېچىكتۇق، تولىمۇ كې-
چىكتۇق. كەلگۈسىگە ئىشەنمەسلىك مېنى مۇشۇنداق
جازالىدى، دەيمۇ؟...

ياق، ياق ھېكمەت!

ھامىنى يازغاندىكىن تەپسىلىي يازاي. شۇنداق،
خەتتىكى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىشىم كېرەك. چۈن-
كى سىز ھەممىنى بىلىشنى خالايسىز. ھەممىنى يېزىش
ماڭا تولىمۇ ئېغىر بولسىمۇ چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن
ئادىمىمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويالمايمەن.

ھېكمەت، مەن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيت-
تىم. مەن ئۇنى چۆچەكلەردىن، ئوقۇغان كىتابلاردىن
ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر بەختسىز قىز ئىدىم. مېنىڭ
ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقىم سىزگە، سىز بىلەن
ئۇچراشقان مەكتىپىمىزنىڭ شۇ گۈلزارلىق باغلىرىغا
باغلانغان ئىدى. شۇ مىنۇتلاردا كىشىنى ھاياجانغا سال-
غان بارلىق يالقۇنلۇق سېزىملار مېنىڭ يۈرىكىمگە مۇ-
جەسسەم بولغاندەك. شۇ تاپتا مېنىڭ قەلبىمدە شادىيان-
لىق بىلەن قايغۇ - ھەسرەت، ۋىسال شادلىقى بىلەن
ھىجران ئازابى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بول-
سىمۇ، سىزگە بولغان تۈنجى سۆيگۈ يەنىلا ئۈستۈنلۈك



نى ئىگىلەشكە باشلىدى.

مەن يۈرىكىمگە تۈنجى مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاش-
تۇرغان، قەلبىمنىڭ مەڭگۈلۈك سىرىغا ئايلانغان شۇ
قىممەتلىك مەكتەپ ھاياتىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇ-
رىمەن. مەن ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىغان، چارچىغان،
ئىرادەم بوشىشىپ قالغان چاغلىرىمدا، كىشىگە ھۇزۇر بې-
غىشلايدىغان شۇ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ قۇدرىتى بە-
لەن ئۆزۈمنى ئۈمىدۋار، كۈچلۈك ھېسابلايمەن. كۆزلە-
رىمنى كەلگۈسىنى كۆرۈشكە ئۆگىتىمەن.

قىممەتلىك ھېكمەت، مېنىڭ كىچىك چاغلىرىم
بۆشۈك تەۋرىتىش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. مەنمۇ قوش-
نىمىزنىڭ بەختلىك باللىرىدەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش-
نى ئارزۇ قىلاتتىم. كىچىككىنە قەلبىمدە مۇشۇ تۆت
تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي بۆشۈك تەۋرىتىشكە قارىتا
بىر خىل قارشىلىق پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-
ئانامنىمۇ تۇيدۇرماي قوشنىمىزنىڭ قىزى بىلەن مەك-
تەپكە قېچىپ كەتتىم. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى بىر جۈم-
لە سۆزى ھازىرقىدەك قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلايدۇ. كەچ-
قۇرۇن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم دادام ماڭا:

— قىز بالا دېگەن ھامان قازان بېشىنىڭ ئادى-
مى. ئەتىدىن باشلاپ يەنە مەكتەپكە بارىدىغان بول-
ساڭ كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن،— دېدى. مېنىڭ مەك-
تەپتە ئوقۇشۇم ئۈچۈن دادام بىرىنچى بولۇپ قارشى
چىقتى. تەلىيىمگە دوستۇم ئېلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىز-
نىڭ ئائىلىگە خىزمەت ئىشلەپ مېنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە

قىلدى. مەن ئوقۇش ھاياتىمنى قەدىرلىدىم. ياخشى ئوقۇپ ئۇستازلىرىمنى قايىل قىلدىم، بىراق تەرسا دادامنىڭ (قىز بالا ھامان قازان بېشىنىڭ ئادىمى...) دېگەن سۆزى مېنى ئازابلايتتى. لېكىن بۇ سۆز مېنى غەيرەتكە كەلتۈردى. مەن تىرىشتىم، تىرماشتىم، مېنىڭ شۇ چاغدا يازغان «ياشلىق»، «گۈلگە قاراپ، نالىلىق شېئىرلىرىم»، «ئوقۇتقۇچۇمنى ئەسلەپ» ناملىق نەسىرىم مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ھېكمەت! شۇ بالىلىق، غەمسىز بالىلىق دەۋرىمىز ئەجەب ياخشى چاغلار ئىدى - ھە! سىزمۇ ئاشۇ غەمسىز ياشىغان بالىلىق چاغلىرىڭىزنى خۇددى ماڭا ئوخشاشلا پات - پات ئەسلەپ تۇرامسىز؟... مەن شۇ گۈزەل بالىلىق چاغلىرىمدا ئىلىمنىڭ سىر - ھېكمىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ناھايىتى لەززەتلىك بىر تۇيغۇ بىلەن ھېس قىلاتتىم. مەن رەسىمگە قىزىقاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى بىر پار-چە گۈزەل رەسىم ئىدى. ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن مېڭە، كۆرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈر كۆز كېرەك ئىدى. مەن تە-بىئەتنىڭ ھېچكىم ھېس قىلمىغان ئەڭ گۈزەل تەرەپ-لىرىنى ھېس قىلىشقا، شېئىرىم ئارقىلىق ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشاتتىم. مەكتەپنىڭ ئازادە مەيدانلى-رىغا چىقىپ پوشكىن ۋە بايرون شېئىرلىرىنى يادا ئالاتتىم. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يەنىلا لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى بولدى.



قىممەتلىك ھېكمەت، مەن بالىلىق چاغلىرىمنى ئېزىقتۇرۇپ (سىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭىز نەلەردە ئۆت-كەن بولغىيدى، بىز نېمىشقا شۇ چاغدىلا ئۇچرىشالمى-دۇق؟ نېمىشقا شۇ چاغدىلا دوست بولۇپ كەلگۈسى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشالمىدۇق) دەپ سورىغۇم كېلىدۇ. مەن مۇشۇلارنى ئويلىسام ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنىمەن.

مەن قىز بالا بولۇشۇمغا قارىماي شۇ چاغدىكى شوخلۇقۇم، كەپسىزلىكىم بىلەنمۇ دەرسلەردە ھەممە سا-ۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ماڭاتتىم. ھەر ھەپتىدە ئون نەچچە كۇپلېت شېئىر يادلاشنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىل-غان ئىدىم. دادام ھەر دائىم مېنىڭ شېئىر يادلاۋات-قىنىمنى كۆرۈپ:

— بۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، بۇ بالىلار جان بېقىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، بىزدىن كېيىن قالسا قان-داقمۇ قىلار، ھەر يەكشەنبىنى قولدىن بەرمەي ئوقەت قىلسا بولاتتى، — دەپ زارلىناتتى. دادامنىڭ نەزەرىدە ھەرقانداق نەرسە مال - دۇنيا، پۇلنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى.

مەن بالىلىق چاغلىرىمنى دوستۇم ئىلنۇر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۇم. ئىككىمىز كۆپ ھاللاردا كەلگۈسى توغرىلىق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. بىزنىڭ بىرىنچى ئارزۇيىمىز ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىدى. مەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچكەن ئىدىم. ئىلنۇر بولسا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆت-كەن ئىدى. بىر كۈنى رەسىم سىزىپ ئولتۇرىشىمدا

ئەلنۇر يېنىمغا كېلىپ:
— قويغىنا، بىر دەم پاراڭلىشايلى، — دېدى.
— نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدىم، قەغەز، بوياق
قەلەملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇ-
رۇپ. ئۇ ئالدى بىلەن كۆزلىرىمگە چۈشۈۋالغان چاچـ
لىرىمنى ئارقىغا قايرىۋېتىپ:
— ماڭا بىرسى مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ، — دې-
گىنىچە ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى.
— كىم يېزىپتۇ؟ سەن نېمە دەپ جاۋاب بەر-
دىڭ؟ — سورىدىم مەن.
ئۇ بىردىنلا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، قوللىرى
بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرۇپ:
— ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم، — دېدى ھاياجان-
لىق ئاۋاز بىلەن.
— نېمىشقا؟ — دېدىم ھەيرانلىق بىلەن.
— ئۇنىڭ ئىسمى شۆھرەت. ئۇ يىگىتنىڭ ماڭا
ئۈچىنچى قېتىم تەلەپ قويۇشى، مەنمۇ ئۇنى ياقتۇ-
راتتىم. ھە راست ساڭىمۇ بىرقانچىسى تەلەپ قوي-
دىغۇ؟ ئۆزۈڭ نېمە دېدىڭ... — دەپ تۇيۇقسىزلا سو-
راپ قالدى ئۇ.
توغرا، يىگىتلەردىن بىرقانچىسى ماڭا تەلەپ
قويغان، مەن ئۇلارنىڭ خېتىنى كۆرمەستىنلا ئەركىن
مۇئەللىمگە بېرىپتىمەن، بىر كۈنى شۇ خەتنىڭ ئىگە-
لىرىدىن بىرى ماڭا:
— نادىرە، مەن سېنى مەكتىپىمىزدىكى قىزلار-



نىڭ سەرخىلى، ئادەملەر قەلبىنى پسىخولوگىيە ئالىمـ
لىرىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق
سەن تېخىچىلا بالا ئىكەنسەن، كېيىن چۈشىنىپ قالار-
سەن، دېگەن ئىدى. مەن ئەلنۇرغا شۇلارنى سۆزلەپ
بەردىم.
— راست ئەمەسمۇ؟ سەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن
بەكلا قاتتىق قول، — دېدى مېنى ئەيىبلىگەندەك قىـ
لىپ، دېمەسىمۇ مەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن رەھىمسىز،
سوغۇق ئىدىم. مەن مۇھەببەتنى بىلمەيتتىم، مېنىڭ
نەزەرىمدە مۇھەببەت ئەلنۇر بىلەن شۆھرەتتەك كەچـ
لىرى قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ سەيلىلەرگە
چىقىش، تانسىلارغا بىرگە بېرىش، بىر - بىرىنىڭ
تاشقى گۈزەللىكىگە زوقلىنىش... ۋەھاكازالار... بولۇشى
مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم.
بىلەمسىز قەدىرلىك ھېكمەت، سىزنىڭ ئوتلۇق
قارا كۆزىڭىز ماڭا سۆيگۈنى ئۆگەتتى. ئەسلى ھەقىـ
قىي مۇھەببەت ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئەلنۇر بىلەن
شۆھرەتنىڭكىدەك ئەمەس ئىكەن، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ مۇ-
ھەببىتى بۈيۈك كىشىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى
ئارقىدا تۇراتتى.
قىممەتلىك ھېكمەت، ئىنسان مۇھەببەتنى ھەقىـ
قىي چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلەيـ
دىكەن.
مەن شۇ كۈنلەردە سىزنى بىر ئۆمۈر سۆيەلمەيـ
دىغانلىقىمنى بىلگەن مىنۇتلىرىمدا قانچىلىك زابـ

لانغانلىقىمنى بىلمەيسىز، شۇ دەقىقىلەردە ھەر ئۇچراشقىنىمىزدا يۈرىكىم چەكسىز ئازاب ئىچىدە تېپىرلايتتى. كۆز ئالدىمدىكى بارلىق نەرسە سىزگە، سىزنىڭ شۇ جەسۇر قامىتىڭىزگە ئۆزگىرەتتى.

مەن ھەربىر ئۇچراشقىنىمىزدا يۈرىكىڭىزنى، چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ باققان قارا كۆزلىرىڭىز ئالدىدا جاۋابسىز يەرگە قارايتتىم.

قىممەتلىك ھېكمەت. سىزگە مۇنۇ خېتىمنى يېزىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكىمنىڭ باشلىنىشى بولغان ئۆتكەن بىر ئايلىرى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات لېكسىيىسىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى يېنىك ھەم تولىمۇ خۇشال ھېس قىلغان كۈنلىرىمنىڭ بىرسىدە، پەزىلەت مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ:

— نادىرە، تولىمۇ خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ؟ مەكتەپتىن ئايرىلىش، ئۇستازلىرىڭىزنى، ساۋاقداشلىرىڭىزنى تاشلاپ كېتىش سىزنى ئازابلىمامدۇ؟ — دېدى. مەن قاتتىق ھەيران بولۇپ:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز پەزىلەت مۇئەللىم، مەن ئالىي مەكتەپكە بارىدىغانغا يەنە بىر يىل بارغۇ؟ — دېدىم.

— خۇپسەنلىك قىلما نادىرە، ئوقۇشۇڭ كارامەت ياخشى ئىدى، ئېچىنارلىقى شۇ.... — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالدىم. مەن شۇنچە ئۆتۈنۈپ



سورىسام ئۇ يەنە:

— ئالدىرىما، كېيىن بىلىسەن، — دەپ ماڭا ھېچنەرسىنى ئېيتمىدى. مەن شۇ كۈنى ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئىشىك ئالدىدا بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى. ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. راست، ئۆيگە مېھمانلار كەلگەن ئىكەن. ئۆيدىكىلەر ئۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن قويمۇ سويۇپتۇ. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. قوي سويۇش بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى، شۇڭا بۈگۈنكى مېھمانلارنىڭ ھەقىقەتەن ئابرويلۇق مېھمانلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. كېيىن ھەممىنى ئۇقتۇم. دادام مېنى مەكتەپتىن ئايرىۋېلىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشقا چۈشۈش كۈنىنى بېكىتىپ بوپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ ئامەتتىن چەكسىز خۇشال بولغان بولسىمۇ، مەن مەكتەپتىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزۈم قىيماي ئىزتىراپ ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدۇم. مەن شۇ چاغدىلا پەزىلەت مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ھېكمەت، شۇنداق قىلىپ دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى سايىم ئاكا مېنى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن شۇندىن ئېتىبارەن كۈنۈمنى كىتابلار بىلەن سىرداش بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. مەن ئۇزاق ئۆتمەي ھىندىستان يازغۇچىسى كۇرشىن نانداننىڭ «بىر قىزغا مىڭ كۆز» ناملىق ئەسىرىنى كۆزلىرىم ياشلان-

غان ھالدا ئوقۇپ تۈگەتتىم. پاك سۆيگۈ، ھەق ـ
ئادالەت يولىدا ياشىغان ۋىجدانلىق سىكان قىزنىڭ
بەختسىز تەقدىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ ياش تۆ
كۆپ ئازابلاندىم. ئۆيدىكىلەر سايىم ئاكام بىلەن قۇ-
دىلاشماقچى بولۇپ، داستىخان چېيى ئۆتكۈزۈپ بوپتۇ.
تەقدىر نېمىشقا بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى ماڭا ھەدىيە
قىلدىكەن؟ قانداق قىلاي؟... مەن گەرچە ھەممە نېمە-
گە چىدىغان بولسامۇ، پەقەت بىرلا نەرسىگە زادىلا
چىدىيالمىدىم، ئۇ بولسىمۇ يېقىندا تۇرمۇشقا چىقىش
ئىدى. ئانام مېنىڭ تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق
ياشلىرىمغا قاراپ ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ دادامغا:
— دادىسى، بىچارە نادىرەگە ئىچلىرى ئاغرى-
مۇن، توينى بىر يىلدىن كېيىن قىلساقمۇ بولاتتىغۇ؟...—
دېگەندە، دادام ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:— نېمە دەۋا-
تىسىلە. بىر يىلدىن كېيىن دەمسىلە؟ ياق، بىر ئاي
كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇن يەتتىگە كىرگەن ئادەم
كىچىكمۇ...؟قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە دەپتىكەن.
سايىم گۆھەنجاك ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئورۇنلا-
شتۇردى. يېنىۋالساق چوڭلار ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ
كەتمەمدۇ؟ ئۇنى گېپىڭگە كىرگۈز،— دېگىنىنى ئاڭلىدىم.
ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئانا بولغان ئادەم گۆ-
باھكارمۇ؟ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، شۇڭا ئانامغا:
— مەن قوشۇلاي، مەن سىزنىڭ كۆز ياشلىرى-
ڭىزنى كۆرمەي،— دېدىم ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى
ئېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ.



— جېنىم قىزىم، دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ قىز
بالىنى ياتلىق قىلىش بىز ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن پەرز
بىكىنە بالام،— دېدى ئانام مەندىن رازى بولغان
ھالدا بېشىمنى سىلاپ.
ئاھ. ھېكمەت! دادام ئۆز قىزىنىڭ كەلگۈسىدە
بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىدى، ئۆز-
نىڭ باشقىلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشىدىن قورقتى،
ئۆگە كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاتا - ئانام-
نىڭ بۇ ئارزۇسىغا كۆنۈشكە مەجبۇر بولدۇم - دە،
ئاراب پەيالىسىدىكى ھەسرەتلىك مەينى مەجبۇرىي ئىچ-
ۋەتتىم.
... مانا ئۈچ يىلدىن بېرى كېرىم بىلەن ياشا-
ۋاتىمەن. مەن ئۇنى مۇھەببەتسىز ھايات بىلەن ئازاب-
لىدىم، مەن ھەر دائىم گۈزەللىكنى ئۇنىڭدىن يوشۇ-
رۇشقا تىرىشاتتىم. مەندىكى گۈزەللىكلەر كېرىمگە مەن-
سۇپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ زوق
بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرسەم باشقا ئۆيگە چىقىپ
كېتەتتىم، خاپا بولاتتىم. سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ
ئاجايىپلا بىر يىگىت. ئۇ بىز توي قىلغان دەسلەپكى
يىللاردا ئەتىدىن كەچكىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى،
ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمەيتتىم،
ئۇ مېنىڭ تاپقان پۇلغا كىتاب سېتىۋالغانلىقىمنى، بوش
ۋاقتىم بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي شېئىر يې-
زىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ ھېچ نەرسە دېمەيتتى. مەندىن خاپا بولسىمۇ
ماڭا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىسا كېرەك، مەن

ئۇنىڭ ھەر دائىم ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ بىكار يۈر-
گىنىنى، ئۆزۈمنىڭ بولسا ئۆگىنىشكە ۋاقىت يېتىشتۈ-
رەلمەيۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كېلەتتى. بىر
كۈنى مەن ئۇنىڭغا:

— كېرىم، سىزمۇ كىتاب كۆرۈڭ، كىتاب ئادەمگە
دۇنيادا قانداق ياشاشنى، نېمە ئۈچۈن ياشاشنى
ئۆگىتىدۇ، — دېدىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭ-
شىتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كىتابقا قىزىقىپ قالدى،
ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكلا ئايايتتى، مېنى ياخشى كۆ-
رەتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا بىردىنلا:

— نادىرە، سىز ماڭا ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز. ھا-
يات ئەسلىدە گۈزەل ئىكەن. مەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك
جىمغۇر ياشىمايمەن. ئىلگىرى سىزنىڭ گۈزەللىكى-
ڭىزنىلا كۆرگەن بولسام، ھازىرقى كۈندە سىزنىڭ نۇر-
غۇن قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىرا-
دىلىك ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ بىردىنلا ئويغاندىم. مەن
سىزدىن پەخىرلىنىمەن. — دېدى ھاياجان بىلەن.
ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغان
ئىدى. مەن ھەيران بولدۇم. ئىختىيارسىز كۈلگۈم كەل-
دى. كېرىم مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى ئۈچۈن ياردەم قىلالمايتتى، لېكىن بۇنىڭغا
پۈتلىكاشاڭمۇ بولمايتتى، ئۇ مېنى تولىمۇ ياخشى كۆ-
رەتتى. بىراق مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىم، كۆڭۈل
بېرەلمەيتتىم، دېمەك ئۇنىڭ مۇھەببىتى پاجىئەلىك
ئىدى، پەقەت ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىم ئاغرىيتتى.



مەن تۇرمۇشلۇق بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن
گۈزەل سەنئەت شۆيۈەنگە بىلىم ئاشۇرۇشقا باردىم.
ان مەكتەپتە تۇنجى دەرسنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدىكى
ۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مەن
كۈنلەردە مەكتەپ بىناسىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇ-
رۇپ: (مەن نېمىدېگەن بەختلىك؟ ئاللىقاچان ئىس-
تىقبالىمنى يوقاتتىم دەپ ئويلىغان بىر ھىمايىسىز قىز
بۈگۈن سەنئەت ئەربابلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئالىي بىلىم
يۇرتىدا ئوقۇماقتىمەن مەن. ئەمدى، ئىلىمنىڭ تەڭداشسىز
كۈچ - قۇدرىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى پۈتۈن دۇنيادىكى
زادان ئاتىلارغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىلىمسىز ئا-
جىزلارغىمۇ جاكالايمەن) دەپ ئاۋازىمنىڭ بېرىچە ۋار-
قىراش قارارىغا كەلدىم.

مەن سېنتەبىرنىڭ بىر كەچلىكىنى ئۆمۈرۋايەت
ئۇنتۇيالمايمەن. گۈللۈكتە يالغۇز ئولتۇرۇپ دەرس تەك-
رارلاۋاتاتتىم، بىردىنلا نېرىدىن مۇڭلۇق ناخشا، يۈ-
رەكنى تىترەتكۈچى گىتار ئاۋازى قولىقىمغا كىردى.
مەن يېقىملىق ناخشا ئاۋازىدىن بىر يىگىتنىڭ يۈرە-
كىدىن چىقىۋاتقان سۆيگۈ ساداسىنى ئاڭلىدىم. ھېلىقى،
ماھىرە تەرىپلىگەن رەسسام شۇمىدۇ؟... قايسى بىر كۈ-
نى ئۇ ماڭا زوقلىنىپ:

— ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى... چالغان گىتا-
رىنى، يېقىملىق ناخشىلىرىنى دېسەڭچۇ؟... — دېگەن
ئىدى.

ئۆمرۈمدە تۇنجى ناخشىلارنى ئاڭلىغان بول-

سامىمۇ، ماڭا ھېچقانداق بىر ناخشا بۇنچىلىك تەسىر قىلمىغان ئىدى. بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى. ناخشا ئۇزۇنلۇق باشلىنىپ بارا-بارا مۇڭ بىلەن پەسىيىپ قالاتتى، غەمكىن دىللارنى ئارام بېرەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاستا ياتاقنى ماڭدىم. شۇ چاغدا يېشىل شالاڭ دەرەخزارلىقتا قولى-دىكى گىتار تارلىرىنى مۇڭلۇق پەدىگە چالغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان بۇدۇر چاچلىق، قارا قاشلىرى ئاق يۈزىگە خويمۇ ياراشقان بىر يىگىت كۆزۈمگە چېلىقتى، بۇ، سىز ئىدىڭىز.

شۇ كۈنى ياتاقداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى. شەنبە بولغىنىغا قارىماي ياتاقتىن سىرتقا چىقمىدىم، ئورۇنسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىتابنى قولۇمغا ئالدىم، بىراق ئوقۇيالمىدىم. قۇلاقلار ئارىسىدىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمجىت. كۆل سۈيىدەك تىنىق قەلبىمنى داۋالغۇتۇپ باراتتى. مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم مەن-دىن ئۇيقۇ قاچقان ئىدى. مەن سىز توغرىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئۆزۈمگە نۇرغۇن سوئاللارنى قويدۇم، خىيالىي چۈشلەر بوشلۇقىغا بۆلەندىم. شۇنىڭ-دىن كېيىن سىز مېنىڭ خىيالىمنىڭ مەزمۇنى بولۇپ قالدىڭىز. بىراق مەن شۇ ئويلىغانلىرىمنى، ھۇشۇ گۈزەل خىيالىي چۈشلەرنى ھېچكىمگە دېمەسلىك، ئادەتتىن تاشقىرى قىزغانچۇقلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىك بىلەن يۈ-رىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇش قارارىغا كەل-



دىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى چۈش-تىن كېيىن مەكتەپ گۈللۈكىدە ئولتۇرۇپ، كىتاب ئو-قۇۋاتاتتىم، يول تەرەپتىن سىز، ۋەلى مۇئەللىم ۋە يە-نە بىر يىگىت ئۈچەيلەن كېلىۋېتىپسىلەر، بىزنىڭ كۆز-لىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ مىنۇتتا پۈتۈن ۋۇجۇ-دۇمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان ئىللىق بىر سېزىم ئۆز ئىلكىگە ئالدى. سىلەر ئۆتۈپ كەتكەن-دىن كېيىن، سىلەرنىڭ شۈبھىسىزكى، مەن توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقىنىڭلارنى سېزىپ قالدىم. شۇ كۈنى بىز-نىڭ ياتاقتىكى قىزلار ئوغۇللار توغرىلىق پاراڭلىشى-ۋېتىپ سىز توغرىلىق كۆپرەك سۆز قىلدى. سىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، مەكتەپتىكى قىزلارنىڭ (گۈلى) دەپ نام ئالغان ماھىرەمۇ:

— ھېكمەت ئاجايىپ يىگىت. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ-رەك پاراڭلىشىشنى شۇنچىلىك خالايتتىمكى... ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل جەلپ قىلارلىق سېھرى كۈچ بار،— دېۋەتتى. يوشۇرمايمەن ھېكمەت، سىز شۇ ئەقىل-پارا-سىتىڭىز، قاملاشقان قامىتىڭىز بىلەن مەكتەپتىكى قىزلار-نىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئىدىڭىز. ئۇلارنىڭ سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا قانچىكى كۆپ بولۇشى، سىزگە شۇ قەدەر زوقلىنىشى ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان سەمىمىي مۇھەببى-تىنىڭ بىشارىتى ئىدى. مەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم، خىيال بىلەن گۈل ئارى-لاپ يىراقلاپ كېتىپ قاپتىمەن، قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە يىراقتىن ئۈشتۈمتۇت سىز كۆرۈندىڭىز، مەن

شۇ سائەتتە سىز توغرىلىق بارلىق گۈزەل ھېسلىرىمنى
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان ياشلىقنىڭ شېرىن
تۇيغۇلىرىنى بېسىۋېلىپ سىز تەرەپكە ماڭدىم، سىز پۈت
تۈن زېھنىڭىز بىلەن رەسىم سىزىۋاتقان ئىكەنسىز. شۇ
مىنۇتتا سۆيگۈ ئىلاھى سەل كېچىكتۈرسىمۇ، غايەمدىكى
رەسسامنى يولۇقتۇرغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال ھېس
قىلاتتىم. يىراقتىن سىزنىڭ رەسىم سىزىشىڭىزنى كۆزى-
تىپ تۇردۇم. سىز گۈزەل بىر قىزنىڭ، ياق كىنو چول-
پىنى بولۇشى مۇمكىن، — رەسىمىنى سىزىۋېتىپسىز.
رەسىمدىكى پەرىزاتنىڭ خىيالچان قارا كۆزلىرى بىر
خىل ئوتلۇق ئىدى. سىز يۈرىكىڭىزدىكى بارلىق گۈزەل
چۈشەنچىلەرنى مۇشۇ رەسىمنىڭ ھەربىر تال سىزىق-
لىرىغا بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرگەندەك قىلاتتى-
ڭىز. مەن تېخىمۇ يېقىنلاپ ھەيران قالدىم، بۇ رەسىم-
دىكى مەنغۇ؟ راستىنلا مەن ئىكەنمەن! مەن تېخىمۇ
يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي يىراقتىن رەسىمگە قادىلىپ
تۇرۇپلا قالدىم ۋە ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ
بەكمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر
بولدۇم. سىز سىزىش ئۈچۈن قانداق قىلىپ مېنىڭ
رەسىمىمنى تاللىۋالغانسىز. كۆرگەزمىگە قويۇش
ئۈچۈنمۇ؟... ياكى مۇنداقلا قىزىقىپ سىزدىڭىزمۇ؟ بىراق
سىز رەسىمدىكى مېنىڭ كۆزلىرىمگە سۆيگۈ ئىزلەپ
چوڭقۇر مېھرىڭىز بىلەن گويا شېرىن ۋىسالىغا تەلمۈر-
گەن پەرھادتەك تەلمۈرگەن ئىدىڭىز. مەن تولىمۇ ھەي-
ران بولدۇم. ھەيرانلىق ئىچىدە ئېڭىش چىقارماي ئار-



ئاڭغا ئاستا قايتتىم. كېتىۋېتىپ قارىسام بىر چەتتە
ماھىرەمۇ رەسىم سىزىۋېتىپتۇ. ئۇ نېمىنى سىزىۋاتىدۇ-
كەن؟... ئۇ بىردە سىزگە تىكىلىپ قارىسا، بىردە
رەسىم تاختىلىرىغا بىر نەرسىنى سىزاتتى... دېمەك
ئۇ سىزنى سىزىۋاتقان ئىكەن. ئۇ سىزنى ناھايىتى
ئوخشىتىپ سىزىپتۇ، مەشق ئۈچۈن سىزغان بولسا كې-
رەك دەپمۇ ئويلىدىم، سىز شۇ سائەتلەردە ماھىرەگە
مودېل بولۇپ ئولتۇرغىنىڭىزنى بىلمەيتتىڭىز. بىر چاغدا
ماھىرە بىردىنلا ئازابلىق تولغىنىپ سىزنىڭ رەسىمى-
ڭىزنى پۈرلىۋەتتى — دە، يېنىدىكى تېرەكنى قۇچاقلاپ
ئۈنسىز ئاچچىق يىغلىدى... ئۇ سىزنىڭ مېنىڭ رەسى-
مىمنى سىزىۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ قالغان ئىدى، كېيىن
ئۇ يىغىدىن توختاپ ئۆزى پۈرلىۋەتكەن رەسىمىڭىزنى
چىرايلىق تۈزلىدى، باغرىغا باستى...

ئاھ، مەن نېمىنى كۆردۈم؟ بۇ مېنىڭ چۈشۈم
ئەمەستۇ؟ ئۇ ئەسلىدە سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان
ئىكەن ئەمەسمۇ؟... مەن بۇ مەنزىرىنى نېمىشقا كۆرۈپ
باقمىغاندىمەن؟ مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرمەسلىك، كۆرۈپ
قالماسلىق ئۈچۈن قارىغۇ يارىتىلىپ قالسام بوپتىكەن...
مەن ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ماھىرەنىڭ سىزگە زوق
بىلەن قارىشىنى، تەرىپىڭىزنى كۆپ قىلغىنىنى، ئۇ-
نىڭ سىزگە بولغان ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتى بولسا
كېرەك دەپ خاتا مۆلچەرلەپتىمەن، دۇنيادا ئادەمنىڭ
خىيالىغا كەلمەيدىغان ئاجايىپ مۇھەببەتلەر، ئاجايىپ
ياخشى كۆرۈشلەر بولىدىكەن... مەن راستىنلا ھەيران

بولۇۋاتىمەن، چۈنكى مەن مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جاسارەت مۇئەللىمنىڭ ماھىرەگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، جاسارەت مۇئەللىم بۇ ھەقتە ماھىرەگە بىر قېتىم ئېغىز ئاچقان ئىدى، جاسارەت مۇئەللىم ماھىرەنىڭ ئوتىندا كۆيمەكتە، ماھىرە بولسا سىزنىڭ، بۇ نېمىدېگەن مۇرەككەپ قىسمەت - ھە؟... بۇ بەئەينى بىر رومانىنىڭ ۋەقەلىكى...

مەن ھەيرانلىقىمنى زورىغا بېسىپ ماھىرەگە تەسەللى بېرىشنى ئويلىدىم. بىراق ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرەرمەن؟... قەلب شۇقەدەر تەرسا نەرسىكى ئاخىر... بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلارنىڭ ئازابلانغان يۈرىكىگە قانداقمۇ تەسەللى بەرگىلى بولسۇن. ياخشى كۆرۈشنى تەسەللى بىلەن پەسەيتكىلى بولمايدىغۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەمنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈش.

مۇشۇ يىل قىشلىق كانىكۇلنىڭ ھارپا كۈنى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى كەچتە بىرنەچچە فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپنىڭ چوڭ زالىغا جەم بولدۇق. مەن بىرئاز كېچىكىپ كىردىم. ئارقىدىنلا ماھىرە كىردى. خۇددى دېيىشىپ قويغاندەك ئۇمۇ مېنىڭكىگە تامامەن ئوخشايدىغان قىپقىزىل يۇڭ كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ھەتتا ئاياغلىرىمىزغىچە تامامەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. زالدىكىلەر ئىككىمىزگە قاراپ ھەيران قېلىشاتتى. مەنمۇ ماھىرەنىڭ خۇددى ماڭا ئوخشاش كىيىنىپ كىرگىنىگە ھەيران بولدۇم. شۇ مىنۇتتا



مېنىڭ كۆزلىرىم سىزنىڭ ئىنتىزارلىق قارا كۆزلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سىز كۆزلىرىڭىزنى مەندىن ئۈزمەيتتىڭىز. ئەكسىچە ماھىرەگە پەرۋاسىز قىياپەتتە پەقەت بىرلا قېتىم قارىدىڭىز. شۇ كۈنى ئۇ تولىمۇ غەمكىن ئىدى. سىز پەقەت مەن بىلەنلا تانسا ئوينىدىڭىز، مېنىڭ كۆزلىرىم ماھىرەدە ئىدى. ئۇ سىزنىڭ مەن بىلەنلا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى كۆرۈپ ئازابلىنىۋاتاتتى. بىراق جاسارەت مۇئەللىم ئۇنى پات - پات تانسىغا تەكلىپ قىلاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تېخىمۇ بىئارام بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ قالاتتىم. ئاخىر ماھىرە سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىز تەرەپكە ماڭدى. سىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز مېنى تەكلىپ قىلدىڭىز. شۇ مىنۇتتا ماھىرە كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ زالدىن چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى - دە، سىزگە:

— ماھىرە بىلەنمۇ تانسا ئوينىسىڭىز بولاتتى. ئۇ ياخشى قىز، — دېدىم. سىز مېنىڭ تومتاقلا قىلغان سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي ماڭا ھەيرانلىق كۆزلىرىڭىز بىلەن قاراپ:

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ سىز بىلەن تانسا ئوينىشىمنى خالىمامسىز؟... ئۇنداقتا ھېچكىم بىلەن ئوينىماي، سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ ئولتۇراي. مەندىن بىزار بولدىڭىزمۇ؟ — دېدىڭىز، ئاۋازىڭىز ئازاب ئارىلاش تەمكىن چىقاتتى.

— ياق، ياق سىزدىن بىزار ئەمەسمەن، — دېدىم تەسلىكتە. مەن سۆزلىرىڭىزدىن ماھىرەنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ، تېخىمۇ ئازابلاندىم، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. مەن سىزنى دەپلا، سىزنىڭ گىتارىڭىزنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاش، سىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈنلا كىرگەن ئىدىم.

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىز زالدىن بىرگە چىقتۇق. ئاپئاق قار قاپلىغان يولدا ئاستا مېڭىپ كىشىلىك ھايات ۋە كەلگۈسى توغرىلىق سۆزلەشتۇق. سۆز ئارىسىدا سىزنىڭ ماڭا ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. گەرچە لەۋلىرىڭىز ئەتەي يوشۇرۇشقا تىرىشقىنى بىلەن يۈرىكىڭىز ئاشكارىلاپ قويدى.

سىز ھاياتقا بەكمۇ ئۈمىدۋار قارايتتىڭىز. سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆزۈمنى چەكسىز ئىستىقباللىق ھېسابلايتتىم. ھايات تولىمۇ گۈزەل، ئەتراپتىكى بارلىق نەرسە مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەن بىچارە ئادەم سىزنىڭ چەكسىز ئۈمىد بىلەن تولغان سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسا، ياشاشقا، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا بەل باغلايدۇ.

مېنى كەچۈرۈڭ قىممەتلىكىم، سۆزۈمدىن چەتنەپ كېتىپتىمەن. راست شۇ كېچە تەبىئەت تولىمۇ گۈزەل ئىدى. مۇبادا مەن يازغۇچى بولغىنىمدا ئاي نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاق قارلارنى، ئاق شايىدىن كۆڭلەك كىيىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن تەبىئەتنى سىزگە تولۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولاتتىم. شۇ



كېچە بىزنىڭ دىلىمىز سۆيگۈ لەززىتى بىلەن تولغان ئىدى، شۇ چاغدا بىردىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى سېرگى يېسېنىننىڭ:

شائىر بولۇپ دۇنياغا كەلدىم،

شائىر كەبى سۆيىمەن سېنى...

دېگەن شېئىرىنى ئۆز ھېسسىياتىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچىمدە شىۋىرلاپ ئېيتتىم. بىز شۇ كېچە تارىختا ئۆتكەن شائىرلار، ئۇلۇغلار ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. بىز شۇ كېچىدىلا ئۆزىمىزنى پەقەت بىر - بىرىمىز ئۈچۈنلا يارالغاندەك ھېس قىلىشقان ئىدۇق.

بىز قارلىق يولدا بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئايلاندۇق، بىزنىڭ ياتاق بىنايىمىز تەرەپكە قايرىلىشىمىزغا ئىككىمىزنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنە - كۆرۈنمەس كېلىۋاتقان ماھىرەنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېچىشىپ كەتتى. سىز ئۇنى كۆرمىدىڭىز. سىز ھەممىنى ئۇنتۇغان ئىدىڭىز... مەن شۇ چاغدا ماھىرەنىڭ گويا مەۋھۇم سايىدەك ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سىماسىنى كۆرۈپ ئىچىمدە: (خۇدا! ھېكمەت بىلەن ئىككىسىنى بەختلىك قىلغىن...) دەپ ئاللادىن سىلەرگە بەخت تىلىدىم.

ھېكمەت، مېنىڭ قىممەتلىكىم! خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمنى سىز بىلەن شۇ گۈزەل قارلىق يولدا بىرگە كېتىپ بارغاندەك سېزىۋاتىمەن. ئەپسۇسكى بىز ئۇزاق ئۆتمەي خوشلاشتۇق. مەن سىزنى ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇزاتتىم. بۇ ياش بەخت

ۋە خۇشاللىق يېشى ئىدى. مەن شۇ كۈنى شادلاندىم، كۈلدۈم. يىغلىدىم...

قىممەتلىك ھېكمەت، مەن سىزگە ئاشىق ئەمەس، بىراق بۇ دۇنيادا پەقەت سىزگىلا ئاشىق بولۇشۇم، سىزنى ھەقىقىي سۆيۈشۈم كېرەكلىكىنى سېزىۋاتىمەن. ئەپسۇسكى سىزگە ئاشىق بولۇشتىن، سىزنى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە سۆيۈشتىن ئەبەدىي مەھرۇم ئىكەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا، بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمنى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىمگە بېغىشلاپ، كەلگۈسىمنى شۇنىڭدىن ئىزدىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بىراق ھېكمەت مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇزاققا بارمىدى، ئۇ پەقەت سىز بىلەن بىرگە بولغان بىرقانچە سائەتلا ماڭا ھەمراھ بولالىدى. ئەتىسى بىچارە كېرىمنى ئويلاپ يۈرىكىم ھەسرەتلىك مۇجۇلۇشقا باشلىدى. چۈنكى مەن بىر ئەرنىڭ ئايالىغۇ؟ بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇمغۇ؟

قىممەتلىك ھېكمەت!

مەن ھازىر بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىشىمىزنىڭ راستىنلا رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن يالغۇزلۇق ۋە سېغىنىشنىڭ پىراقىدا كۆيىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا كۆز ياشلىرىم يەنە تۆكۈلۈشكە، يۈرىكىم ئۈنسىز ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى، جانسىز قوللىرىمدىن قەلەم چۈشۈپ كەتتى. مەن كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈۋېتىپ شۇنى ئېنىق چۈشەندىمكى، ئۇزاق



زامانلاردىن بېرى مۇھەببەت ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ نوبىندا زار - زار قاقشاپ كەلمەكتە. ئادەملەر دائىم ئادەمگەرچىلىك، مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە پاكلىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ۋە شائىرلار قەلەم تەۋرىتىشتى، مەدداھلار قىسسە سۆزلەشتى. لېكىن قايسى بىرى مۇھەببەت ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش ئىسسىق يېشىنى تۆكۈپ باقتى؟... قايسى بىرى پاكلىقنى بىزگە ئوخشاش ھۆرمەتلەپ باقتى؟

مەن ۋاقىتسىز تۇرمۇشقا چىققىنىم ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدىم. مەن مۇشۇنداق ئىزتىراپ ئىچىدە باشاۋاتقان مىنۇتلىرىمدا دوستۇم ئىلنۇرنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئېسىڭىزدىمۇ ھېكمەت! سىز بىزنىڭ ياتاقتا ئىلنۇرنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەندىن سورىغان ئىدىڭىز. ئۇز ۋاقتىدا سىز شۇنچە ئۆتۈنۈپ سورىغان بولسىڭىزمۇ، دوستۇم ئىلنۇر توغرىلىق سۆزلەپ بېرىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق يوقىلىپتۇ. دائىم غەمكىن ياش يىلدىرلاپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدە ئەمدى كۈلۈمسىرەش پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەسۇرلۇقى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئىلنۇر توغرىلىق ئەمدى سۆزلەپ بەرسەممۇ كېچىكمەيدىغاندەك قىلىمەن. ئىلنۇر بىلەن ئىككىمىز كىچىك چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئۇزاق يىللىق سىرداش دوستلاردىن ئىدۇق. مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. بىز ياخشى

ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىر پارچە خې
تىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا كۆزۈم
قىيمىدى. خەتنى ئېچىپ، مۇنۇ قۇرلارنى كۆرۈپ تېڭىر
قاپ تۇرۇپلا قالدىم.

(نادىرە! بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ بۇنداق ساختا
بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مەرىبە
يەدىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ ساڭا قاتتىق نەپرەت
ئوقۇدۇم. مەن شۆھرەتتى ياخشى كۆرىمەن. ئىككىمىز
نى ئايرىۋەتمەكچى بولغان ھەرقانداق ئادەمگە يۈز
خاتىرە قىلمايمەن. خوش، مېنى ئىزدىمە، ساڭا لەنەت.
ئىلنۇر).

بۇ قانداق خەت؟ ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا
كۆڭۈل بۆلۈپ مەسلىھەت كۆرسەتكىنىم گۇناھمۇ؟ شۇ
خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىلنۇرنىڭ
تويى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىرقانچە
يىل ئىلگىرىلا چاقچاق ئارىلاش ئويناق قارا كۆزلىرىنى
ماڭا تىكىپ:

— مەن توي قىلغاندا سەن مېنىڭ قولدىشىم
بولىسەن جۇمۇ! — دەپ يۈزۈمنى يېنىككىنە چىمدىپ
قويغىنى ئېسىمگە كەلدى.

قەدىرلىك ھېكمەت، مۇھەببەت شۇنچىلىك شەخ
سىيەتچىل نەرسىمىدۇ؟ بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ
قالغان قىزلارنىڭ ھەممىسىلا ئاتا - ئانىسىغا بولغان
مۇھەببىتىنى، دوستلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يىگىتكە
تەقدىم قىلىۋېتەمدىغاندۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس!



دوستلۇق دېگەن دوستلۇق. مۇھەببەت دېگەن مۇھەب-
بەت. ھەر ئىككىسى ئۆز يولى بىلەن بولۇۋېرىدۇ. ئىن-
سان مۇشۇ ئىككى نەرسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ھېكمەت، مەن نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم؟ سىز مۇشۇ
قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ: (نادىرە مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇ-
ۋاتىسىز، سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب بەرمىدىڭىز) دەپ
خاپا بولۇۋاتىدىغانسىز.

ئەپۇ قىلىڭ ئەزىزىم. ئىلنۇر توغرىلىق سۆزلەپ
بولمىغىچە كۆڭلۈم تىنمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قىش ئۆتۈپ باھار
كەلدى. مەن مۇشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان باھار ئايلىرىنى
كىتابلار بىلەن سىردىشىپ ئۆتكۈزدۈم. ئۆتكەن يىل
قىشلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتىپ كېلىپلا مەكتەپتە باش
لاپ قويغان «ياشلىق تىلەكلىرى» نامىلىق داستانىمنى
تاماملاش ئۈچۈن ئولتۇردۇم. فېۋرال ئايلىرى ھەش-
پەش دېگۈچە كىرىپ قالدى. ئەمدى باھارمۇ يېتىپ
كېلىدىغۇ، دەپ ئويلىغىنىمدا، كېچىدىن ياغقان ئاخىرقى
قار بىلەن تەبىئەت ئۆزگىچىلا گۈزەللىشىپ قالغان
ئىدى. مەن تاڭ سەھەردە تېخى دەسسەلمىگەن، نارە-
سىدە بالىنىڭ لېۋىدەك پاك، گۈزەل يېڭى ياغقان قار
مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ چوڭ يولغا چىقىپ قاپتى-
مەن. شۇ چاغدا يول ياقىسىدىكى دەرەخلىكنىڭ چېتىدە
بىر قىزنىڭ تېرەككە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغانلىقىنى
كۆردۈم. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئۆرە تۇرۇشقا ماغدۇرى
قالمىغان، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بىر ئەلپازى

بار ئىدى. بۇ گەۋدە ماڭا تونۇشتەكلا قىلاتتى! مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

ئاھ... بۇ ئىلنۇرغۇ؟... مۇشۇنداق قار-شۇۋرغانلىق ئەتىگەندە ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟... ئۇ خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇراتتى. ئۇچىسىغا ئالما ئۇرۇقى پەلتۇ كىيگەن. بېشىدىكى بالداق شارپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، ئورۇقلاپ كەتكەن نازۇك بارماقلىرى سوغۇق، مۇزدەك تېرەككە چاپلاشقان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرقىنى كۆرۈپ ئازاب بىلەن:

— ئىلنۇر! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئۇنىڭدىن ھېچ بىر سادا چىقمىغاندىن كېيىن، قول ياغلىقىم بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قوللىرىنى تېرەكتىن ئاجرىتىپ يېنىك ئىرغىتتىم. ئۇ تەسلىكتە كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئىلنۇر نېمە بولدۇڭ؟.

ئۇ كۆزلىرىمگە قارىدى. كۆزلىرىدىكى پىلدىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ:

— جېنىم نادىرە! ... مەن... تۈگەشتىم ...... — دېدى. ئۇ شۇ سۆزلەرنى تەسلىكتە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتىپ كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇنى قولتۇقلاپ ياتاققا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى بارا-بارا ئۆز ئەكسىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئىلنۇر، بېشىڭغا بىرەر دەرد كەلگەن بولسا ماڭا ئېيتقىن، — دېدىم. ئۇ ھېچنەرسە دېمەستىن لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش



تۆكۈلەتتى. ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئىچىدىكى دەردلىرىنى بىراقلا تۆكۈۋەتمەكچى بولغاندەك ئاچچىق يىغلايتتى.

— يىغلىمىغىن، قانداق دەردىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، — دېدىم يەنە. ئۇ مۇنچاقتەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئىلنۇر شۆھرەت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن ئىكەن. كېيىن ئىلنۇر ئىككى قات بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شۆھرەت كۆپ ھاللاردا تەڭ كېچىمگىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ھەتتا بەزى كېچىلىرى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئىلنۇرغا قوپال سۆزلەيدىغان، ئۇنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كۆز كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ: (سېنى سۆيىمەن، سەنسىز ياشىيالمايمەن) دەپ باشلانغان مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئىلنۇرغا قاتتىق ھار كەپتۇ. بىر كۈنى ئىلنۇر ئۇنىڭدىن:

— شۆھرەت نېمە بولدىڭىز؟ ... خېلى كۈنلەردىن بېرى چىرايىڭىز پەرىشان كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمغا دەرد كەلدى ... ھەي، — دەپتۇ شۆھرەت، سېرىق بۇدۇر چاچلىق بېشىنى چاڭگاللاپ ھەسرەت بىلەن.

— ماڭا ئېيتمىڭچۇ شۆھرەت، ئۇ زادى نېمە دەرد؟

www.uyghurkitap.com

— مەن ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتىم ئىلنۇر،
بىراق مېنى سەنلا قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايسەن.
— ماڭا ئېيتىڭ دەپ تەقەززالىق بىلەن سوراپ
تۇ ئىلنۇر، شۆھرەتنىڭ ياش پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلى
رىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ.
— ياق ئىلنۇر، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ... مەن
بۇلارنى ساڭا ئېيتىشقا ئۇيىلىمەن، مەن ئالدىڭدا
جىنايەتكار!
ئىلنۇر شۆھرەتنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆر-
گەچكە ئۇنىڭ بۇ ھەسرەتلىك نالىسىغا چىداپ تۇرال-
ماپتۇ:
— مەن ھايات تۇرۇپ سىزنىڭ تۈگىشىپ كەتكى-
نىڭىزنى كۆرۈش ماڭا ئېغىر ئەمەسمۇ؟ مەن سىزگە
ياردەم قىلىمەن شۆھرەت.
ياق ... ياق مەن ئالدىڭدا جىنايەتكار، مەن
تۈگەشتىم.
— بولدى ئېيتىڭچۇ، ئىلگىرى سىز ئۈچۈن ھەممىنى
قۇربان قىلغانمەن. ھېلىھەم شۇنداق قۇربانلارنى بېرىش-
كە رازىمەن.
— مەن ... مەن ئېيتاي ... بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي
ئىلگىرى مەسلىكىمدە زەينۇرەگە چېقىلىپ قويۇپتىمەن،
ئۇ ھازىر ئىككى قات ئىكەن، مېنى ئالىمسانىڭ ئۈستۈگ-
دىن ئەرز قىلىمەن، دەيدۇ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىلنۇر:
— ھە ... سىز ... سىز نېمە دەۋاتىسىز شۆھ-



رەت؟ — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كېتىپتۇ. شۆھ-
رەت ئىلنۇرنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ:
— ماڭا ئىشەنگىن ... ئەگەر سەن ماقۇل كۆر-
سەڭ بىز ۋاقتىنچە ئاجرىشىپ تۇرساق، مەن زەينۇرە
بىلەن مۇنداقلا توي قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ
بولغاندىن كېيىن، ئۇنى چىرايلىقچە ئۆز يولىغا سېلىپ
تويۇپ ئاندىن ئىككىمىز يېنىشىۋالمايمىزمۇ؟ ... ھازىر-
چە ئۆي — ۋاقىتقا تەگمەي تۇرىمىز ... مەنمۇ سەنسىز
ياشىيالمايمەن، — دەپتۇ.
— ئاھ شۆھرەت! ...
ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھوشىدىن كې-
تىپتۇ.
ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئىلنۇر بىر كۆزىدىن ياش،
بىر كۆزىدىن قان ئاققان ھالدا شۆھرەتنىڭ ۋاقىتلىق
ئاجرىشىپ تۇرۇش تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. مانا بۇ يىل
نەش ئۇلار ئاجراشقىلى توپتوغرا بىر يىلدىن ئېشىپتۇ،
بىراق شۆھرەت ئۇنىڭغا قارىماپتۇ. ئاق كۆڭۈل ساددا
دوستۇم ئىلنۇر ئېھتىمال يالغانغا تۈنجى قېتىم شۇن-
داق ئىشەنگەن بولسا كېرەك.
ئىلنۇر شۇلارنى سۆزلەپ بولۇپ چىرايى بىردىنلا
تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەر-
گۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتال-
مىدىم.
ھېكمەت، دوستۇم ئىلنۇر توغرىلىق سۆزلەيدىغى-
نىم تۈگىدى. مەن سىزنى ئۇنداق يىگىتلەرگە سېلىش-

تۇرمايمەن. سىز مېنىڭ ھەققىمدە بەختىم ئۈندىگىنىز،
مېنى ساپ مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرگىنىز. يۈ-
رىكىم ئۇ گۈلزارلىقتا ياشاردى، بىراق كېيىن ئازابلىق
ئەسلىمىلا قالدى.

قىممەتلىك ھېكمەت! بۇ ئاددىي بىر پارچە خەت
مېنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى يىغلىپ قالغان
سۆيگۈ مەھەببىتىمنى ۋە ھازىرقى چەكسىز ئازابلىرىمنى
قانداقمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن؟ ... بۇ خەتكە
ئاتا - ئانا تەرىپىدىن ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان
بىر قىزنىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بىلەن
قەلب يارىسى كۆمۈلگەن. كېچىككەن سۆيگۈ ئۇنى بى-
ھوش قىلىپ قاتتىق ئازابلىغان مۇشۇ زېمىندا ئۇنىڭ
ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتىنىڭ بەختىنى كۆزىتىشتىن
ئارتۇق ئارزۇ - ئۈمىدلىرى يوق. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى
ئېقىپ تۈگىدى. چىرايىغا بەخت كۈلكىسى نېسىپ بول-
مىدى. شۇڭا ئۇ يالغۇز ياشايدۇ. شۇڭا ئۇ غەمكىن
خىيال سۈرىدۇ.

قىممەتلىك ھېكمەت، بۇ يىل يازدىكى ئوقۇش
پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ۋە ئۇزاقتىن بېرى سىزگە ئاس-
تىرتتىن كۆيۈپ يۈرگەن ساۋاقدىشىڭىز ماھىرە ئېس-
ىڭىزدىمۇ؟ ئۇنىڭ شۇ لاتاپەتلىك چېھرىسىنى كىمۇ
ئۇنتۇسۇن؟ ماھىرە ئۇزاقتىن بېرى مەكتەپتە قېلىشنى
ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاسارەت مۇ-
ئەللىمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوقۇغۇچى
ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلەتتى. خىزمەت تەقسىماتى ۋاق-



...نىدا مەكتەپ رەھبەرلىكى ماھىرەنى جاسارەت مۇئەل-
...لىمنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مەكتەپكە ئېلىپ قالغان
...ئىدى. كېيىن ئۇ سىزنىمۇ مەكتەپكە ئېلىپ قالغانلىقنى
...ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ:
—مەن مەكتەپتە قالمايمەن، ھەرگىز قالمايمەن.
...نەك يىراق يېزىلارغا بارىمەن، — دەپ قاتتىق تەلەپ
...قىلىپ، ئاخىر جاسارەت مۇئەللىمنىڭ يېلىنىشىغا
...پەرۋا قىلماي شىنجاڭغا قايتىپ مەلۇم بىر يېزا ئوت-
...تۇرا مەكتىپىگە تەقسىم بوپتۇ. سىز بىلەمسىز، ئۇ
...لېمەشقا گۈزەل، ئاۋات شەھەرنى تاشلاپ ئۈمىدىدە
كۆرۈپ باقمىغان چەت يېزىغا كەتتى؟ ...

رەنجىمەڭ ھېكمەت، بۇنىڭغا ئەسلىدە سىز سە-
ۋەبچى بولدىڭىز. ئۇنىڭ سىزنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈ-
...كەنلىكى، سىزنىڭ ئۇنىڭغا زەررىچە كۆڭۈل بۆلمەي مەن-
...دەك بىر ئاددىي ئايال ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىتلىرىڭىز-
...نى سەرپ قىلغىنىڭىز ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەندۇ. ئۇ
...قانچىلىك ئازابلانغاندۇ - ھە؟ ... شۇڭا ئۇ ياقا
يۇرتقا كەتكەن. مەن ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرىنى شۇ قە-
...دەر ياخشى كۆرىمەن. بىراق ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەي-
...دۇ، مېنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. مەن شۇ كۈنى سىز
...بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا كىردىم. ماھىرە تام تەرەپ-
...كە قاراپ، سىزنىڭ ھېلىقى رەسىمىڭىزنى يۈزىگە يېقىپ
...ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. باشقا قىزلار تېخى قايتىپ كەل-
...مىگەن ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ،
يوتقانغا پۈركىنىپ رەسىمنى يوشۇردى. مېنىڭ ئۇنىڭ-

ما يەنە تەسەللى بەرگىم كەلدى، بىراق نېمە دەپ
تەسەللى بېرىمەن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى مېنىڭ
تەسەللى سۆزۈمدىن ئارام تاپاتتىمۇ؟ ... (ئاھ ...
بىچارە ماھىرە!) دېدىم ئىچىمدە ئاستا شىۋىرلاپ،
ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تەۋۈش چىقار-
ماي ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. شۇ كېچە مەن ماھىرە
ئۈچۈن كۆپ ياش تۆكتۈم. ئۇ كېچىسى ئۇيان ئۆرۈ-
لۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىمىدى.

ئەتىسى ياتاقتىكى قىزلار بىر - بىرى بىلەن
خوشلاشتى. مېنىڭ ماھىرە بىلەن خوشلاشقىم، ئۇنىڭ
قولىنى سىققىم بار ئىدى. ئۇمۇ مېڭىش ئالدىدا خۇد-
دى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك ئالدىمغا كېلىپ ئازابلىق
كۈلۈمسىرەپ:

— خوش نادىرە! — دېگىنىچە غۇلچىنى كەڭ
ئېچىپ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ
يىغلاپ كەتتى - دە، بىر ھازادىن كېيىن، — سىز
ئېيتىدىگەن بەختلىك - ھە نادىرە. سىز راستىنلا
بەختلىكسىز، — دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەل-
مەي گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك جىمىپ
كەتتى ... مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ مۇنچاقتەك ئېقىۋاتقان
ياشلىرىمنى زادىلا توختىتالمىدىم. ئۇنىڭ ياشلىرىنى
سۈرتۈپ:

— مەن ئىشىنىمەن، سىز پات ئارىدا مەندىن
ئارتۇق بەختكە، كۈتكىنىڭىزدەك بەختكە ئېرىشە-
سىز، — دېدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن (ياق ... ياق



www.uyghurkitap.com

مېنى ئۇنداق ئالدىماڭ ...) دېگەندەك جاۋابلارنى
ئوقۇدۇم. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇچقاندەك يۈ-
گۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئاھ، ھېكمەت! بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب، بەخت-
سىز قىز - ھە؟ ... مېنىڭچە سىز ئۇنى بەختلىك قىلا-
لايسىزغۇ؟

قىممەتلىك ھېكمەت، كېچىككەن سۆيگۈ قەلبىم-
نىڭ ھەممە يېرىدىن ھەتتا قان تومۇرلىرىمغىچە ئورۇن
ئالدى. مېنى كەلگۈسىنىڭ گۈزەل ئىمكانلىكىگە ھەق-
لي ئىشەندۈردى. مېنى ئۈمىدۋار، لېكىن ئۇلۇغ كېچىك-
نىدىغان قىلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۆز ئىجا-
بىتىمنىڭ مېۋىسى بىلەن ئۆزۈمنى ئۈمىدۋار ھېساب-
لايمەن. مەن يەنىلا بەختلىكمەن. ھايات يەنىلا مەز-
مۇنغا باي ئەلۋەتتە. بىلەمسىز ھېكمەت، بىز بىر-
بىرىمىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تە-
بىئىيكى بىز ئۆزىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى بىر - بىرىمىزدىن
يوشۇراتتۇق. سىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا ئازاب-
لانماڭ. مەن سىزنىڭ ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن.

مەندە ھازىر ئاق كۆڭۈل، ئىتائەتمەن يولدىشىم
كېرىمگە ۋاپا قىلىشتىن ئارتۇق ئوي يوق. ھېكمەت، ئادەم
ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگەن-
گەندە ئاندىن ئۇ قەدىرلىك بولالايدۇ. گەرچە مەن
بىرنەچچە يىللاردىن بېرى كېرىمنىڭ ئالدىدا ھېسسى-
ياتسىز تىرىك مۇردا بولغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا ئىچىم
ئاغرىيدۇ. ئۇ مەندىن ئايرىلسا پۈتۈنلەي خاراب بولى-

دۇ. مېنىڭچە سىزمۇ ماھىرە ئۇچۇن، ئۇنىڭ بەختى
ئۈچۈن ئازراق ئەجىر قىلىڭ. بۇ مېنىڭ سىزدىن كۈتكەن
ئاخىرقى ئۈمىدىم.

ھېكمەت! خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى بارلىق مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار
قىلىپ تۇرغان كۈچلۈك نۇر، ھەممىنى بۆسۈپ كىردى-
دىغان ئوتلۇق قاراش ۋە جەسۇر قامىتىڭىز كۆز ئال-
دىمدا خۇددى بۇندىن بىر ئاي بۇرۇنقىدەك نامايان
بولدى.

كەچۈرۈڭ ئەزىزىم. خېتىمنى داۋاملاشتۇرالماي-
دىغان ئوخشايمەن. بىر پەس سىزنى ئەسلەپ ئارام
ئېلىۋالاي ... مەن ئاستا ئورنىمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئال-
دىغا كەلدىم. سۈپسۈزۈك ئاسمان، سۇ يۈزىگە چۈشۈپ
تۇرغان ئاي شولىسى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا تولىمۇ
گۈزەل كۆرۈنەتتى. پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىدا پارقى-
راپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ:
(كەل بىزنىڭ ئارىمىزغا قوشۇلىۋال! ... بىز سې-
نى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭغا
يەتكۈزىمىز) دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

قولۇمدا مەن ھېلىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن سىزنىڭ
يۈرىكىنى ئەزگۈچى سۆيگۈ خېتىڭىز تۇرۇپتۇ. ئەمدى
سىزگە نېمىمۇ دەي...؟ تولىمۇ كېچىكىپ، ئېرىشەلمىگەن
سۆيگۈ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ياش تۆكەيمۇ؟ مېنىڭ ھا-
زىرقى ھالىم گويا بىر مىليونېرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن
بېرى ئەجىر قىلىپ يىغقان ئالتۇنلىرىنى ئەرزىمەس



ىرسىگە تېگىشىۋېتىپ، ئۆزى بىر ئۆمۈر ھەسرەت -
نادامەت ئىچىدە ياشىغىنىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. زادى
مەن قانداق قىلاي، كېرىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ سىز
بىلەن بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشايمۇ؟ ... ئۆز بەختىم
ئۈچۈن كېرىمگە ۋاپاسىزلىق قىلسام بولارمۇ؟ ئۇ ھالدا
بارلىق ئادەملەر ئۆز بەختى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆلۈش-
ىرىلىشى بىلەن كارى بولمىسا. بەختلىكلەردىن بەخت-
سىزلەر كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟ ...

مەن خىياللىرىمدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، نېرىقى
تۆرگە قارىدىم. كېرىم كارىۋات ئۈستىدە كىيىملىرى
بىلەنلا ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.
بۇگۈن كېچە كۆزلىرىمدىن ياش قۇرىمىدى.

ھېكمەت، مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم! مەن ئەمدى
ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي. سىرتتا توخۇ چىللاۋاتى-
دۇ. سۇبھى كۆتۈرۈلگىچە خەتنى تاماملىشىم كېرەك.
مەن كەلگۈسىدىكى بەختىڭىز سىزگە چوڭقۇر نېسىپ
بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، سىز پەقەت ماھىرەنى
بەختلىك قىلالىسىڭىزلا. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم.

«بەختسىز نادىرە»

1978 - يىل، فېۋرال.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# قەبرە ئالدىدا

— ئاھ ئانا! سەن يالغۇز قىزىڭنى ئۇ دۇنياغا بىرگە ئېلىپ كەتسەڭ بولماسمىدى؟ ... ئەمدى بۇ دۇنيادا ئىگە - چاقىسىز قالغان غېرىب قىزىڭنىڭ بېشىنى كىممۇ سىلايدۇ؟

مېنىڭ بۇ ھەسرەتلىك نالىلىرىمنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. توختاۋسىز ئېقىۋاتقان كۆز يېشىم قەبرە توپىلىرىنى لايغا ئايلاندۇرۇپ باراتتى ...

— قوينىڭنى ئاچقىن ئانا، مېنىمۇ ئۇ دۇنياغا بىرگە ئېلىپ كەتكىن ...؟

— «داداڭنى تاپقىن» دېگەن ئىدىڭغۇ؟ ... بىراق دادام ئۆزىنىڭ ياش ئايالىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلپەتداشلىرى ئالدىدىكى ئىززەت - ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن مەندەك بىر بەختسىز ئاجىزەنى قۇربان قىلىۋەتتى.

ئانا، سەن ۋاپات بولۇش ئالدىدا مېنىڭ بېشىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

جېنىم قىزىم، سېنى ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلە-



...لەيدىغان ئوخشايمەن. چۈنكى رەھىمسىز راك كېسەـ ...لى مېنى سەندىن ئەبەدىي جۇدا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ...غلىما بالام، مېنى كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن دېسەڭ ...غلىما. سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن ئاققان ياشلار مېنىڭ ...يۈزلىرىمگە تېمىسۇن. داداڭنى تاپقىن. ئۇ سېنى ياخـ...ى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ھازىر بىر نازارەتتە مۇھىم خىزـ...ەتتە، ھەممە ئادەم ئۇنى تونۇيدۇ. ئۇ ماڭا ۋاپا قىلـ...مىغىنى بىلەن ساڭا — ئۆزىنىڭ قىزىغا ۋاپا قىلار، ...دېگەن ئەمەسمىدىڭ. سۆزۈڭ ئاخىرلاشمايلا چىرايىڭ ...تارغىيىپ، نەپىسىڭ سىقىلدى. مۇنچاقتەك كۆز ياشلىـ...رىڭ سولغۇن يۈزلىرىڭنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ...ەن شۇ چاغدىلا ئۆز ۋاقتىدا ئاققان تالاي كۆز ياشـ...لىرىمنىڭ، ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇشلىرىمنىڭ پەقەت شۇ دادام ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىـ...لىشقا باشلىدىم.

سۆزۈڭ تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا قوللىرىڭ بوشىـ...نىپ، كۆزۈڭ ئوچۇق قېتىپلا قالدى. مەن ئۈستۈڭگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئاچچىق يىغلىدىم. قولۇم — قوشنىلار ...باردەملىشىپ سېنى يەرلىكىڭدە قويدۇق. كىچىككىنە ...تۇرۇپ يۈرىكىم يېتىملىكنىڭ دەردىدە ھەسرەت ۋە ...قان - ياش بىلەن تولدى. سېنىڭ ۋەسىيىتىڭ ۋە قو...لۇم - قوشنىلارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن دادامنى ...ئىزلەپ باردىم. مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى يىلىدىن ...كېيىن مەن دادامنى كۆرمىگەن ئىدىم. شۇنداق بولۇ...شىغا قارىماي دادامنىڭ كۆزلىرىنىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە

ھەكىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئاخىر دا-
ۋامىنى تاپتىم.

— قىزىم، كېرىم ھاپىزنى دەمسىز؟ ... ئىككىمىز بىر بىنادا ئولتۇرىمىز، — دېدى قولىدا يوغان بولاقنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالغان ئاق پىسماق، پاكار، ئىنىكەلگەن سېمىز ئادەم ۋە مېنىڭ جاۋابىمدىن كېيىن مېنى باشلاپ ماڭدى. بىز بىرلىكتە تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقتۇق.

— مۇشۇ ئۆي شۇ، — دېدى يان تەرەپتىكى ئۆينى ماڭا كۆرسىتىپ ۋە خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ:

— تارتىنچاق ئىكەنسىز، جۇرۇڭ، مەن بىلەن بىرگە كىرىڭ، — دېدى - دە، ئىشىكنى ئاستا ئۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا يېشى 30 دىن ھالقىغان ئورۇققىنا بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىزنى كۆرۈپ:

— ھە، ئاچىجاڭ، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى بۇ يەرگە قانداق يېتىپ قالدىكىن؟ — دېدى ياسالما ئاۋاز بىلەن ۋە مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— كېرىمكام تېخى ھېلىراقتا سىلىنىڭ كەپلىرىنى قىلىپ ئولتۇراتتى، يۈرسىلە، — دېگىنىچە بىزنى مېھمانخانىغا باشلاپ ماڭدى. دادامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم بىرئاز تەسەللى تاپقاندەك بولسىمۇ، بۇ ھەشەمەتلىك كارىدوردىكى گىلەملەر ئۈستىدىكى توپىغا مىلەنگەن ئاياغلىرىمنى كۆرۈپ قورۇنۇپ كەتتىم.



مېھمانخانىغا كىرىش بىلەن كۆزلىرىم چاقناپ بەدىنىم تىترەپ كەتتى. مەن ئەزەلدىنلا كۆرۈپ باقمىغان، ئادەتتىن تاشقىرى كۆركەم ياسالغان بۇ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدىكى گىلەملەر سېلىنغان سافادە ئولتۇرغان ئۈچ جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ماڭا قاتتىق ھەيرانلىق بىلەن باققان، سېمىزلىكىدىن پورۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تولىمۇ ئاددىي - سادە بىر يېزا قىزىنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك قورۇغا كېلىشىگە قانداقلارچە پېتىنالىغانلىقىغا ھەيران بولغان ھەم مەسخىرە قىلىپ كەمسىتمەكچى بولۇۋاتقاندەك مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا مېنى باشلاپ كىرگەن كىشى ئۇدۇلدىكى سافادا ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك، سېمىزغىنە كىشىگە قاراپ:

— ياخشىمۇ سىز كېرىماخۇن! — دېگىنىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېمىزغىنە، ئۇچىسىدا قىممەت باھالىق رەختتىن كۆڭلەك كېيگەن، ئاپپاق بويىنىغا قات - قات مەرۋايىت ئېسىۋالغان، قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈك سالغان گۈزەل ئايالغا قاراپ:

— نۇسرەتخان، ئۆزلىرىچۇ؟ — دېدى ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ. ئايال «ياخشى» دېگەندەك تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. مېنى باشلاپ كىرگەن كىشى باشقىلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قولىدىكى يوغان بولاقنى نۇسرەتخانغا «ئاز بولسىمۇ» دېگىنىچە سۇندى. ئاندىن مېنى كۆرسىتىپ:

— كېرىماخۇن، بۇ قىز ئۆزلىرىنى ئىزلەپ كەپ-

تۇ، — دېدى.

يوشۇرمايمان، گەرچە ئۇنى يەتتە يىل ئىلگىرى كۆرگەن بولسام‌مۇ كۆزلىرى ئېنىق ئېسىمدە قالغان ئىكەن.

دادام مېنى كۆرۈپ گويا ئۆتمۈشنىڭ خىرە يىللىرىنى ئەسكە ئالغاندەك چىرايىدىكى كۈلكە ئالامىتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خىيال ئارىلاش ۋەھىمە بىلەن يېنىمدىكى نۇسرەت ئىسىملىك ئايالغا قادالدى. ئايال كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان توم قارا كۆزلىرى ئارقىلىق بېشىمدىن ئايىغىمغىچە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ياش ئايالنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەن.

دادام ئايالنىڭ چىرايىدىكى ماڭا بولغان ئىپادىلەرنى كۆرۈپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ئولتۇرۇشقا باشلىدى ۋە ماڭا زەڭ سېلىپ قاراپ قويدى.

ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مېنى تونۇيالماي قالغاندۇ بەلكىم. شۇڭا مەن تونۇشلۇق بەرسەم، ئۇ مېنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىمغا قاراپ، ئىچ ئاغرىتىپ مېنى باغرىغا باسىدۇ، مەندىن ئۆزى چوڭ بولغان يېزىنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى پۇراپ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ، مېنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان سۇنۇق كۆڭلۈمنى ئاتىلىق مېھرىگە بولسىمۇ قاندۇرىدۇ دەپ ئويلىدىم - دە:

— ئاھ كېرىم دادا!! — دەپ ھەسرەتلىك ئىڭ



لىنىپ، قوللىرىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

دادام كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىغىنىچە:

— سىز ... سىز ... دېدى.

قوللىرىم ھاۋادا ئېسىلغىنىچە قالدى.

— ئانام ۋاپات بولۇش ئالدىدا مېنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزغا بېرىشىمنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. مەن ئانامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كەلدىم. دادا، مەن قىزىڭىز نۇرجامال بولىمەن، — دېدىم كۆزلىرىمگە لىق تولغان ياشلىرىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

دادام سۆزۈمنى ئاڭلاپ ۋەھىمىلىك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى گويا جىنايى قىلمىشلىرىنى يوشۇرغان جىنايەتچىنىڭ ساقچى تەرىپىدىن بارلىق جىنايىتى ئاشكارە بولۇپ قالغان چاغدىكى ۋەھىمە باسقان قورقۇنچلۇق چىرايىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. ئارىنى قاپلىغان جىمجىتلىق ئىچىدە مېھمانلار دادامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ھەيران قېلىشتى.

شۇ چاغدا دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېمىز ياش ئايال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كۆزلىرىدىن سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ:

— كېرىم گەپ قىلمىغچۇ؟ ماڭا ئىلگىرى مەن تۇرمۇشلۇق بولمىغان دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ ئەگەر بۇ ياق راستىنلا سىزنىڭ قىزىڭىز بولسا، ئۇنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىمەن! — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى.

مەن دادامنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە «قېنى دادا، ۋىجدانىڭىز نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن» دېگەن ئىلتىجا بىلەن قارىدىم.

دادام بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى تېخىمۇ ئۆزگەرتىپ:

— بۇ ... بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئىلگىرى راستىنلا مېنىڭ ئايالىم بولمىغان، — دېدي ۋە يېنىدىكى ئايالىغا يېلىنىپ بىچارە قىياپەتتە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بايلىقلىرىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئەتراپىدىكى جورىلىرىدىن نىجاتلىق تىلەۋاتقان بىچارە قىمارۋازغا ئوخشايتتى.

ئېيەلمىدىگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرە ــ ھە!

كۆزلىرىمدىن مۇنچاقتەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەن قەدەملىرىمنى تەسلىكتە ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغىنىمدا ئۆي ئىچىدىن مەسخىرىلىك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى ...

جېنىم ئانا! دادام مېنىڭدىن تاندى. سەنمۇ مېنى تاشلاپ كەتتىڭ. بەختسىز قىزىڭنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈڭ قانداقمۇ ئۇنىغاندۇ؟ ... مەن ئەمدى قانداق قىلاي ...؟ ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان يۈرىكىم ئانا تەرىپىدىن تېخىمۇ ئېغىر زەخىملەندى. ئۇ ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ ...

ئاھ! مېنىڭ نىجاتچىم! ... قۇتۇلدۇرغۇچۇم.... بەدەن سەن؟ ... سەن قەيەردە؟ ئانا ...!



# كىتاب سېتىۋېلىش

سىنتەبىر ئېيىنىڭ دەسلەپكى يەكشەنبە كۈنى ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى. قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرىنى كەڭ زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا.

مەن ياتاقتىن خېلى ئەتىگەن چىقتىم. بۈگۈنكى پىلانىمىز خەلق باغچىسىغا بېرىش ئىدى. دېيىشىپ قويغىنىمىزدەك، مەن دوستۇم دىلشاتنىڭ ياتىقىغا قاراپ يول ئالدىم. ئۇ ئاجايىپ قىزىق يىگىت ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا «كىتاب خالتىسى» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كىتابقا بولغان ئامراقلىقى ئاشقان پۇلىغا كىتاب سېتىۋېلىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. مەن دىلشاتنىڭ ياتىقىغا كىرگىنىمدە ئۇ كۆزىنىمۇ يۇماستىن يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» ناملىق كىتابىنى پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ ياتىقىغا كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. پەقەت كىتاب جازىسى ئالدىدا تۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئەسقەرنىڭ «كەل ئاداش، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ» دېيىشى ئۇنىڭغا سىگنال بولدى. ئۇ شۇ چاغدىلا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ

ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەسلىدى.
مەن ئۇنىڭ ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ:
— دىلشات سەن «قايناام ئۆركىشى» ناملىق بۇ كىتابنى خېلى بۇرۇن ئوقۇپ بولغانىدىڭغۇ؟ — دېدىم.
— شۇنداق، ماۋۇ ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇشۇم. بۇ كىتاب ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان، زامانىمىزدىكى نادىر ئەسەر، خەلقىمىز ل. مۇتەللىپ ھەققىدە مانا مۇشۇنداق بىر تارىختىن خەۋەر تېپىشنى جىددىي ئارزۇ قىلغان ئىدى، بولۇپمۇ بۇ بىزنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئارزۇيىمىزغۇ؟ شۇڭا بۇ كىتابنى ئوقۇپ تويمايمەن. ئۇنى ئوقۇغانسېرى ئاپتورغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشىدۇ، — دېدى جاۋابەن.
— توغرا شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن قانائەتلىنىپ. بىز ئۈچىمىز دىلشاتنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ ئۇدۇل خەلق باغچىسىغا قاراپ يول ئالدۇق. ئەسقەر كېتىۋېتىپ كىتاب ھەققىدە سۆز باشلىدى:
— بىزنىڭ ئۆيدە ھەممە كىتاب بولغاچقا مەن ئوقۇمىغان كىتاب قالمىدى. «كىتاب ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت ئىلغارلىرىنىڭ پەلەمپىيى»، «كىتاب دېگەن بىلىم كانى» دېگەنە ئاغىنىلەر، — دېدى.
بىز ئىككىمىز ئەسقەرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ماڭغىنىمىزدا ئالدىمىزدىكى كىشىنىڭ قولتۇقىغا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىنغان بىر كىتابنى قىستۇرۇۋېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم — دە:



— قولىڭىزدىكى قايسى كىتاب؟ — دېدىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.
— «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاب، بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىدىن چىققىنى ئىكەن — دېدى — دە، ئۇ يولىغا راۋان بولدى.
بىز ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، مەن بىردىنلا باغچىغا بېرىشتىن كۆرە كىتابخانىغا بارمايمۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى مەنمۇ شۇ كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتاتتىم. ئۇ چاغدا دىلشات بىزگە قاراپ:
— ئاغىنىلەر بىز باغچىغا بارغاندىن كۆرە كىتابخانىغىلا بارمامدۇق، — دېدى. ئەسقەر ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي ماڭا قارىدى. مەن دەرھال دىلشاتنىڭ سۆزىگە قوشۇلدۇم.
بىز ئۈچ دوست يول بويى ئوقۇغان كىتابلىرىمىزدىكى قەھرىمانلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭلارنى قىلىشىپ ماڭغاچقا «شىنخۇا كىتابخانىسى»غا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنىمۇ تۇيماي قاپتىمىز. بىز كىتابخانىغا كىرىپ كىتاب ساتقۇچى قىزغا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابنى ئالدۇردۇق. مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭ خۇددى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئىزدەپ تاپالمىغان ئەڭ قىممەتلىك ئەرسەمنى — بىباھا گۆھەرنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن ئۇنى ئىنتايىن ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدىم.

— ئاپتورى كىمكەن؟ — دېدى ئەسقەر.
— ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە پەيلاسوپ ئالىم، — دېدىم جاۋابەن.
— مەن بىرنى ئالىمەن، باھاسى قانچىكەن، — دېدى دىلشات.
— ئون يۈەن ئىكەن. دىلشات يانچۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپتى، ئاران - ئاران يەتتە يۈەن پۇل چىقتى. مەن يانچۇقۇمدىكى بارى - يوق بەش يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ «تېزراق ئالغىن» — دېدىم.
ئەسقەر يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك بىرمۇنچە پۇلنى چىقىرىپ، بىر يۇلغا، بىر كىتابقا، قاراپ، پۇلنى ئىتتىك يانچۇقىغا سېلىپ: «ۋۇيىيەي ئون يۈەنگىمۇ كىتاب ئالامدىكەن، ئون يۈەن دېگەنگە ...» — دېدى. شۇ ئارىدا دىلشات ھېلىلا سېتىۋالغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابنى كۆتۈرۈپ خۇشاللىق بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى. بىز ئۈچىمىز كىتابخانىدىن چىقتۇق. دىلشات ماڭا: ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى، — دېدى. «بولدى. بولى سەنلا كۆرگىن، مەن ھېلىلا بىرنى ئالىمەن» دېدىم.
بىز كىتابخانىدىن چىققىنىمىزدا ئەسقەر مۇغەببەرلەرچە ھىجىيىپ: «جورۇقلار ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر رومكىدىن كۆتۈرەيلى» — دېدى.
بىز ئىككىمىز:



— بولدى. ساڭا كۆپ رەھمەت! ئۇ رومكىلارنى پەقەت سەنلا كۆتۈرۈپ ئارلىشىپ كەتكىن. بىز كىتابنى كۆرەيلى دېدۇق. شۇئان كۆزلىرىم يېنىمدا تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە كېتىپ بارغان «كىتاب خالتىسى» دوستۇمغا چۈشۈپ، قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئىشەنچ - ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقان بولسا كېرەك، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.
بۇنىڭ ئەكسىچە ھە دېسە ئاغزىدىن «كىتاب» دېگەن سۆز چۈشمەيدىغان دوستۇم ئەسقەر مانا مۇشۇ مىنۇتتىلا مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس كىشى بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ كىتاب كۆرۈشتىن رومكا كۆتۈرۈشنى ئەلا بىلىپ، قاۋاقخانىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق، ئۇ ھە قاۋاقخانىغا. يەنى تارىختىن بۇيان مىللىتىمىزنى نادانلىق ۋە ئاسارەتلىك يولغا ئېلىپ مېڭىۋاتقان ئاشۇ تېگى يوق ھاڭ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. —



# پۇشايمان ۋە ئازاب

ئىيۇل ئايلىرى ئىدى. رائىلە ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان كويا سەدرە قىلىنغان قىزلاردەك ئۆيدىن چىقماي، ئائىلە ئىشلىرىغا يارد‌ەملەشتى، ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ:

— قىزىم بولدى، قالغان ئىشلارغا ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بىردەم ئۇخلىۋال، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خىزمەتكە چۈشۈپ كەتسەڭ ئارام ئېلىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەي قالىسەن، — دېگەنلىرى تەكرارلانغاندىن كېيىنلا ئۆز خانىسىغا كىرىپ ئارام ئالاتتى ۋە كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ، قولىنى بويىنىغا كىرە سالغىنىچە دېرىزە ئۈستىدىكى تەشتەكلەرگە قويۇلغان رەڭدار گۈللەرگە تىكىلىپ ئۇزاق - ئۇزاق خىيالغا چۆكەتتى. ئۇ بۇگۈنمۇ ئۆزىنى ھەرقانچە زورلاپ باقسىمۇ، زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ ئادىتى بويىچە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلارنى ئېتىشىك ئالدىدىكى دەرەخلىكتە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.



ئۈستى - بېشى تۇرقىغا ئانچە ماسلىشىپ كەت...
...ەيدىغان، دائىم بىر خىل كۈلۈمسىرىگەندەك كۆرۈندى...
...ئان ھېلىقى ناتونۇش يىگىت تونۇگۈنكى ۋاقىت بىلەن
...ۇددى گۈللۈكتە ئايلىنىپ يۈرگەن كېپىنەكتەك
رائىلەنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇ ئېگىز بويى، بۇدۇر چاچلىق يىگىت بولۇپ، ...ۈچىسىغا قارا يوللۇق سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا ...كىيىپ، ئالا - چىپار رەختتىن گالىستۇك تاقىۋالغان. ...ۇتىغا ئاق شىبلىت كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا ...ۇشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ يوغان كۆزىگە ئاللىقانداقتۇر بىر خىل سىر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ...ۇلدۇ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ...لەۋلىرىمۇ بۇلارنى يوشۇرۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ...بۈگۈن قانداقتۇر ئالدىنقى كۈنلەردىكىدەك دەرەخلىك ...ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ خىيالمۇ ...ۇرمەي ياكى ئالدىدىكى گۈللۈككە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ...ئىشتىياق بىلەن قاراپمۇ كەتمەي، يېنىك قەدەم بې...
...سىپ رائىلەنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ ھالەتنى سەزگەن قىزنىڭ يۈزى شەپەردەك ...قىزىرىپ. يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى تېز - تېز سو...
...قۇشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قولىدىكى كىتابتىن ئۈز-
...ەي جىمجىت ئولتۇراتتى.

— كۆرۈۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟

يىگىتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى قىزنى كىتاب ئوقۇش...
...تىن توختاتتى. قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدا تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قىز بۇ تونۇش كۆزلەرنى قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنى ئەسكە ئېلىش ئۈچۈن تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي، ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پەقەتلا «بەش سىزىقلىق نوتا» دېيەلىدى.

— كۆرۈپ باقسام رۇخسەت قىلامسىز؟

رائىلە قولىدىكى كىتابنى ئۇنىڭغا سۇندى. يىگىت كىتابنىڭ سىرتىغا بىر قۇر سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ كىتابتىكى ھەربىر بەتكە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئەمدىلا خەت تارتىۋاتقان ئىنچىكە بۇرۇتلىرى، خۇددى قارا سىيا بىلەن سىزىپ قويغاندەك كۆرۈنگەچكە قىزنى كۈلكە قىستايتتى.

يىگىت كىتابنى رائىلەگە بېرىۋېتىپ:

— سىز مۇشۇنداق كىتابلارغا بەكمۇ قىزىقىدىكەنسىز - ھە؟ دېدى.

— ھەئە. سىزمۇ قىزىقامسىز؟

— ۋوي، قىزىقمامدىغان، مەنمۇ مۇزىكىغا ئائىت كىتابلارنى كۆپ كۆرىمەن. چۈنكى مېنىڭ كەسپىم مۇزىكا، يەنى ئاكاردىيون ئەمەسمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىگە ئۆتكەن رائىلە يىگىتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا ... «ئاكاردىيون» دېگەن سۆزنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى. يىگىت ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش نەزەرى بىلەن قىزنىڭ ئىپادىلىق چىقىپ تۇرغان ئۇماق قارا كۆزلىرىگە، يېرىم ئېچىلغان، چىمەنسىمەندەك رەڭدار نېپىز لەۋلىرىگە قاراپ قادىلىپلا قالدى.

— مەن مۇزىكىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئەپسۇسكى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سەنئەت مەكتىپىگە ئەمەس، ئاشلىق مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدۇم. مۇزىكانت بولۇش ئارزۇيۇم چەكلىمىگە ئۇچراپ كەتتى، — دېدى ئەلەم بىلەن.

— سىز راستىنلا ئاكاردىيوننى ياقتۇرامسىز؟ — دېدى يىگىت قىزنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— شۇنداق، ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن. مۇزىكا مېنىڭ بىردىنبىر روھىي ئوزۇقۇم.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئىمتىھان بەرمەيسىز؟ ئۆزىڭىزمۇ ئارتىس بولۇشقا لايىق قىز ئىكەنسىز، — دېدى يىگىت كۆزلىرىنى قىزدىن ئۈزەلمەي. قىز جاۋاب بەرمەستىن يەرگە قارىۋالدى ۋە يىگىتنىڭ بۇ خىل ئە‑ ئابىدىللىق بىلەن سوراشلىرىغا ھەيران بولۇپ:

— بۇلارنى سوراشتىن مەقسىتىڭىز نېمىكەن؟ — دېدى پەرۋاسىزلىق بىلەن. يىگىت يەنىلا بىر خىل كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى چۈشەنگىم كېلىۋاتىدۇ. سۆزىڭىزنى چۈشىنىش ۋە سىز بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان خىيالىي كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم، سىز ئەجەبلەنمەڭ، بۇلارنى كېيىن

چۈشىنىپ قالىسىز...

ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقان سوئاللار رائىلەنى ئوڭايسىزلاندۇردى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. بۇنى سەزگەن يىگىت ئەتىنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ھالدىن ھەيران بولغان قىز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟

يىگىت ئويلىنىپ جاۋاب بەردى:

— ئوبلاستلىق سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. ئىسمىم ئېلمىيار، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، — دېدى قەدىناس دوستلارچە قولىنى سۇنۇپ. ئۇلار تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنچىلىك ئابرۇيلۇق يىگىتنىڭ ئەمدىلا چەمبىيەتكە قەدەم قويغان ساددا بىر قىزغا شۇ دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى رائىلەنى ئاجايىپ ھاياجانلاندۇرغان ئىدى.

— ئەگەر سىز خالىسىڭىز مەن سىزگە ئاكاردىيون ئۆگىتىپ قوياي، ئانچە ئۇزاققا بارمايلا داڭلىق ئاكاردىيونچى بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، قانداق؟...

رائىلە يىگىتنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشنى ياكى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلەلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئاكاردىيوننى ئۆزى بىلمەيدىغان ئۇرغۇن مۇرەككەپ چەت ئەل ئاھاڭلىرىغا چېلىش ماھارىتىنى ئىگىلىۋېلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان

...ئېلمىيارنىڭ سۆزىنى قالت...
...سىدى؟ شۇڭا ئۇ بۈگۈن
...رەت قىلالىسۇن؟

...ەش - پەش دېڭىزچە بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، ...نىڭ رائىلەنى داۋاملىق ئىزلەپ تۇردى. ئۇلار بۇ-... خەلق باغچىسىدىكى دەريا بويىدا ئۇچرىشاتتى. ...ۇن ئاكاردىيوننى شۇنداق يېقىملىق چالدىكى، ئۇنىڭ ...ليار رائىلەنىڭ قەلبى ئاجايىپ يېڭى... ...نىسى بىلەن تەڭ رائىلەنىڭ قەلبى ئاجايىپ يېڭى ...ىلارغا چۆمدى. ئېلمىيار يالغۇز ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغىلا ...ەس، بەلكى چەت ئەل ناخشىلىرىنىمۇ بىرنەچچە ...ئاڭ ئۇرۇنلىغانلىقى ئۈچۈن:

— پاھ، سىز ئاكاردىيوننى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ...ياللىدىكەنسىز، مەن سىزدىن چوقۇم ئۆگىنەي، — دېدى ...نىز ھاياجان بىلەن. ئېلمىيار رائىلەگىمۇ ئاكاردىيون ئۆگ-...كىنىپ قويدى. ئۇنىڭ تالانتىغا رائىلە ھەقىقەتەنمۇ ...قايىل بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە ئېلمىيارغا ...نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېلمىيار رائىلە بىلەن ...ئانئەت ھەققىدە سۆزلىشىۋېتىپ:

— قاراڭ رائىلە، چوڭ ھەدەم كىنو ستودىيىسىدە كوم-...پوزىتور، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئارتىس-... ...لار. بۇ سۆزلەرگە چىنپۈتكەن ساددا قىز يالغۇز ئېلمىيارغىلا ئەمەس بەلكى ئائىلىسىگىمۇ مايىل بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېلمىيار رائىلە ۋە ...ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئامىنە ئۈچى بىرلىكتە باغچىغا ...كىردى. ئېلمىيار بۇ قېتىم ئاجايىپ سېخىلىق ۋە مەرد-

لىك قىلدى. ئۇلار بىرقانچە سائەت بىرگە باغچىدا
ئايلاندى. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا ئامىنە ئالەر
راپ كېتىپ قالدى.
ئۇلار دەريا بويىدىكى يولدا يانمۇ يان پاراڭ
لىشىپ مېڭىپ گويا مۇشۇ مېڭىشى بىلەن مەڭگۈ بىر
يولغا قەدەم قويغاندەك ھېسسىياتقا كېلىشتى. شۇ تاپ
ئۇلارنىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا تولغان،
چىرايلىرىدا بولسا شادلىق كۈلكىسى جىلۋىلەنگەن
ئىدى.
يىگىت:
— رائىلە، سىز ھەقىقەتەن ياخشى قىز ئىكەنسىز.
مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن سىزنىڭ قارا
كۆزلىرىڭىزنى، گۈزەل قامىتىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم.
ئەگەر سىز خالىسىڭىز بىز توي قىلساق دەيمەن. مەن
سىزنىڭ ئۆمۈربويى بەختلىك بولۇشىڭىزغا كاپالەتلىك
قىلالايمەن، — دېدى. قىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، سەل ئويـ
لىنىپ قالدى ۋە ئاخىر:
— ياق مۇمكىن ئەمەس، مەن سىزنى ئۇستازىم
سۈپىتىدە داۋاملىق ھۆرمەتلەيمەن. ئارتۇقچە بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس، — دېدى. يىگىت قىزغا يېلىنىپ:
جېنىم رائىلە، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مې
نى ئۇنداق قىينىماڭ. سىزدىن ئايرىلىپ ياشىشىنىڭ
مەن ئۈچۈن قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق، — دېدى چىرايىغا
ئازابلىق تۈس بېرىپ. يىگىتنىڭ بۇ كۈچلۈك تەلپى
قىزنى بىر ھەپتە ئويغا سالدى. ئىلگىرى ھېچقانداق



[مۇھەببەت] ھېسسىنى تۇغۇلمىغان قىزنىڭ سەبى قەلبىدە
[يىگىتنىڭ] مۇھەببەت تەلپى بىلەن تەڭ قانداقتۇر بىر
[...] ئۈچۈن سۆيگۈ ئوتى بارلىققا كەلدى. شۇڭا ئۇ
[...]دى دوستى ئامىنەگىمۇ مەسلىھەت سالماي، مۇشۇنـ
[...]دان بىر ياخشى يىگىتنىڭ تەلپىنى رەت قىلسام
[...]انداق بولار — دەپ ئويلىدى — دە، ئۇنىڭ تەلپىگە
[...]ۇنۇلدى. يىگىتنىڭ شۇ قەدەر يېقىنچىلىقى، دەسلەپ
[...]كى تەدەمدىكى مەردلىكى ۋە مۇزىكانتلىقى قىزنى ئۆ
[...]زىگە ماگنىتتەك تارتقان ئىدى.
[...]ئەتىسى رائىلە ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە كەلگىنـ
[...]دە ئانىسى ئۇنىڭغا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، تەنە ئارـ
[...]لاش:
— بىلەمسەن قىزىم، ماۋۇ سوۋغاتلارنى كىم ئې
[...]لىپ كەلدى؟ — دېدى. رائىلە كەنتۇر ئۈستىدىكى
[...]چوڭ - چوڭ ئىككى بولاقنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.
ئانىسى ئۇنىڭغا:
— ھەرھالدا يىگىتنىڭ مەرد يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ
[...]بىزنىڭ ئۆيگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كېلىشى،
[...]مەن پەخەس بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆرۈكىنى تارتقىنىمـ
[...]ۇزى ھەرىكىتىدىن قارىغاندا ئۇ ئانچە ياخشى بالا
[...]ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ قىزلاردەك ياسىنىۋېلىشىنى
[...]يەمىدىغان تېخى، — دېدى.
رائىلە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر ھازا سۆزسىز
[...]ولتۇرۇپ قالدى ۋە:
ئانا سىز ئۇنى ئۇنداق خاتا چۈشەنمەڭ، ھاكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىنىڭ، قىزىڭىز بۇ ئىشتا ھەرگىز ئازغىنى يوق.
مەن سىزدىن خۇش بولاي. باشقىچە ئويلىماڭ — دېدى.

...

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىيار خىزمەت ئورۇ-
نىغا قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ:

— رائىلە، ئەگەر خالىسىڭىز بىرگە ئېلىپ كېتەي. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىزنى ئەسلى كېيىملەر بىلەن ئالاھىدە ياساندۇرۇپ قويىمەن. ھەمدە سىزنى چوقۇم سەنئەت مەكتىپىگە ئالدۇرىمەن. قانداق، بارامسىز؟— ئۇ بىر خىل سوئال نەزەرى بىلەن قىزغا تىكىلدى. قىز كەسكىن ھالدا:

— ئېلىيار، مەن خىزمىتىمنى قىلىۋېرەي، كۆرۈپ تۇرۇپسىز. ئانامنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى - يۇ، لېكىن كۆڭلىدە يەنە ئېلىيارنىڭ بۇ تەلىپىگىمۇ ماقۇل بولغۇسى كەلدى ۋە ئۇ ئىش توغرىسىدا دوستى ئامىنە بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئامىنە ئۇنىڭغا:

— سەن ئېلىيارىيا ئىشىنەمسەن؟ — دېدى. رائىلە ئىككىلەنمەستىن «ھەئە»— دەپ جاۋاب بەردى. ئامىنە سەل ئاچچىقلىنىپ:

— سەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىپسەن. مېنىڭ نېمىشقىدۇر ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا سەن ئۇنىڭغا بەك باغلىنىپ كەتمىگىن. بىر مەزگىل ئۇنى يەنىمۇ تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشقىن. بىز باشقىلارنىڭ جىنسىنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ باشقى-



لى چۈشەنمەسلىكىمىزدىن قورقىشىمىز، تۇيۇق يولغا
رىپ قېلىشىمىزدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. جىنسىم
مىزىم بۇنداق، دېسەم رەنجىپ قالمىغىن يەنە، —

دى رائىلە دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل خىجىل

لدى ۋە:

— دوستۇم، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىڭ ئۈچۈن
مەت. ئانامۇ ئېلىيارغا شۇنداق قارايدىكەن. ئۇنى
لدىن باشقا ئادەم چۈشەنمەيدۇ. ئۇ ياخشى يىگىت،
ۇنىڭ بىلەن چوقۇم بەختلىك بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەن
مەن، — دېدى.

مانا، ئېلىيار ئەتە ماڭماقچى. ئۇلار بۈگۈنكى ئەڭ
ئاخىرقى ئاخشامنى بىرلىكتە ئۆتكۈزمەكتە.
سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئاخشىمى ئىككى
باشنىڭ تۈنجى قېتىملىق شېرىن مۇھەببەت ئىزھارى
بىلەن ئۆتمەكتە.

ئايدىڭ كېچە، ئەتراپ جىمجىت. كېچىنىڭ
ساپ ھاۋاسى كىشىگە راستىنلا ھۇزۇر بېرەتتى. بۇ
تۈنجى مۇھەببەت قىزنىڭ بىغۇبار قەلبىدە ھېچنېمە بىـ
لەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىللىق بىر سېزىم
ئويغاتقان ئىدى.

رائىلە ئېلىيارنىڭ ئالدىدا ئېگىز تېرەككە يۆلەنـ
كىنىچە يىراق — يىراقلارغا نەزەر سالماقتا ئىدى. ئۇ
بۈگۈن ئېلىيارغا ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىشىپ كەتـ
كەنلىكى كۆرۈنەتتى. ئېلىيار ئۆزىنى خۇددى بىر پارچە

ماگنىت ئۆزىگە تارتقاندەك ھېس قىلىپ رائىلەنىڭ گۈ-
زەل چىرايىغا خىيال ئارىلاش قاراپلا قالغان ئىدى.
ئۇنىڭ قىزغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدە بىر خىل كۈچ-
لۈك غەيرىي ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى يېغىپ تۇراتتى.
ئۇ قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ مۈرىسىگە قو-
يۇپ:

— مېنىڭ گۈزەل لەيلەم، سىزنى ئۆمۈر بويى
سۆيىمەن. بىز پات ئارىدا بەختلىك بىر ئائىلىگە جەم
بولىمىز. دادام يېقىندا شاڭخەيگە سەنئەت كۆرگەزمىگە
بارماقچى، ئۇ سىزگە بىر دانە ئاكاردىيون ئېلىپ كې-
لىدۇ، زېرىككەن چاغلىرىڭىزدا چالىسىز، — دېدى. قىز
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تۈگەتكۈسىز بايلىق تېپىۋالغاندەك
تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، ئوماق كۆزلى-
رىنى ئۇنىڭغا تىكەتتى. يىگىت خۇددى بىر نەرسىدىن
قورققاندەك ئەتراپىغا قارىۋېتىپ يانچۇقىدىن ھارقى-
راپ تۇرغان بىر دانە مېدالىيوننى چىقىرىپ:

— بۇ مېنىڭ سىزگە قالدۇرغان خاتىرەم بولۇپ
قالسۇن، ئېسلەپ قويارسىز، كېلىڭ ئۆز قولۇم بىلەن
ئېسىپ قوياي دېدى. ۋە شۇئان قىزنى باغرىغا مەھ-
كەم باستى. بۇنداق بولۇشنى تېخى ئويلاپ يەتمىگەن
رائىلە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يىغلاپ تاشلىدى. ئې-
لىيار بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئۇنى قويۇۋەتتى ۋە يېلى-
نىش تەلەپپۇزىدا:

— نېمە بولدىڭىز؟ مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟ —
دەپ سورىدى تىترەك ئاۋاز بىلەن. قىز ئىككى قولى



يۈزىنى توسۇۋېلىپ:

— ياق رەنجىمىدىم. سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆر-
...لكىمدىن... ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرال-
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان يىگىت قىزنى يەنە بىر
قۇچاقلاپ سۆيدى.

رائىلە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى.
قۇلىقىدا پەقەت:

— مېنىڭ گۈزەل لەيلەم، — دېگەن پىچىرلاش-
ئاڭلىناتتى. رائىلە شۇ ھامان ئېسىنى يىغىپ ئانـ
سۆزلىرىنى ئويلىدى، — دە:

— ئېلىيار، مەن سىزگە تولۇق ئىشىنەلمەيۋاتى-
— دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىگىت قىزغا لاپ-
بىر قارىدى ۋە: «سىز نېمە دەۋاتىسىز، ئۇنداقتا
ئىشەندۈرۈشكە باشقا ئامالىم يوق. لېكىن سىز-
راستىنلا سۆيىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ جېنىم، — دې-
باش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى رائىلەگە تىكىپ.
يىگىتنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن قىزنىڭ ئۇنىڭغا
ئىچى ئاغرىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلى-
تاس قالدى. ۋە ئىچىدە: مەن ئۇنى خاتا
ئەيىبلەپتىمەن، — دېدى ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— مۇشۇ كەتكىنىچە قاچان كېلىسىز؟ — دېدى
رائىلە ئېلىيارغا ئۈمىدلىك قاراپ.

— قىشلىق تەتىلدە چوقۇم كېلىمەن. مېنى كۈ-
بىز باش باھاردا توي قىلىمىز، مەن سىزگە
تويلۇق ئېلىپ كېلىمەن. خەير — خوش، سىز-

دەك گۈزەل قىزنى ئۇنتۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇشكۈل، — دېدى ئېلىيار قەلبىنى چۈشەندۈرۈپ.

ئۇلار يېرىم كېچە بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالەتتە خوشلاشتى.

× × ×

مانا ئېلىيارنىڭ «خىزمەت ئورنى»غا كەتكىنىگىمۇ ئۈچ ئايدىن ئاشتى. ئۇنىڭدىن رائىلەگە بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. ئۇ خوشلاشقان ۋاقتىدا ۋەدە بېرىپ: خەت يازىمەن دېگەن ئىدىغۇ؟

لېكىن رائىلەنىڭ ئېلىيارغا يازغان خەتلىرى ئۆز پېتىچە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۈمىد بىلەن كۈتكەن قىشلىق تەتىلمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن ئېلىيار كەلمىدى. پەقەت ئامىنەلا بۇ ئىشتا دوستىنىڭ بىرەر قىلتاقىقا چۈشكەنلىكىنى جەزم قىلىپ:

— قانداق، مەن دېمىدىممۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ كېلىشى ناتايىن. سېنىڭ ئېلىيارغا شۇ دەرىجىدە ئىشىنىپ كەتكىنىڭگە ھەيرانمەن. بولۇپمۇ ئېلىيارغا ئوخشاش يىگىتلەرنى ياخشى ئادەم دەپ جەزم قىلىش تېخىمۇ قىيىن. سەن بۇ دېگەنلىرىم ئۈستىدە ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

رائىلە ئامىنەنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىگە تاقەت قىلالماي:

ئەڭ ياخشىسى سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاش-



مايا تتتا ھەربىر كىشى ئۆزىگە چۈپ تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكى. بىر - بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. ئۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئامىنە ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان بولدى.

بۈگۈن كېچە رائىلە چۈشىدە تۈنجى قېتىم ئېلىيارنى كۆردى. ئېلىيار ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېسىلراق كىيىنىپ، يوغان بىر چامادان كۆتۈرگەن ھالدا رائىلەنىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك. چامادانىدا رائىلە زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل كۆڭلەكلەر، ھەر خىل رەختلەر، زىبۇزىننەتلەر تۇرغۇدەك...

ئۇ شېرىن چۈشىدىن ئويغىنىپ ئاجايىپ ھاياجانلەن: بۈگۈن ئېلىيار كېلىدىكەن، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ ئۆزىنى چۈشىدە كۆرگەن ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلغان ھالدا ئېلىيارنىڭ ئالدىدا تۇرغانىدەك ھېس قىلىپ تاتلىقتىنا بىر كۈلۈپ قويدى. ۋە تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، سېتىلىق كىيىملىرىنى كىيدى - دە، ئۆرە ئىشكاپ ئالدىغا كېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچمەي ئاپتوبۇس بېكىتىگە چىقمىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ پەيتتە ئامىنە تولىمۇ ئۈمىدسىز ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ رائىلەنى سىرتقا چاقىرىپ چىقتى. بۈگۈن ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى غەمكىن كۆرۈنەتتى. بۇنى كۆرگەن رائىلە:

— نېمە بولدۇڭ ئاداش، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدى.

ئامىنە دوستىنىڭ سەۋەبى ھالىغا ئېچىنىش بىلەن:

— بىرەر يېرىممۇ ئاغرىمايۋاتىدۇ، بىراق سېنىڭ ھېلىقى قىزىل كۆزلىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكىنىڭگە ئېچىنىۋاتىمەن، — دېدى. رائىلە ھەيران بولۇپ:

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن، ئۇ مېنى ئازدۇرغىنى يوققۇ، بىز پات ئارىدا بەختلىك بىر ئائىلىدە ئۇچرىشىدىغانلار تۇرساق، دوستۇم ئامىنە ئەتىگەندە نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن، مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭگە زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

— ئەمدىرەك چۈشىنىسەن دوستۇم، بەلكى ئىشەنگۈڭ كەلمەس. شۇنداقتىمۇ مەن ئېيتىشقا مەجبۇر.

— تۈنۈگۈن كەچ باغچىدا ئېلىسيارنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ھالى بەكمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئىلگىرىكى ئېسىل كىيىملەر ئەمەس، ئادەتتىكى رەختتىن تىكىلگەن مايلىشىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بىر قۇر ئىشتان - چاپان. ئىككى ساقچى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ تۈنۈگۈن ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ كىچىك سودا دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بىر قىزنى باغچىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇزاق سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ پۇلىنى بۇلىغان ئىكەن، نەق مەيداندا تۇتۇۋاپتۇ. قارا، ئۇ نېمىدېگەن ۋەھشىي - ھە؟ لېكىن، مەن ئۇنى دەسلەپتە كۆرۈپ، كۆزلىرىمگىمۇ ئىشىنەلمەي



قالدىم، كېيىن قارىسام ئۇ راستىنلا ئېلىسيار ئىكەن، — دېدى. رائىلە بۇنى ئاڭلاپ:

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، خاتا كۆرۈپ قالغان بولۇشىڭ مۇمكىن ياكى باشقا بىرسىنى ئېلىسيارغا ئوخشىتىپ قالغانسەن، — دېدى تېڭىرقاپ. ئامىنەنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي. ئامىنە ئاچچىقلىنىپ:

— سۆزۈمگە ئىشەنمەمسەن؟ بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. لېكىن سەنمۇ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندىلا ئىشىنىپ قالىسەن. ئامىنە دوستىغا ئېلىسيار توغرىلىق كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتتى. ئەمما رائىلە بۇلارغا ئىشەنمىدى. ئامىنە شۇ ھامانلا قايتىپ كەتتى.

رائىلە سەل ئويلىنىپ قالدى، بىر تۇرۇپ ئامىنەنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنگۈسى كېلەتتى، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ:

— ياق، ئامىنە خاتا ئېيتىۋاتىدۇ. رائىلە سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭنى ھەرگىزمۇ خاتا چۈشەنمە، — دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. رائىلەنىڭ ئېلىسيار بىلەن توي قىلىشىغا ئانىسى قوشۇلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئېلىسيارنى ئامىنەگە ئوخشاش چۈشىنەتتى، لېكىن قىزىنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق چۈشەندۈرۈشى ئانىسىنى مەلۇم دەرىجىدە قايىل قىلغان ئىدى.

مانا قىش ئۆتۈپ باھارنىڭ رەڭدار گۈللىرىگە تولغان گۈزەل كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئانىسى ئۇنىڭدىن:

— قىزىم ھېلىقى يىگىتىڭ يوقاپلا كەتتىغۇ؟ قولۇم-
قوشنىلارمۇ پاتەمخان پولۇنى قاچان يەيمىز دەپ قۇ-
لاقنى قىزىتقىلى تۇردى. شۇ يىگىت بىزنىڭ يۈزىمىزنى
يەرگە قاراتمىسىلا بولاتتىغۇ؟ — دېدى. رائىلە ئانىسىغا،
— خاتىرجەم بول ئانا. ئۇ ھۇشۇ بىرنەچچە
كۈن ئىچىدە كېلىدۇ، — دەپ ئەنسىز بىلەن ئېيتتى.
قولۇم - قوشنىلارمۇ رائىلەنى كۆرگىنىدە بىر - بى-
رىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇتۇلدىشاتتى. رائىلە بولارلىق كۆ-
رۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ دەي-
ۋەت - شىكايەتلىرىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلمايدىغان بو-
لۇپ قالدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شەھەر بويىچە ھەممە كى-
شى ئۈچۈرۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا باردى. بۇ
يىغىنغا رائىلەمۇ قاتناشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى
رائىلەگە سوغۇققىنە تىكىلگەندەك قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ
كۆڭلىنى غەش قىلدى. يىغىن باشلىنىپ باش سوتچى ھۆكۈمنامە
ئېلان قىلىۋاتاتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئېلمىيار... ھېلىقى
ئېلمىيارغۇ... دېيىشلىرى رائىلەنىڭ قۇلىقىغا كىردى.
ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ نۆۋەت ئېلمىيارغا كەلدى:
— جىنايەتچى ئېلمىيار بۇ يىل 23 ياش. ئۇ كى-
چىكىدىن تارتىپ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئادەم ئالداش
بىلەن...
سوتچىنىڭ سۆزى باشلىنىش بىلەن تەڭ ئېلمىيار
سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈلدى. شۇ ھامان رائى-
لەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تەسلىكتە



بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.
ئېلمىيار سوت سەھنىسىدە پۇت - قوللىرىغا كويزا -
كىشەن سېلىنغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى پاس-
كىنا، بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرات-
تى...

رائىلە ئۆزىنى گويا بىر تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ
كەتكەندەك ھېس قىلدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلمىيار-
نىڭ پارقىراپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىق، كاستۇم - بۇ-
رۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىۋالغان ھېلىقى قىياپىتى
بىلەن بۈگۈنكى چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى ئولتۇ-
رۇشۇپ بەتەينى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپايغان قىيا-
پىتى روشەن سېلىشتۇرۇلما بولۇپ، ئىختىيارسىز سە-
كىنىپ كەتتى - دە، ئېلمىيارغا يەنە بىر قېتىم قاراشقا
جۈرئەت قىلالمىدى.

بۇ چاغدا رائىلەنىڭ يېنىدا ئۈن - تىنسىز تۇر-
غان ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ غەزەپ - نەپرەت ئوتى
چاقناپ كەتكەن ئىدى. بۈگۈن خەلقى - ئالەم ئالدىدا
ئاق كۆڭۈل رائىلە ئۈچۈن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق
تۇيۇلدى. ئۇنىڭ تېنى دەھشەتلىك بوراندا ئۇياقتىن -
بۇياققا ئىرغىلغان دەرەخ شاخلىرىدەك ئىختىيارسىز دا-
ۋالغۇيتتى. پۇت - قولى دەرمانسىزلىنىپ، كۆزى قاراڭ-
غۇلاشتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى گويا بوران ئۇچۇرۇپ
يۈرگەن بىر تال يوپۇرماقتەك ھېس قىلدى. رائىلە
ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ دەيتتى:
— ئۇ مېنى ئالداپتۇ...
بۇ چاغدا زال ئىچىدىن ئۇ مېنى ئالداپتۇ دېگەن-



www.uyghurkitap.com

دەك ئەكس سادا رائىلەنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى. رائىلەنىڭ قەلبىدىن بۇقۇلداپ ئېقىپ چىققان پۇشايمان ۋە ئازاب ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئەتراپتىكىلەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالدى ــ دە، مادۇرسىز قەدەملىرى بىلەن زالدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.





# توي سوۋغىسى

بۈگۈن سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى شەنبىسى. ھاۋا خېلىلا ئىسسىق ئىدى. مەھەللە يولىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈزۈم باراڭلىرىدا سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەر ئېغىزلارغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە باغلىرىدىن پىشىپ ۋايىغا يەتكەن يەل ــ يېمىشلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، مۇشۇنداق مەمۇرچىلىققا تولغان كۈز ئايلىرىدا توي قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ــ ھە؟!

مەن دوستۇمنىڭ تويىغا سوۋغات ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا قاراپ كېتىۋاتىمەن.

مەن تۆت كوچا ئاغزىدىن ئايرىلىپ «شىنخۇا كىتابخانىسى» ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، كىتابخانا ئالدىدىكى مىغ ــ مىغ ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ يەردىكى توپ ــ توپ ئادەملەر بىر ــ بىرىنىڭ پۇت ــ قوللىرىغا دەسسىشىپ كىتاب سېتىۋېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئېنىقكى، يېڭى كىتاب سېتىلىۋاتاتتى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ مۇشۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com

بىر دىنىلا دوستۇم ئامىنەنىڭ تويى ئىسىمگە كەلدى. مەن ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئادەملەر تويى ئارىسىدىن ئىگىز بويلۇق، ساقاللىرىغا ئاندا - ساندا ئاق سانجىلغان بىر كىشى قوللىرىدا قاتتىق مۇقاۋىلىق قېلىن بىر كىتابنى كۆتۈرگىنىچە خۇشال كەيپىياتتا چىقتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇ ھازىرلا سېتىۋالغان كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ كىتاب ئەسلىدە دوستۇم ئامىنە ۋە مەن ئۇزاقتىن بېرى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق كىتاب ئىكەن.

مەن كىتابنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئادەملەر تويى ئارىسىغا قىستالدىم - دە مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە بۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋالدىم.

مەن خۇشاللىقىمدا كىتابنى تىنىماي ۋاراقلايتتىم. خۇددى قىممەتلىك بىر بايلىققا ئېرىشكەندەك، قەلبىم ئىختىيارسىز خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا تولدى. مەن قەلبىمدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىمنى باسالماي كىتابنى كۆتۈرۈپ ھېچنېمىنى دېمەي دوستۇم ئامىنەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن.

ئۇنىڭ تويىغا سوۋغات ئېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، شۇ چاغدا كۆزلىرىم قولۇمدىكى مۇقاۋىسى چىرايلىق ئىشلەنگەن. قىممەت باھالىق ئاشۇ كىتابقا چۈشتى. مەن ئىچىمدە مۇشۇ كىتابنى ئېلىپ بارسام بولارمىكىن دەپ ئويلىدىم، چۈنكى مەن چۈشەنگەن بۇ دوستۇم ئۈچۈن مۇشۇ ئېسىل كىتابمۇ قىممەتلىك «تويى سوۋغىتى» بولا-



ئىتتى، شۇڭا قىلچە ئىككىلەنمەي دوستۇمنىڭ ئۆيىگە ئەدەم تەشرىپ قىلدىم.

تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن بېزەلگەن ئامىنە بىر توپ قىزلار ئارىسىدا بەختلىك مىنۇتلىرىغا مەست بولۇپ ئولتۇراتتى.

دوستۇم مېنى كۆرۈپ:

— ئەجەب بالدۇر كەلدىڭغۇ؟ — دېدى تەنە قىلىپ. «كەچۈرگىن دوستۇم. ئاددىي بولسىمۇ...» دەپ قولۇمدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق كىتابنى خىجىللىق ئىچىدە ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي كىتابنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— ساڭا كۆپ رەھمەت، — دېدى.

ئەتراپتىكى قىزلارنىڭ بەزىلىرى ھەيران قالغان، يەنە بەزىلىرى بولسا كىتابقا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قالغان ئىدى. ئامىنە كىتابنى تىنىماي ۋاراقلايتتى. شۇ چاغدا كۆزلىرىم باشقىلارنىڭ بۇ تويغا ئېلىپ كەلگەن يۇڭ ئەدىيال، چامادان، ھەر خىل قەدەل، دېرىزە تورلىرى، ئېيتاۋۇر قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىغا چۈشتى - دە، خىجىلچىلىق ئىچىدە: «ئاددىي بولۇپ قالدى، رەنجىمىگەيسەن» دېگەننى تەكرارلاپ قويدۇم. ئۇ چوڭ، قارا قۇمچاق كەلگەن بىر جۈپ كۆزىنى ماڭا تىكىپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— ياق دوستۇم، بۇ ھەرقانداق ئېسىل سوۋغاتلاردىن ئۇشۇق بولسا ئۇشۇقكى، ھەرگىز كەم ئەمەس دېدى - دە، كىتابنى ئەتىۋارلاپ باغرىغا مەھكەم باستى.

# بىز قاچان بەختلىك بولىمىز

بۈگۈن شۇنچە ھارغىنىمغا قارىماي يەنىلا كەڭ دالىنى سەيلە قىلىۋاتىمەن، غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ يا پېيىشىل تون كىيگەن تەبىئەت ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلماقتا. باغ - ئاراملاردا ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭگا - رەڭ گۈللەر، ئاشۇ گۈللەرنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىدا خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان غەزەلخان بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سادالىرى كىشىگە ھۇزۇر بېغىش ئەتمەكتە ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە گويا توي مەرىكىسى ئۈچۈن جابدۇنغان ساھىبجامال كەبى ھۆسن تۈزگەن گۈزەل تەبىئەت ۋە ئۇندىكى سۆيۈملۈك مەۋجۇداتلار خۇددى پەرىدەنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك، مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقان ئۈنسىز ھەسرەت نالىسىنى ئاڭلاپ، مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك تولىمۇ غەلىتە تۇراتتى. مەن شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلگەن گۈزەل ئەمما رەھىمسىز تەبىئەت دۇنياسىغا تويماي قاراپ ئىختىيارسىز خىيال سۈرەتتىم، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىناتتىم: چۈنكى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇن



ئالغان پەرىدەگە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈ مېنى زادىلا تىنىم ئاپقۇزمايتتى. ھەي خالايىق! سەھرا يىگىتىنىڭ شەھەر قىزلىرىنى سۆيۈشى جىنايەتمۇ؟... ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! لېكىن مەن پەرىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن «تېگى پەس سەھرالىق!» دېگەن سۆزنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىمغۇ؟ ... ھەي ...! پەرىدە بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ - ھە؟!

مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈشىمگە خۇددى مۇشۇ يەردە ئۈچرىشىشنى ۋەدىلىشىپ قويغاندەك ئۇدۇل كېلىۋاتقان پەرىدەنى كۆردۈم. ئۇ ئۈچىسىغا قارا سارجىدىن پىلات يوپكا، پۇتىغا ئاق تۇپلىي كىيگەن بولۇپ، بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئىدى، ئۇنىڭ سۇزۇك يۈزىگە كۈلتاج بولۇپ ياراشقان قارا خالى، قىياقتەك قاشلىرى ئاستىدىكى توم قارا كۆزلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئۇزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇنجى رەت قارىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە ئاتا قىلاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق پەرى ئىدى.

پەرىدەنىڭ تولۇن ئايدەك ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى گۈزەل رۇخسارى بۈگۈن تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى خۇددى زۇلمەت پەردىسى ئىچىدە قالغان ساھىبجامالغا ئوخشايتتى.

— پەرىدە، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمانچە غەمكىن كۆرۈنىسىز؟ — دېدىم مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— خالمۇرات، مەن ئاتا - ئانامنىڭ چېكىدىن
ئاشقان توي سېلىقلىرىغا زادىلا چىدىيالمايۋاتىمەن. مەس-
لىھەت چىقىشىمىز مەسلىھەتى ئۈچۈنلا 500 يۈەندىن
ئارتۇق پۇل خەجلىدىڭلار، ئەمدىلىكتە بولسا مەسلىھەت
چېيى ئۈچۈن مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە
سوۋغا - سالام ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىسىلەر، ئىشنىڭ
بېشى مۇشۇنداق باشلانغاندىن، رەسمىي تويغا كەلگەندە
قانداق بولۇپ كېتەر! چۈنكى ئاشۇ ئانامنىڭ يەنە
نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەھەللىدىكى ۋالاقتەككۇر يابساچى،
ياۋاش مەزلۇملار ئارىسىدا نەپ ئېلىپ ئۆگىنىپ قال-
غان ئادەم بېدىكلىرىنى چاقىرماقچى. دادام بىچچارە
بولسا ئانام ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس بىر قول.
ئاھ، رەھىمسىز مەخلۇقلار... دېگىنىچە بېشىنى تۇتۇپ
ئارقىسىدىكى تېرەككە ئاران يۆلىنىۋالدى.

— كېرەك يوق پەردە، مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز-
نى چۈشىنىمەن. مەن سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
ئامراقلىق بىلەن قارىۋالدىم.

— ئۇلار مېنى سىزگە ساتماقچى، مەن ئۆزۈم
ياخشى كۆرگەن ئادەمگە سېتىلامدىمەن؟ مەن ئۇلار-
نىڭ پاك مۇھەببەتنى مال - دۇنياغا تېگىشىشتەك چا-
كىنا ئارزۇسىغا مۇخالىپ ئىش تۇتقانلىقىم ئۈچۈن ئۇلار
مېنى مەندىن قاچۇرۇش ئۈچۈن ئېغىر تويلۇق سال-
ماقچى. چۈنكى ئۇلار مال - دۇنيانى پاك مۇھەببەتتىن،
مەرتىۋىنى ۋىجداندىن ئەلا بىلىدۇ، — دېدىم.

دېمەك پەردە شۇنچە تىرىشىپمۇ ئاتا - ئانىسى-



ىق ئېغىر تويلۇق سېلىش راھىنى قايتۇرالمىغان
ىدى.

— پەردە، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن سىز
ئۈچۈن ھەممىگە تەييار، ھەتتا ئاسماندىكى ئاينى
ئېلىشقىمۇ رازىمەن. مەن سۆزلەۋېتىپ پەردەگە قارىدىم،
ئۇ سۈكۈت ئىچىدە سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ خىيال
ئىلكىگە ئۆتمەكتە ئىدى. بىز خېلىغىچە گەپ - سۆزسىز
بىرگە ماڭدۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ سائىتىگە قاراپ
ەن بىلەن خوشلاشتى. مەن ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ئارقا
تەرەپتىن ئۈنسىز تەلمۈرۈپ تۇرغىنىمدا ئۇ ئاستا بۇ-
رۇلۇپ يۈرەككە ئوت ياققۇچى بىر خىل تەبەسسۇمنى
ماڭا ھەدىيە قىلىپ كېتىپ قالدى.

× × ×

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ، پەردە ئاز بول-
مىغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-
ئانىسىنىڭ رايىنى قىلچە قايتۇرالمىدى. ئۇ ئانىسىغا
نەچچە رەت يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى، بىراق ئانىدىن
ئاڭلىغىنى:

— ئۇنداق بولسا خالمۇراتقا بىكارغا تەگكۈك بار
ئىكەندە، خەلق - ئالەم ئالدىدا قىزىنى بىر سەھرالىقتا
بىكارغا بېرىۋەتتى دېگەن ھاقارەتكە قېلىش مەن ئۈچۈن
نومۇس ئەمەسمۇ؟... قىز بالا دېگەن ساڭا ئوخشاش
دۆت بولمايدۇ، شۇ چىرايىڭ بىلەن مەيدەڭنى كۆتۈ-

دۇپ تۇرساڭ قايسى بىر باشلىق ياكى باينىڭ بالىسى بىزنىڭ ئادىمىزغا كەلمەيدۇ دەيسەن. ئىسمەت قىز تۇغقىنىمغا تويىدىغان ئوخشايمەن، — دېگەندەك سۆزلەر بولدى.

— ئانا، سۆيگۈنۈم ھەممىدىن ئەلا، مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن چوڭ بايلىق ئەمەسمۇ؟ سەن قىزىڭنىڭ بەختىنى سېتىپ زادى قانچىلىك مەرتىۋە ۋە بايلىققا ئېرىشەرسەن؟... ئانا، جېنىم ئانا، سەن...

— پۇلنىڭ ئۆزى بەخت بولماي نېمە؟... پۇل دېگەن بەخت دېمەكتۇر. قوشنىمىزنىڭ ئاشۇ كالامپاي قىزى چېغىدا بەش مىسقال ئالتۇن ئالدۇردى، ساڭا ئون مىسقال جىق كېتىپتىمۇ؟... ئۇ سېنىڭ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلەرمىدى؟ بۇ توينى شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك قىلىمىزكى، يۇرتتىكىلەر ۋاي-ۋاي ياشىسۇن جۇرىنىنىڭ قىزىنىڭ تويى ئەجەب چوڭ بولدى، — دەپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالسۇن.

× × ×

كۈن پېشىنگە تەۋە بولغان بولسىمۇ كىتابتىن تېخىچە باش كۆتۈرەلمىگەن ئىدىم. ئەمما كىتاب ئوقۇيالمايتتىم. چۈنكى، ئارامسىز كۆڭلۈمنى كىتاب ئارقىلىق خۇشال قىلماقچى بولسامۇ بۇ مىنۇتلار ئۈچۈن ئۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى. بىردىنلا قۇلىقىمغا: «خالمۇرات!...» دېگەن ھاياجانلىق يېنىك ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن گويا شېرىن چۈشتەك لەززەت بېغىشلىغان بۇ پىچىرلاش تو-



ۋېلى بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۇم. ئالدىمدا پەرىدە ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، دۇنيادا قايغۇ ئىچىدىكى ئادەمنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن ئېغىر ئازاب بولماسا كېرەك. ئىنتىزارلىققا تولغان كۆزلىرىم ئۇنى قارشى ئالدى.

— ياخشىمۇ سىز پەرىدە، ئولتۇرۇڭ، دەپ ئۇنى لۈم - لۈم ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلغاچ چاي ئېلىپ كەلدىم.

— كۆرۈۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟ «ئۆتكەن كۈنلەرنى» قايتا كۆرۈۋاتامسىز؟

— ھەئە. شۇنداق. قېنى چاي ئوتلىغاچ ئولتۇرۇڭ.

ئۇ ماڭا ئۆرە بېقىپ:

— بۈگۈن سىرتقا چىقىپ ئايلانساق دەپتىم - دېدى.

مەن پەرىدەنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم، بىز ياتاقتىن چىققىنىمىزدا سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەن غەمكىن ھالەتتە سىرلىق خىياللار دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان پەرىدەگە پات - پات قاراپ قوياتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم باردەك قىلاتتى - يۇ، لېكىن بىرنىمۇ ئېيتالمىدىم. بىزنىڭ كېتىپ - كېتىپ ئۇچرىشىپ قالىدىغان كۆزلىرىمىز ئۇنسىز سىردىشىۋاتاتتى.

— خالمۇرات، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېسەك قانداق. مەن پەرىدەنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن تەكلىپىدىن

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ شادلاندىم. پەقەت شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ تېخى تۇنۇگۈن كەچتە ئىززالانغان پېتىم ئىسكەنلىكىمنى بىلى دىم.

— تولىمۇ ئوبدان تەكلىپ، سىز دېگەندەك بول سۇن، — دېدىم.

بىز تاماقخانىدىن چىققىنىمىزدا ھاۋا ئېچىلىپ، بىرئاز ئاپتاپمۇ چىققان ئىدى. يامغۇردىن كېيىنكى نۇرلۇق ئاپتاپ پەرىدەنىڭ يارىشىملىق قىزارغان يۈزى ۋە ئاپئاق بويۇنلىرىنى ئۆزىنىڭ سېخى نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇپ ئۇنى تېخىمۇ زىلۋا كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىز بىرلىكتە سەيلە قىلغۇچىلار كەم ئۇچرايدىغان، ياپ يېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان «بەخت» كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىشىمىزغىلا ئۇچىسىغا قىزىل چىت كۆڭلەك كيگەن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر گۈل سات قۇچى قىزچاق ئۇچرىدى. ئۇ يېڭىلا ئېچىلغان پۇراقلىق ئەتىرگۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مەن دەرھال پەرىدەنىڭ كۆڭلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، بىر تال گۈل سېتىۋېلىپ:

— ئېلىڭ پەرىدە، بۇ مېنىڭ تولىمۇ ئاددىي سوۋ غام... دېدىم. پەرىدە:

— گۈل ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ مۇ ھەببىتى چوڭقۇر خالمۇرات، دېگىنىچە گۈلنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئۇنى گويا مۇشۇ گۈل بەرگىگە ئوخشاش لال رەڭ لەۋلىرى ۋە ناچىدەك بۇرنىغا يېقىپ كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يۇمدى - دە، ئاھ!... دېگىنىچە ھۇزۇرلى



پۈردى ۋە:

— مەن ئۆمرۈمدە گۈلنى بۇنچە ھۇزۇر بىلەن پۇخادىن چىققىچە پۇرىغان ئەمەس ئىدىم، — دېدى.

— بولدى پەرىدە، گۈلنى بەك پۇرىغان ئادەم ئۇرادىغا يېتەلمەيمىش، — دېدىم مەن چاقچاق ئارى لاش.

پەرىدە سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ:

— خالمۇرات، مەن راستىلا ئىرادىسىز ئوخشاي مەن، چۈنكى مەن شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ ئانامنى قايىل قىلالمىدىم. بىز يىراق - يىراقلارغا كەتكەن بولساق ئۇلار بىزنىڭ قەدرىمىزگە ئاندىن يېتەرمىدى ئاندا؟ — دېدى.

— ياق، پەرىدە، سىز ئىرادىسىز ئەمەس، بىزدە يان دا كەسپىنىڭ قەدرى يوق دېگەن گەپ بار. بەلكىم ئۇلار ھازىر تازا بىلمەيۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ئىككىمىز چۆل - جەزىرىلەردە ياشىساقمۇ ئۇ يەرلەر بىز ئۈچۈن ھامان جەننەت، — دېدىم. شۇئان پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا تويماي قارايتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ توم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك سۈزۈك كۆزلىرى مەن ئۈچۈن ئالەم ئارا تەڭ داشسىز پاكلىقنىڭ بىردىنبىر سىمۋولى ھېسابلى ناتتى. دۇنيادىكى مەشھۇر رەسساملارمۇ ئۆمرىدە بۇنداق گۈزەل ھەيكەل بەرپا قىلالى مىغان! قەدىمىي يۇنان كۆركەم مودېلنى ئۇچرىتىپ باقمىغان! ھەيكەلتاراشلىرىمۇ بۇنچە

مىغان بولغىيدى بەلكىم. خەيرىيەت، پەرىدەنى ئۆمرى-
دە بىرەر قېتىم كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ-
نىڭ بۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىش
ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل.

مەن ئۇنىڭ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ بىر نۇقتى-
غا تىكىلىپ قالغان قارا كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇ لام-
جىم دېمەستىن تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇشتۇم-
تۇتلا «خوش، مەن قايتاي» دېدى. مەن ئىختىيارسىز
غەيرەتكە كېلىپ:

— خوش، — دېگىنىمچە قولۇمنى ئۇنىڭغا سۇن-
دۇم، ئۇ سەل ئىككىلىنىپرەك قولىنى ماڭا ئۇزاتتى، مەن
ئۇنىڭ بۇ ئاپئاق نازۇك قولىنى تۇنجى قېتىم تۇتقان
ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ ئۆزۈمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بې-
رىش قىيىن بولغان بىر خىل بەخت ئىچىدە سېزىشكە
باشلىدىم. پەرىدە ئادىتى بويىچە كىشىنى مەست قىلغۇچ ئىل-
لىق تەبەسسۇمنى مېنىڭدەك غېرىبكە ھەدىيە قىلىپ،
يېنىك قەدەم بىلەن كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
قولى تەگكەن ئالقانلىرىمنىڭ تېخىچە لاۋا چىقىۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ، ئۇنى سۆيگۈ پىراقىدا چاڭقىغان لەۋلى-
رىمگە ئاستا تەگكۈزدۈم ۋە شۇئان ئانامنىڭ «بالام
بەك ئېگىزگە ئېسىلىپ قالدۇقمۇ قانداق، تويىنى ياخشى
قىلالمايمىز دېگەن تەقدىردىمۇ سەن ئۈچۈن بارلىقىمىز-
نى قۇربان قىلماقلىقىمىز قەرز. بىراق ئالتە مىڭ يۈەن-
لىك تويلۇق ئۈچۈن نەگىمۇ بارارمىز؟...» دېگەن



لېكىن، ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىشقا باشلىدى.
ھېسسىمۇ بۇ ئالتە مىڭ يۈەننى قەيەردىنمۇ تاپارمەن؟...
بىراق مەن ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىمەن،
پۈتۈن ئۆمرۈمدە پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا توي قىلسام
دەيمەن. ئەپسۇسكى بۇ توي ئۈچۈن ئاناممۇ يوشۇرۇن
بىرمۇنچە ياش تۆككۈۋاتىدۇ. «بىزمۇ سېنى بىر ئوغۇل
دەپ كۆزۈڭگە قاراپ، تەسلىكتە چوڭ قىلىۋېدۇق، بىراق
ئۇلار بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى ئەسلا قىلمىدى. شۇنداقتى-
مۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يەردە قويمايمىز»، «ئۆلمىگەن جان-
دا ئۈمىد بار». ئانامغا يەنە ئىچىم ئاغرىدى. بۇنچىلىك
كۆپ پۇلنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟... بۇلارنى ئويلىغانسېرى
بېشىم پىرقىراپ توي ھەققىدىكى خىيالىمنىڭ يەكۈنى
چىقمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۈندە كەچلىكى كىتاب كۆ-
رۈشنى تاشلاپ تويلۇققا كېتىدىغان پۇل ھەققىدە ئامال-
لار ئىزلەيتتىم. شۇ چاغدا كاللامغا ئۇشتۇمتۇت بىر
خىيال كەلدى، مەن گويا خىياللىرىمنى بىرەرسى بىلى-
ۋالغاندەك چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدىم. ھېچكىم كۆرۈن-
مەيتتى، بىراق بۇ ئويلىرىم ئۇزاققا بارماي، بىر قور-
قۇنچ ئىچىدە قالدىم-دە، بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ يۈز-
لىرىمنى ئېتىۋالدىم.

— ئاھ... بۇ ... بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق قىل-
سام ئۆزۈمنىڭ پۇتىغا ئۆزۈم پالتا چاپقان بولىمەن.
چۈنكى ساقالغا چۈشكەن ئاشقا بەرىبىر قورساق توي-
مايدۇ-دە؟ بىراق تويىنى ئارقىغا سوزۇپ پۇل تاپقىچە
پەرىدەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى باشقا بىرىگە ياتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىۋەتسىچۇ؟... خۇدا ماڭا ئاسانچىلىق بەرگىن...! كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىم پىنھان تۇتۇلغاي...! دەل شۇ چاغدا شەخسلەرنىڭ پۇل ئامانىتى ئېسىمگە كەلدى-دە، شۇ ئانىلا بىراۋنىڭ بەش يىللىق ئامانەت قويغان 5 مىڭ يۈەن پۇلىنىڭ چوڭ دەپتىرىمدىكى كۆتۈكىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئويلىدىم. پۈتۈن بەدىنىمنى قورقۇنچ باستى، يۈرىكىم گويا مەن ئۇنى ئالدىبۇرۇن ئېلىپ بولغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

يا... ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك، قىڭغىر ئىش دېگەن قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ... بىراق مەن ھەرقانچە قىلساممۇ ھېلىقى 5 مىڭ يۈەننىڭ مەزدىن زادىلا كېچەلمىدىم، ئۇنى باشقىلار ئارقىلىق ئالسا بولۇۋېرىدىغۇ؟... نەگەر تۇيدۇرماي بىر تەرەپ قىلسامچۇ؟... مەن بۈگۈن كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئۇنى بالدۇرراق ئوڭۇشلۇق قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىنى ئويلىدىم. پەردەنىڭ دۇنياخور ئانىسىنىڭ تويلۇق ئالغان كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى، ئۇنىڭ قولۇمدىكى پۇللارغا قاراپ مېنى تۇنجى قېتىم «ئوغلۇم» دەپ ئاتىشىنى خىيال قىلاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن پەردەنىڭ غەملىك چىرايىنى ئەمەس، خاتىرجەملىك نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىكى ئوتلۇق قاراشلىرىنى ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىر ئازدىن كېيىن بايىقى جىنايەتلىك خىياللار ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، مېنى يەنە قورقۇنچ باستى.



مېنىڭ بولغۇسى قېيىن ئانامنىڭ ئاچكۆز نەپسى، چېكىدىن ئاشقان تويى سېلىقى ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىپ، مېنى جىنايەت يولىغا باشلىماقتا ئىدى. مەن ئاللاغا نىدا قىلدىم:

— ئاھ... خۇدا!. ماڭا ئاسانچىلىق بەرگىن!. مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان پاك مۇھەببىتىم ۋە پەردە ئۈچۈن خاتا يولغا ماڭدىم. چۈنكى بۇ مۇھەببەتنى كۆڭلۈمگە سەن سالغان، سەن مېنىڭ روھىمنى، كۆڭلۈمنى پەردەگە ئەسىر قىلىپ، جىسمىمنى دېھقانىنىڭ كەسپىدە قالدۇردۇڭ. ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، مېنى كەچۈرگىن...! بۇ گۇناھىمنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگىن!...

شۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكىم بىر ئاز ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى.

× × ×

ئىللىق ياز شامىلى پەردەنىڭ ئاتەش يېنىپ تۇرغان يۈزلىرى ۋە قۇندۇزدەك چاچلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن يېنىك سىلاپ، پەردەنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرغاچ ئۆزىمۇ زوقلىناتتى. مەن مۇشۇ تاپتا ئىللىق شامال بولۇپ يارىلىپ قالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلماقتا ئىدىم، شۇ چاغدا پەردە:

— ھەيرانمەن خالمۇرات، شۇنچە كۆپ پۇللارنى نەدىنمۇ تاپقانسىز؟— دېدى ئۈشتۇمتۇت، خىيال ئار-

لاش ماڭا قاراپ.

— بىر نەۋرە ئاكام ياردەم قىلدى، دېدىم مەن يالغان سۆزلەپ. چۈنكى ھەقىقىي ئەھۋالنى پەردە كە تويدىن كېيىن ئېيتقىسىم تۇرۇۋاتتى.

— ئەزىمەتكام [illegible] ساتقان پۇلنى بەردىما؟ كېيىن [illegible] تويدىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ [illegible] 2 — [illegible] سىڭ يۈەن پۇل [illegible] دېدى پەردە.

— [illegible] ھېچ نەرسە كاشىلا [illegible] دېدىم مەن خاتىرجەملىك [illegible] قول ئارقا[illegible] [illegible] پەردەنى قارى[illegible] [illegible] كېتىدىغان[illegible] [illegible] سوقۇش[illegible] [illegible] قارىدىم، ماڭا [illegible] [illegible] قال[illegible]

[illegible] كېتىۋاتىدۇ، مە[illegible] [illegible] تېخىمۇ [illegible] چىراي - ھالىتى[illegible] [illegible] بىلىنىۋاتاتتى.

[illegible] پەردە، سىزگە شۇن[illegible] [illegible] دېدىم. ئۇ سۆزلىرىم[illegible] [illegible] كېيىن ماڭا [illegible] ئاڭلىغاندىن [illegible] بىلەن [illegible]

ەقسەتلىمەك بىر قاراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ كۆزلىرى بىلەن گۈزەللىك تالىشىۋاتقان يۇلتۇزلارغا تىكىلگە نچە خىيالغا پاتتى. ئۇ نېمىشقا مېنى يالغۇز قالدۇ رۇپ ئۆز خىيالى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىدىكىن؟

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز پەردە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟— دېدىم.

— مەن خېلىدىن بېرى توختىماي سۆزلەۋاتىمەنغۇ. سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟— دېدى ئۇ كىشى نى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر خىل سىرلىق كۆرۈنۈش بىلەن.

— ئاڭلىدىم پەردە، مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ ئۇنسىز پىغاننى ئاڭلىدىم. مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلىۋاتقان مۇشۇ توي سېلىقىدىن بىزار بولغىنىڭىزنى بىلىۋاتىمەن— دېيەلىدىم تەسلىكتە.

— توغرا ئېيتتىڭىز خالمۇرات، مەن ھەقىقەتەنمۇ نارازى، سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز، دوستلىرىڭىز مېنى قانداق چۈشىنىپ قالار - ھە؟...

— ئۇنداق دېمەڭ پەردە، سىزنىڭ ۋىجدانىڭىزنى ئازابلاۋاتقان بۇ خىياللار ماڭا ئايان. مېنىڭ ئاتا - ئانام، دوستلىرىم سىزنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈشەنچە بېرىش ھاجەتسىز.

ئۇ ياشقا تولغان ئۈمىدلىك قارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ مىننەتدارلىق بىلەن باقتى، مەن جاساپ رىتىمنى يوقاتماستىن ئۇنىڭ يۈزلىرىدە پەيدا بولغان

ئىككى ئاچچە ياشنى ئاستا سۈرتتىم.

— ئاھ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن شۇ تاپتا گۈلخانىنىڭ تەپتى كېلەتتى، مەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى قوللىرىم بىلەن ئەمەس، يۈزلىرىم بىلەن سۈرتۈپ قويۇشنى خالايتتىم، بىراق جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنداقتىمۇ پەرىدەنىڭ يۈزلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا ئىمكان بەرگەن سېخى تولۇن ئايغا رەھمەت ئېيتتىم. ئىككىمىز ئۈن - تىنسىز خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئەتراپنى باراقسان ئورمان قاپلاپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە يانمۇ يان ئولتۇردۇق، يۈرىكىم يەنىلا ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى.

— خالمۇرات، نېمە بولدىڭىز؟ سىزدە بىر كۆڭۈلسىزلىك بار، لېكىن ماڭا ئېيتمايۋاتىسىز، ئېيتسىڭىز ئىدى كاشكى قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان بولاتتىم، — مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ئىزتىراپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدۇم. بىز ئايرىلىشقاندىن بۇيان بۈگۈنكىدەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ باققان ئەمەس، پەرىدە قايتايلى دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدۇم.

ئەتىسى ئىشخانامغا بالدۇرلا باردىم، بىراق ماڭا قارىغانلىكى كىشىدىن خۇدۇكسىنىپ قورققىم كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرمايتتىم. بۇنىڭغا قارىماي يەكشەنبە كۈنى تويلۇق ئالغىلى بازارغا چىقتۇق، پەرىدە ئامال بار مەن تەرەپتە تۇرۇپ باھاسى ئەرزان، سۈپىتى ياخشى رەختلەرنى تاللايتتى - يۇ، يەنە ئانىسىنىڭ



ەكلەشنىگە ئۇچرايتتى. ئۇ بىزگە كانىدەك چاپلىشى ۋېلىپ ئۇن مەسقاللىق ئالتۇن ھالقا ۋە بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك ئالدۇردى. پەرىدە ئانىسى بىلەن زەر- گەر دۇكىنىنىڭ ئالدىدا بىر قەپەز ئېلىشىپمۇ كۆردى. دېمەك ئانىسى كۆڭلىگە پۈككەن قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئالدۇردى. تويلۇق ئۈچۈن جەمئىي 5 مىڭ يۈەن خەجلەپ بولدۇم. شۇنداق قىلىپ تويىنى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە بېكىتىپ قىملاشتۇردۇق. ھەيرانمەن تويغا، بىز ئارزۇ قىلغان بەختلىك كۈنلەرگە ئاز قالغانسېرى كۆڭلۈمنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك قورشىۋالغان ئىدى.

ئالتىنچى ئايغا بەش كۈنلەر ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە، بىراق شۇ كۈنلەر ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلار بولغۇسى ھىجراننىڭ قارا بۇلۇتلىرى كەلتۈرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ۋەھىمى ئىچىدە قالىدىغاندەكلا تۇيۇلماقتا. ئەتىسى ناھايىتى سەھەر ئىشقا باردىم، قورقۇنچلۇق مىنۇتلار قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئىدى. ئىشخانا مەسئۇلى مېنى ئايرىم بۆلۈمگە چاقىرتىپ:

— دەپتىرىڭىزدىكى ئامانەت قەرز چېكىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلىشىنى قىلچە تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولغىيتتىڭىز. بارىكاللا يىگىت، سىزنى بۇنداق قىلار دەپ خىيال قىلمىغانمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، يۈرىكىڭىز قاپتىنىمۇ يوغان ئوخشىمامدۇ؟... ھەي، سىزنى قانداقمۇ ئالىي مەكتەپتە تەربىيە كۆرگەن

دېگەنلى بولسۇن؟ — ئۇنىڭ نەشتەردەك سۆزلىرىگە، يېرىگىمنىڭ بىلەن قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدىم. شۇ تۇرقى بۇ يەردىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكۈم، يىراق - يىراقلارغا قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى. بىراق ئالدىمدا يارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان خىزمەتداشلىرىمنىڭ ماڭا باققان نەپرەتلىك كۆزلىرى دەستىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم.

ئاھ، خۇدا!... مەن ئۆزۈمنىڭ مۇنداق بولارىمنى نېمىشقا ئويلىمىدىم؟... نېمىدېگەن سەتچىلىك - ھە! تويغا بەش كۈنلا قالغان ئىدىغۇ؟... خىزمەتداشلىرىم، يېزا قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرىم، بولۇپمۇ پەرىدەنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن؟... ئاھ، خۇدا، ئەمدى قانداق قىلاي! مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق نومۇس يوقتۇ بەلكىم. بۇ ئاھانەتكە قالغىچە ئۆزۈمنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋالايمۇ...؟ ياكى بولمىسا يىراق بىر يەرگە كېتەيمۇ؟...

كەچقۇرۇن ياتاققا ئاران قايتىپ كېلەلىۋالدىم. بۈگۈن كېچە پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. قەلبىمدە ئۇس-تۈنلۈكنى ئىگىلەپ مېنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈر-گەن توي توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىمنىڭ ئورنى-نى ئەمدىلىكتە قورقۇنچ، ئىزا ۋە ئەلەم ئىگىلىدى. ئەتىسى ئۇستىخانلىرىمنى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك دەر-مانسىز تۇرۇپتىمەن. يۈزۈمنى يۇيۇشقا تەييارلىنىۋات-قىنىمدا سىرتتا بىر ئادەمنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى



ئاڭلاندى، سىرتقا چىقسام جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى كىشى مېنى كۈتۈپ تۇ-رۇپتۇ. ئۇلار مېنى توختىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى.

بۈگۈن ئەسلىدە پەرىدە ئىككىمىزنىڭ يېقىن دوستلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت چېيى ئۆتكۈزىدىغان كۈنىمىز ئىدى. ئۇ بۈگۈن قەلبىگە ئاجايىپ گۈزەل خىياللىرى چۈشلەرنى پۈكۈپ مېنىڭ ياتىقىم ئالدىغا كېلەر بەلكىم... بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، دەسلەپتە ئىشىنەلمەي ھەيران قالار... كېيىن... كېيىن... قانداق بولۇشىنى بىر نېمە دېيىش قىيىن... ئاھ، خۇدا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇشنى خالىمايتتىم. بىراق مەن ئۇنى كۈلدۈرىمەن، بەختلىك قىلىمەن، بەختتىن قىزارغان يۈزلىرىنى، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى كۆرىمەن دەپ، ئۇنى ئازابلايدىغان، ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويىدىغان بولدۇم. مەن ئەمدى پەرىدەگە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا نېمىمۇ دەرمەن؟... بولۇپمۇ پەرىدەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قانداقمۇ قارارمەن؟... مەن تېگى يوق خى-ياللار دېڭىزىدا گويا نىشانسىز قالغان كېمىدەك، گاھ چۆكۈپ، گاھ دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ ئىزتىراپ ئىچىدە ئولتۇراتتىم. چۈشلۈك تاماقمۇ كېلىمدىن ئۆتمە-دى، ساراڭ بولاي دېدىم، شۇ چاغدا تۇرمە باققۇچى بىر يىگىتنىڭ (ئۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاق-دىشىم رۇستەم ئىدى):

— خالمۇرات، سىزنى تاشقىرىدا بىرسى چاقى-
رىدۇ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئاستا دېرى-
زىگە يېقىنلىشىشىم بىلەن يىراقتىن ئېغىر قەدەملەر
بىلەن كېلىۋاتقان، قارا كۆزلىرى ياش بىلەن تول-
غان پەرىدەنىڭ تولىمۇ غەمكىن قىياپىتىنى كۆردۈم،
ئاستا ئالدىغا چىقتىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ دەسلەپتە كۆز-
لىرىگە ئىشەنمىدى، بۇ مەنزىرە گويا ئۇنىڭ قور-
قۇنچلۇق چۈشىدەك تۇرۇپلا قالدى. بىردەمدىن كېيىن
يۈزىنى تۇتۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئاھ، مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بەرسەم
بولاركىن؟... يۈرىكىم بۇ چىدىغۇسىز ئازابتىن پەريات
چېكەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدىم، پۇتلىرىنى
چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتىم. يىراقتىن بىزگە قاراپ
تۇرغان رۇستەم بىزنىڭ بۇ ھالىتىمىزنى كۆرۈپ سەل
نېرىغا كەتتى.

— ئاھ!.. جېنىم پەرىدە! مەن... مەن...— مەن
سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي تاراملاپ ياش ئېقىۋات-
قان كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قارايتتىم. پەرىدە تىت-
رەپ تۇرغان ئاپئاق يۇمشاق قولى بىلەن بېشىمنى
ئاستا سىلىدى، پۈتۈن بەدىنىم گويا-توك سوققۇۋەتكەن-
دەك نازۇك بىر تۇيغۇدىن ئاستا تىترىدىتتى. بۇ مېھ-
رىبانلىقتىن ئېغىر جاراھەتلەنگەن يۈرىكىم بىر مىنۇت
تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

— پەرىدە، مەن سىزنى ئالدىدىم، مەن ئەمدى
سىز ئىشەنگەن خالمۇرات ئەمەس، سىز مېنى شۇ قول-



رىڭىز بىلەن ئۇرۇڭ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈڭ، — دەپ ئاستا
ھىما ئېچىنىشلىق ئىدا قىلدىم.

ئۇ بېشىمنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۆكسۈپ
يىغلىغىنىچە:

— ئاھ، خالمۇرات، مەن بۇنداق بولۇشىنى زادىلا
ئويلىمىغان ئىكەنمەن. نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغان-
سىز؟... نېمىشقا...؟؟ دېدى. مەن ئىلگىرى كۆپ
قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مۇھەببەت بىلەن دادىل
قارىغان بولسامۇ، مانا ئەمدى ئۆزۈمنى ئۇنىڭ سۆيۈ-
شىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، گۇناھكار
كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا ئۇدۇل قارىيالمايتتىم.

— مېنى ئۇنتۇڭ پەرىدە، مەن ئۆمۈرلۈك پۇشاي-
مان ئازابىغا قالدىم، سىز مەندەك بىر گۇناھكارنى
كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ... ئۇ قولى بىلەن ئاستا
ئاغزىمنى توسىۋالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن:

— سىزنى مۇشۇ جىنايەت يولىغا مېڭىشقا مەج-
بۇر قىلغان مېنىڭ ئاتا-ئانام ئەمەسمۇ!... مەن
سىزنى تاشلىمايمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغى-
چە سۆيىمەن، چۈنكى سىز گەرچە جىنايەت ئۆتكۈز-
گەن بولسىڭىزمۇ، سۆيگۈمگە ئاسىيلىق قىلمىدىڭىز. —
شۇ چاغدا تۇرمە باققۇچىنىڭ:

— كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى، — دېگەن ئاۋازى
ئاڭلاندى.

مەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ «خوش» دېدىم.
ئۇ بۇ يەردىن كەتتى، بىراق شۇ كەتكىنىچە ئۇزاققا

سوزۇلغان بۇ بىر ئاي جەريانىدا پەقەتلا كەلمىدى.
مەن ئۇنى ئاۋۋالقىدىن بەكرەك سېغىنماقتا ئىدىم، ئۇ-
نى قانچىكى سېغىنغانسېرى، ئۇ مېنىڭ بۇندىن كېيىنكى
ياشىشىم ئۈچۈن تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىۋاتقانى-
دەك ھېسسىياتقا كېلىۋاتىمەن. ئاتا - ئانام ۋە باشقا
مۇناسىۋەتلىكلەرنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلغانلىرى تاپا-
تەنىگە تولغان ئۈمىدسىز سۆزلەر بولدى. مەن مۇشۇ
ئېغىر كۈنلەردە پەقەت ماڭا بىردىنبىر تەسەللى
بېرىۋاتقان، ماڭا ئۈمىد بېغىشلاۋاتقان نەرسىنىڭ
پەقەت ۋۇجۇدۇمدىكى سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋ-
ۋاتىمەن، پەقەت مۇھەببەتلا تۇرمۇشنىڭ ئېغىر كۈنلە-
رىدە ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولالايدىكەن. مۇشۇ
كۈنلەردە پەرىدەنىڭ مۇھەببىتى ماڭا يار - يۆلەك
بولمىغان بولسا، بىر كۈنمۇ ياشىيالمايدىكەنمەن، يېقىن-
دىن بۇيان كېچىلىرى چۈشلىرىمدە، كۈندۈزلىرى
خىياللىمدا پەرىدە بىلەن، گاھى تۇرمە باققۇچى ساۋاق-
دىشىم رۇستەم بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدىم.
ئۇ ماڭا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە پەرىدەنىڭ دوستى پەرىدەنىڭ ماڭا ياز-
غان بىر پارچە خېتىنى ئەكىلىپ بەردى. مەن ئۇنى
ئالدىراپ - تېنەپ ئاچتىم:

— سالام قىممەتلىك خالمۇرات!

ياخشىمۇسىز؟ مەن مۇشۇ خېتىم ئارقىلىق ئازاب-
لىنىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئۈنسىز ئاھىنى سىزگە تۆك-
مەم، سىز ئۈچۈن ئوتقا ياغ سەپكەندەك بولۇرمۇ...؟



ئازابىنىڭ قىلى بىلەن بوغۇلغان تىلىم سىزگە يۈرى-
كىمنى ئاخىرىغىچە سۆزلەپ بېرەلەرمۇ؟...

قەدىرلىك خالمۇرات سىز بىلىسىزغۇ كىشىلىك
تۇرمۇش ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. تېخى ئالدىنقى ئاي-
نىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە، بىز تىنچ تۇرمۇشنىڭ خۇشال-
لىقلىرىدىن لەززەتلىنىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئورتاق
تەلپۈنۈش بىلەن بەختلىك تويىمىز ھەققىدىكى شېرىن
خىياللارنىڭ شارابىدا كۈنلىرىمىزنى مەستخۇشلۇق،
تۈنلىرىمىزنى ئىنتىزارلىقتا ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدۇق؟...
مانا ئەمدى بىر ئويلىمىغان يەردىن كۈنلىرىمىز
ھەسرەتلىك ياش بىلەن، يۈرىكىمىز قان بىلەن تولۇپ
ھەر ئىككىمىز ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ياشىماق-
تىمىز. سىزگە مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتقان مىنۇتلىرىمدا
مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلەلەمسىز؟...
سىز ماڭا ھەردائىم: «چىداملىق بولۇڭ، بىر قەدىردان
ھەمراھلاردىن بولۇۋاتىمىز، بىز شېرىن مۇھەببەت
ئۈچۈن يوقسۇللۇقنىڭ خورلۇقىغا، بەختسىزلىكنىڭ
ئازابلىرىغا، جۇدالىقنىڭ ئەلەملىرىگە چىدىشىمىز
كېرەك» دەيتتىڭىز. سىزنىڭ شۇ سۆزلىرىڭىز تا مۇشۇ
كۈنگىچە ماڭا مەدەتكار بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم
سىزنىڭ ھەمىشە ئۆكسىمەس سۆيگۈڭىزگە ئېرىشىپ
ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەن ئىدى. ئاھ خالمۇرات! مېنىڭ
گۈزەل ئارزۇلار قاناتلىنىپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان
يۈرىكىم بۇ دەھشەتلىك ئايرىلىشقا، يات ئاردا
ياشقا بىر ئادەمنىڭ ئايالى بولۇپ قېلىشتەك چىدىغۇ-

سىز خورلۇقتا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن...؟ ئەم-
دى مېنىڭ چىدىغۇچىلىك ھالىم قالمىدى.
قەدىرلىك خالمۇرات، ئىللىق شاماللار مۇڭلۇق
ناخشا ئېيتىپ خۇددى ماڭا ئوخشاش ھەسرەتلىك
تولغۇنىۋاتقان مۇشۇ پىغانلىق كېچىلەردە ھېلىھەم
ئويغاق ياتامسىز؟... بۇ كېچىلەر سىزنىڭ شۇ ھېس-
ياتقا باي ئوتلۇق يۈرىكىڭىزنى قانچىلىك بىئارام
قىلىۋاتىدىغاندۇ - ھە؟...! مۇشۇنداق كېچىلەردە مې-
نىڭ ھەسرەتلىك يۈرەك سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟...
مېنىڭ شۇ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىمدىكى ئاخىرقى ئۈمى-
دى بىلەن جان تالىشىۋاتقان يۈرىكىمنى كۆرۈۋاتام-
سىز؟... مېنىڭ مۇشۇ ھەسرەتلىك پىغانلىرىمنى، تۈگى-
مەس ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمنى سىزگە يەتكۈزىدىغان ئىل-
لىق شاماللار ئەمدى قەيەرلەرگە كەتكەندۇ...؟ ماڭا
قاراڭ تەبىئەتمۇ بىزدىن يۈز ئۆرۈۋاتىدۇ.

مېنىڭ ئاتا-ئانام سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن سىزگە ھېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، مېنى «ئەمدىغۇ ئۇ تېگى پەس سەھرالىق
جىنايەتچىگە تويغانسەن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى
كۆرۈشكۈچى بولما» دەپ قاتتىق تەھدىت سېلىپ
نەزەربەنت ئىچىگە ئېلىۋالغاننى ئاز دەپ، مېنى سىز-
دىن ۋاز كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش بىر-
نەچچە ئايالنى ئىشقا سالدى. دادامنى كۆزگە
ئىلمىدى.

ئاھ خالمۇرات! ماڭا بۇ خورلۇقتىن ئۆلۈم



ياخشى ئەمەسمۇ؟... ئۆلمەسلىك ياخشى ئىندى. مەن
كەلگۈسىگە بولغان گۈزەل ئۈمىدلەر بىلەن تولغان
قەلبىمنى، سىز ئۈچۈن سوققان يۈرىكىمنى نابۇت
قىلىشنى ئەسلا خالىمايتتىم.

مەن سىز بىلەن تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، خاراب
كەمدە ياشاپ ھالال مېھنەت بىلەن ئىشلەپ، شاد-
خورام ياشاشنى مېنى يېقىندا ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى
بولغان پۇلدار سودىگەر كىشىنىڭ ھەشەمەتلىك بىنا-
سىدىن مىڭ ھەسسە ئەلا بىلەتتىم. بىراق مەن ئەم-
دى بۇياقلاردا بولۇش ئالدىدا تۇرغان خورلۇقلارغا
بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئەگەر ئاتا-ئانام يەنە
نىيىتىدىن يانمىسا سىز بىلەن بىرگە چۈشكەن تويلۇق
رەسىمنى كۆكرىكىمگە قويۇپ، سىز ئامراق كۆڭلىكىمنى
كىيىپ، ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم كەتمەكچىمەن.

ئاھ!... قىممەتلىكىم خالمۇرات. مەن ئۆلۈم ئىل-
كىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن سىزنى بىر ئەر مەرتىۋە كۆرۈ-
ۋالمىسام كۆزۈمنىڭ ئوچۇق كېتىشى تۇرغان گەپ...
بىراق ئەسلى گۇناھكار، ھەقىقىي جازاغا لايىق بول-
غان ئاتا-ئانام سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدار-
لىشىشىمىزغا يول قويمايدىغاندەك قىلىدۇ. خالمۇرات!
نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى
كۆرۈشنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قىلچە
لىك ھۆرمەت قىلمايدۇ. ھەتتا شۇنداق بىر قىسىم
ئاتا-ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار ئۆز قىزلىرىنى پەقەت
مال-دۇنيالا بەختلىك قىلالايدۇ دەپ قاراپ، ماڭا

ئوخشاش قانچىلىغان قىزلارنىڭ ھەقىقىي پاك مۇھەببىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان تويىنى تۇرمۇشتىكى سەۋدا بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

شۆھرەتپەرەسلىك ۋە دۇنياخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانغا ھەرگىزمۇ بەخت ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئۇ ئىنساننى ئەڭ بەختسىز بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئاخىرىدا شۇ كىشىنى تۈگىمەس نادامەتكىنە قويىدۇ.

قىممەتلىكىم خالمۇرات! مەن تا مۇشۇ كۈنگىچە تەرىنشچانلىق كۆرسەتتىم. ماڭا ھېسداشلىق قىلىغۇچى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر مەن ئۈچۈن كۆپ پۇل ماڭغان بولسىمۇ ھېلىقى پۇلدار مەخلۇق پۇلىغا تايىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇردى.

ئاھ خۇدا! مېنى نېمانچىمۇ بىتەلەي يارىتىپ قويغان بولغىيدىڭ! - ئەمدى مەن زادى قانداق قىلاي؟ شۇ تاپتا سىزدىن:

— بىز قاچان بەختلىك بولىمىز؟... قاچان شادخورام ياشايمىز؟... دەپ سورىغىم كېلىدۇ، بىراق بۇ ئەسلى شېرىن خىيال ئىكەن. لېكىن خالمۇرات: رەھمەتلىك مومامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىمچە بۇ ئالەمدە مۇرادىغا يېتەلمىگەن بارلىق ئاشىق - مەشۇقلار باقى ئالەمدە شادلىق ئىچىدە كۆرۈشىدىكەن، مۇرادىغا يېتىدىكەن. مەن شۇ ئارزۇ بىلەن ئۇ ئالەمگە كەتتىم، مەن سىزنى ئۇ ئالەمدە كۈتەي...

مەن ئۆلگەندىن كېيىن پات - پات قەبرەمگە



گۈل دەستىلىرى تىزىپ قويۇڭ. ئەمما قەبرىگە ھېچ ئامچىمۇ ياش ئاققۇزماڭ، سىزگە نىجاتلىق تىلەۋاتقان، سىزگە كۈلەر، تۈنلەر ھەمراھ بولۇۋاتقان روھىم قورۇنمىسۇن... پەقەت پات - پات قەبرەمگە كېلىپ: «مېنى كۈتكىن سۆيگۈنۈم، مەن ھېلىھەم سېنىڭكى!...» دەپ ئاستا پىچىرلاڭ. ئەمما ئۇنىڭسىز باشقىلارغا ئاڭلانمىسۇن. سىزنىڭ بۇ ئاۋازىڭىز ئۆزىنى مال - دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئاتا - ئانىلارنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈۋەتمىسۇن. ئەلۋىدا قەدىرلىكىم، ئەلۋىدا...

روھىم سىزنى خىيالەن سۆيۈپ قالىدۇ.

پەرىدە.

مەن خەتنى كۆز ياشلىرىم بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم، ئاخىرىدىكى «پەرىدە» دېگەن ئىسىمگە كۆزۈمنى سۈرتتىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېچىنىشلىق پەرياد چېكەتتى، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، مەن تۇرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىرىنى بۇزۇپ چىقىپ پەرىدەنى قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلدىم، رىشاتكىغا بىرنەچچىنى مۇشتلىدىم، قولۇمنىڭ تېرىسى تىتىلىپ قىپقىزىل قان سىرغىپ چىقىشقا باشلىدى، يۈرىكىم ئۆز ئاغرىقى بىلەن بەزنەت بولغاچقا بۇنى سەزمەيتتى.

— ئاھ... پەرىدە...! پەرىدە مەن تۇۋلىدىم، ئەتراپىمدىكى مەھبۇسلار: «ساراڭ بولدۇڭمۇ؟...» دېگەنىدەك ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى. قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن پەرىدەنىڭ ئاتا - ئانىسى

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

غا نىسبەتەن كۈچلۈك غەزەپ ۋە نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

مېنىڭ بۇ ئازابلىق يۈرىكىمگە ھېچكىم تەسەللى بەرمىدى. مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ پەردىگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدىم.

سالام قەدىرلىك پەردە!

مەن سىزنىڭ ھەسرەتلىك ياش بىلەن تولغان خېتىڭىزنى كۆزلىرىم ياشلانغان ھالدا ئوقۇپ تۈگەتتىم.

پەردە، سىزنى شۇ كۈنلەرگە قويغان مەن بولماي كىم...؟ مۇھەببەت ئادەمنى ھەر كويغا سالالايدىكەن. بەختلىكمۇ قىلىدىكەن، يەنە جىنايەتكىمۇ ئىتتىرىۋېتەلەيدىكەن. پەردە، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ھېلىھەممۇ كۈندىن - كۈنگە ھەسسىلەپ ئاشماقتا. مۇشۇ تاپتا قانىتىم بولغان بولسا ئىدى كاشكى، يېنىڭىزغا ئۇچۇپ بېرىپ سىزنىڭ دەردىڭىزنى تەڭ تارتىشقان، ھەسرەتلىك ياشلىرىڭىزنى سۈرتكەن بولار ئىدىم. سىزنى بىرسىگە ياتلىق قىلماقچى بولۇشۇپتۇ تېخى ... پەردە، بىز بۇ خورلۇققا قانداقمۇ چىدارمىز - ھە؟... ياق... ياق پەردە، بىز جاسارەتكە كېلىپ جىسمىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ غايەت زور كۈچى بىلەن مۇشكۈللەرنى بىرلىكتە يېڭەيلى، كەلگۈسى ھامان گۈزەل، ئانداق ئىكەن پاك مۇھەببەت ئاخىر غەلىبە قىلىدۇ، بىز شۇ چاغدا بەختكە ئېرىشىمىز.

سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز مېنى بەختلىك قىلدۇرغانغا




ئوخشاش، مېنىڭ مۇھەببىتىممۇ سىزنى بەختلىك قىلدۇرىدىغۇ دەپ ئويلايمەن. چۈنكى چىنلىق ھامان چىنلىق، ھازىرچە شۆھرەتپەرەسلىك، ساختىپەزلىك، ئالىيجانابلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا چىنلىق، گۈزەللىك ۋاپادارلىق شۇ رەھىمسىز دۇنياخورلارنىڭ چىركىن قاراشلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بىز ئۈمىد بىلەن ياشايلى. مەن سىزگە شۇ سۆزۈمنى يەنە تەكرارلايمەنكى «ئىنساننىڭ قىممىتى بەخت ۋە ئەركىن - ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا».

سىزگە غەيرەت ۋە تاقەت تىلەپ:

- سىزنى مەڭگۈ قىزغىن سۆيگۈچى سىزنىڭ خالمۇراتىڭىز.

مەن خەتنى يېزىپ بولۇپ ئۇنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ پەردىگە ئېلىپ بېرىشنى رۇستەمگە ھاۋالە قىلدىم. ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدىمۇ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، بۇ خەتنى قارشىلىقسىزلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەتتا پەردىنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويماقچى بولدى، مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇيالمايمەن. رۇستەمنى كۈتۈشكە باشلىدىم، رۇستەم ئالاھازەل ئىككى سائەتتىن كېيىن خامۇش قايتىپ كەلدى.

— قانداق پەرىدە بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىز؟ — دەپ
سورىدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ. ئۇ ئۇمىدسىز قارا
كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ھەسرەت بىلەن بېشىنى چاي-
قىدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن:
— پەرىدە بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدىي خوشلىشىپتۇ...
—ھە، نېمە دەۋاتىسەن؟ سارالڭ بولدۇڭمۇ؟...
— ئۇ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىۋاپتۇ، غەيرەتلىك
بول، قانداق قىلىمىز، مەن ئۇنىڭ ھامماڭچىسىدىن بۇ
شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان مېڭەمدىن تۈتۈن چى-
قىپ كەتتى. يۈرىكىمدىكىنى ئېيتسام ياشاشنىڭ ئۆزى
بىر پاجىئە ئىكەن... — دېدى ئۇ. مېڭەم نورمال
ھالىتىنى يوقاتقان ئىدى، مەن خۇددى يوقىتىپ،
گويا پەرىدەنىڭ قەبرىسىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ناله-
پەريات قىلىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ تۈرمىنى بىر ئالغان
ئېچىنىشلىق نىداسىنى، قۇلاق تۈۋىمدە پەرىدەنىڭ:
«بىز قاچان بەختلىك بولىمىز؟...» دېگەن غەزەپلىك
سادىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.





ئاپتور ھەققىدە:
ئامانگۈل مامۇت 1966 - يىلى ئاقسۇ شەھرىدە
ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى تولۇق
ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاقسۇ شەھەرلىك سودا-
سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىشلىمەكتە.
ئامانگۈل مامۇتنىڭ ئىجادىيىتى 1984 - يىلى
«ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ياشلىقىمدا» ناملىق
تۇنجى شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان،
ئۇ بىر قىسىم شېئىرلارنى يېزىش بىلەن بىرگە ئاسا-
سلىقى «كېچىككەن سۆيگۈ»، «قەبرە ئالدىدا»، «پۇشايمان
ۋە ئازاب»، «قارلىغاچلار نېمە دەيدۇ» قاتارلىق نەس-
رى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.
بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىك خا-
راكتېرگە ئىگە ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

本集子选入三位女作者的短篇小说16篇。这些作品反映当代妇女的高贵品质和对人生，生活热爱以及她们对生活，爱情，人际关系和科学知识等方面的新观念。

人间有过如此情书　（维吾尔文）

作者：海力巴，阿米娜，阿曼姑
责任编辑：穆汗麦提江·阿布利孜
责任校对：白合提亚尔·阿布都里哈米提

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　12.25印张
1988年7月第1版　1989年3月第1次印刷
印数：1—3700

ISBN7—5373—0108—5/I·30　（民文）
定价：1.00元